تارىخىي مىراس

# «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان

(1)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تارىخىي مىراس —

# «قۇتادغۇبىلىك»
# مۇقەددىمە بايان

(1)

(ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: زارىپ دولات
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئېيسا شاكىر



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11- ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ھائىسرى ۋە جامائەت ئەربابى
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسلى مەقبەرىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى (1961- يىل)



ئەسلى مەقبەرىنىڭ يان كۆرۈنۈشى (1961 - يىل)

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىي بېيىت شەكلى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ ئەسەر ھەققىدە بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى، ئىلمىي لېكسىيەلەر ئوقۇدى، تەتقىقات يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ توپلامغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆتكۈزگەن «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان لېكسىيەلەر ۋە باشقا بىر قىسىم ماقالىلار كىرگۈزۈلدى.

كىتابنىڭ تەييارلىنىش ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى ۋە تەھرىرلىك تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى كۈتىمىز.

[illegible]

[illegible] [illegible] 11 – [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە


تارىخىي مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا
مۇھاكىمە ۋە بايان .......... ئەھمەد زىيائىي 1
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا...
..........ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 70
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىدىيۋىلىكى ۋە بەدىئىلىكى
ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ........ ئابلەت ئۆمەر 91
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى
ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى...ئابدۇكېرىم راخمان 118
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق
مەسىلىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە...ئامانۇللا 136
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز
قارىشى توغرىسىدا .......... مۇھەممەت زۇنۇن 172
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ بەدىئىي مېتودى
توغرىسىدا .......... شېرىپىدىن ئۆمەر 191
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مائارىپ ئىدىيىسى توغـ
رىسىدا .......... تۇرسۇن قۇربان 212
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە تۆتىنچى شەخس —
ئۇدغۇرمىش ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر ........
.......... ئابلىمىت روزى 238

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى قەسىدىلەر توغرىسىدا ........
ماھمۇت زەيىدى ........................ 270
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار
ھەققىدە ............. مۇھەممەت ئوسمان 284
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق قارىشى توغرىسىدا
دەسلەپكى ئىزلىنىش ......................
............ غوپۇر ئىسمايىل، لى جىيەنشىڭ 297
قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ «قۇتادغۇ-
بىلىك» تىكى ئىزلىرى ...... فەيرەتجان ئوسمان 325
يۇسۇپ خاس ھاجىپ — ھەربىي تەدبىرلەر
توغرىسىدا ............ تۇرغۇن ئالماس 355

# تارىخىي مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك»
# توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان

## ئەھمەد زىيائى

مەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۈچ يىللىق ئىشلەش داۋامىدا ھاسىل قىلغانلىرىمنى «بۇ ئەسەرنى تونۇشقا ياردەم بولسۇن» دېگەن مەقسەتتە بۇ ماقالىنى يازدىم. بۇنىڭغا يەنىلا شۇ ئەسەردىكى مۇنۇ بېيىتلەر تۈرتكە بولدى:

211 كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

## تۈيغۇ تەسراتى

ھازىر ئالدىمىزدا ماددىي ماتېرىياللاردىن ئەمەس، مەنىۋى ئىلھامنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ماتېرىياللىرىدىن

قۇرۇلغان بۈيۈك ئىلمىي ئابىدە ئۆتمۈشتىكى قابىلىيەت،
بەدىئىي سەنئەت ۋە ئىلمىي ئىقتىدارىمىزنىڭ نىچۇكلۈكىگە
گۇۋاھلىق بەرگەن ھالدا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇر-
ماقتا. ئۇ بولسىمۇ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياسىغان
ئىلمىي ئابىدە — «قۇتادغۇ بىلىك» تۇر.

زامانلار ئۆتتى: نى - نى سۇلالىلەر يوقىلىپ،
نى - نى شاھلار ئۇنتۇلۇپ، نى - نى تاغلار ئۆرۈلۈپ،
نى - نى شەھەرلەر بۇزۇلۇپ، نى - نى كۆللەر قۇرۇپ،
نى - نى قوشۇنلار قىرىلىپ، نى - نى قەسىرلەر يىمى-
رىلىپ يوقىلىپ كېتىشتى. لېكىن، بۇ بۈيۈك ئەدىبىنىڭ
ياخشى نىيەت، ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن بىنا قىلغان
ئىلمىي ئابىدىسى، قۇرۇلۇشىنىڭ نازاكىتى، قۇرغۇچىسىنىڭ
ماھارىتى، ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتى، ئۆزىنىڭ ئىلمىي
شان - شەۋكىتى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ
تارتىپ تۇرماقتا. يۈسۈپ قۇرغان بۇ مەڭگۈلۈكنىڭ بۇ
قەدەر مەڭگۈلۈشۈپ ھەممىگە مەقبۇل بولۇشىنىڭ سەۋەب-
لىرىدىن بىرى — بۇ ئابىدىنىڭ ئۇنىڭ كىتابىدا يازغان
تۆۋەندىكى بېيىتلىرى مەزمۇنىغا سادىق بولغانلىقىدىدۇر.

6502 تىلەكىم ئەمەس شان - شۆھرەت، ياخشى ئات،
كىشى نەپئى كۈتتۈم، ئۆز ئۇلىسۇن يا يات.

6503 ئوقۇغچى ئوقۇسا، مېنى ياد ئېتەر،
ئۈمىدىم: ماڭا ھەم دۇئاسىن بېرەر.

6504 تىلەكىم بۇ ئەردى، ئۈمىدىم شۇلا.
ئوقۇغان ماڭا بىر دۇئادا بولا.

6505 تىلىم سۆزلەپ بۇ سۆزنى يازدى قولۇم.
بۇ تىل ۋە قولۇمغا ھەم باردۇر ئۆلۈم.

6507 ئۇنتۇما بۇنى سەن ئوقۇپ تىرىكلەر،
قويۇپ دۇنيانى مەن يېپىنغاندا يەر.

ئۇ دەۋر خانلىرىدىن ئىلتىپات كۈتمىگەن، شانۇ - شۆھرەتكە قىزىقمىغان، زىيانغا ئۇچراشتىن قورقمىغان، شاھلاردىن تەپتارتمىغان، بايلىققا قىزىقمىغان، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ياخشى ئۆتۈشىنى كۆزلەپ سۆزلىگەن ۋە شۇ ياخشى نىيەت بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشنى كۆزلىگەن ھەمدە شۇ مەقسەتتە تەپەككۇر چىمەنلىكىدىن ئەدەب - ئەخلاق گۈللىرىنى ئۈزگەن، بۈيۈك ئەدەبىي ماھارەت بىلەن گۈلدەستىلەر تۈزگەن، ئىلھام دېڭىزىنىڭ قايناملىرىدا چۆمۈپ يۈرۈپ ئىجتىمائىي ھاياتقا پايدىلىق ھىدايەت ئۈنچىلىرىنى سۈزۈپ چىققان. بۇ ئۈنچىلەرنى نەزمە يىپىغا تىزىپ چىقىپ، باھاسىز گۈزەل زۇننار ياساپ، زامانە قىزىنىڭ بويىنىغا تاقىغان. بۇ گۈلدەستە ۋە زۇننارلار دۇنياۋى مىقياستا شۆھرەت قازانغان، جاھان ئالىملىرى تەرىپىدىن چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قارالغان.

1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، بۇ گۈل قەشقەردە تېرىلىپ ئېچىلغىلى؛ بۇ بىباھا گۆھەرلەر قەشقەر-

دە نەزمە يىپىغا تىزىلغىلى... جاھالەت تۇمانلىرى ئۇنى
بىزگە كۆرسەتمەپتۇ، ئۆتمۈش زاماننىڭ زۇلمەتلىك دەۋر-
لىرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىزگە يەتكۈزمەپتۇ. بۇ قىممەتلىك
مىراستىن مەھرۇم قاپتىمىز، ئەنئەنىۋى يادىكارلىقى يوق-
تىكىدەك ئۆزىمىزنى مەدەنىي مىراس ساھەسىدە يوق-
سۇللۇققا گىرىپتار قىپتىمىز. بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈ-
مەن رەڭلىك گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان گۈللىكىنىڭ
تاماشەسى بىزگە مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۇنىڭ يۈرەكلەرنى
ئۆزىگە ئاشىق قىلىدىغان جەزىبىدار خۇش ئاھاڭ ئەدەبىي
ناۋاسى بىزگە ئاڭلانماپتۇ. يوقسۇللۇق ھېس قىپتىمىز،
شۇنچە زور بايلىقىمىز تۇرۇپ؛ مۇشۇنداق تاتلىق بۇلى-
قىمىز تۇرۇقلۇق، كېتىپتۇ لەۋلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن قۇ-
رۇپ؛ بىلمەپتىمىز، باشقا ئەللەر ئۇنى ئاختۇرۇپ تونۇپ
تاپقاندا، جاھان ئالىملىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىق مەش-
ئەللىرىنى ياققاندا.

ۋەتىنىمىزدە باشلانغاندىلا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»
باھارى، ياشناشقا باشلىغاندا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارى؛
بۇ يادىكار مىراسىمىز تەگدى ئەمدى بىزگە كېلىپ، ئىم-
كان تاپتۇق كۆرۈشكە ئۇنى قولىمىزغا ئېلىپ. پىكىر
بۇلبۇللىرى باشلىدى بۇ گۈللۈككە قونۇشقا، ئىنتىلىشمەكتە
جاۋاھىرشۇناسلار بۇ خەزىنىدىكى جاۋاھىراتلارنى تو-
نۇشقا. باشلانماقتا بىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق
زامانى، يوقالغىچىقا جاھالەتنىڭ دەھشەتلىك تۇمانى.
ئۈمىدكە يۈسۈپنىڭ بۇ گۈللۈكى مەڭگۈ قالغاي خۇش
ھىدلىرىنى چېچىپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى يورىتىشتا
پارلاق يوللارنى ئېچىپ...

سىز دۇرۇپ قان، كۆيدۇرۇپ جان، تىرىشىپ ئەجدادىمىز،
قىلدى «قۇتادغۇ بىلىك» تەك خەزىنىنى مىراسىمىز.

قانچە ماختانساقمۇ ئاز، لېكىن ئۇنتۇمايلى شۇنى،
نېمە مىراسلارنى كۈتەر، بىزدىن يەنە ئەۋلادىمىز...

## ئەسەر مۇئەللىپى، ئىسمى، تۇغۇلغان يېرى، يېشى، ۋاپاتى

بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى — ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن پەيلاسوپ پازىل ئالىمى، پەن - مەدەنىيەت خىزمەتچىسى، قاراخانىلار دۆلەت ئاپپاراتى ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن، ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي ۋە ئىلمىي ئەربابى، ئەدىب، شائىر بىر زات ئىدى.

بۇ زات پۈتۈن ھاياتىنى خەلق پايدىسىغا بېغىشلىغان. بى غەرەز ئەسەر ئىجاد قىلغان بىر كىشى بولۇپ، بۇنداق ئالىي غايىلىك مۇئەللىپ جاھاندا ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ شۇنچە زور ئەسەرنى ھېسابسىز رەنج - مۇشەققەت چېكىپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نەسىل - زاتى، تۇغۇلغان ۋە تۇرغان يېرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغان، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە پەندى - نەسىھەت بېرىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ كېتىپ بېرىپ، گويا ئىختىيارسىز يېزىپ تاشلىغاندەك:

6627 يۇسۇپ، سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك، قارا.

دەپ ئىسمىنى بىر قېتىم ئېيتىپ سالمىغان بولسا، بەلكى بۇ ئەسەر مۇئەللىپى نامىنىڭ يۇسۇپلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمىگەن بولاتتى. پۈتۈن ئەسەر ئىچىدە مۇئەللىپ ئۆزى ھەققىدە مۇشۇ بىر «يۇسۇپ» تىن باشقا ھېچقانداق خەۋەر بەرمىگەن.

بۇ ھەقتىكى بىر ئاز كەڭرەك بىلىمنى پەقەت كېيىن يېزىلغان نەسرىي، نەزمىي مۇقەددىمىلەردىن بىلىپ ئالالايمىز.

نەزمىي مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

54 كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

55 بۇ تۈرلۈك پەزىلەت، ئەقىل - ئاڭ بىلە،
ئۇ ئەرمىش بېزەنگەن، يۈرەرمىش كۆلە.

56 ئۇ توغرا، باھۇرمەت بىر زاھىت ئېرۈر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۈرۈر.

57 تۈرۈقلۇق ماكانى «قۇز ئوردۇ»① ئېلى،
تۈپ ئەسلى نەسەبتىن خەۋەرچى تىلى.

58 ئۇ توغقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزمىگە قوشۇپ تۈگىتىپ.

① قۇز ئوردۇ — بالا ساغۇن شەھرىنىڭ بىرخىل ئاتىلىشى.

پۈتۈن ھەممەسىگە بېكىتكەچ نىزام، 59
ئۇنى قەشقەر ئىچىندە قىلغان تامام.

ھوزۇرىدا خاننىڭ ئۇقۇغان مۇنى، 60
ئۇ تاۋغاچ قارا بۇغرا خانلار خېنى —

قەدىرلەپ ئۇنى كۆپ بېرىپ خىلئىتى①، 61
قەلەم ھەققى دەپ كۆپ قىلىپ ھۆرمىتى.

ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئېتىن، 62
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن.

بۇ مەنە ئۈچۈن، كۆر، قەدىرلەر ئۇنى، 63
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتارلەر كۈنى.

نەزمىي مۇقەددىمىدىن خېلى كېيىن يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«... بۇ كىتابنى تەسنىف قىلغىلى بالاساغۇن مەۋلۇدلۇغ (بالاساغۇندا تۇغۇلغان) پەرھىز ئىزىسى (تەقۋادار) ئەر تۇرۇر. ئەمما بۇ كىتابنى كاشغار ئېلىندە تۈگەل قىلىپ (تۈگىتىپ)، مەشرىق (شەرق) مەلىكى (شاھى) تاۋغاچ بۇغراخان ئۇسكىگە (ھوزۇرىغا) كىگۇرمىش تۇرۇر. مەلىك بۇغراخانما ئانى ئاغىرلاپ ئۇلۇغلاپ ئۆز خاس ھا-

① خىلئەت — (ئەرەبچە) بۇ يەردە «مۇكاپات» مەنىسىدە كەلگەن.

جىبلىگىنى ئاڭا بېرۇ يادلىقامىش تۇرۇر. ئالىك ئۈچۈن يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىب تىپ ئاتى جاۋى ئاجۇندا يايىلمىش تۇرۇر...»①

مۇقەددىمىلەردە يېزىلغان مۇشۇ سۆزلەردىن باشقا مۇئەللىپ ھەققىدە دۇنيادا تېخىچە بىرەر ئىز مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئاتىسى كىملىكى ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس. مۇقەددىمىدىكى «... بالاساغۇن مەۋلۇدلۇغ...» دېگەن جۈملىدىن ئۇنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى، «...كاشغەر ئېلىندە تۈگەل قىلىپ...» دېگەن جۈملىدىن قەشقەردە يېزىپ تاماملىغانلىقىنى بىلەلەيمىز (بالاساغۇن ھازىر خارابىگە ئايلانغان، ئورنى نامەلۇم. تەخمىن قىلىنىشىچە چۇ دەرياسى بويىدا، ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىدا ئىدى، قوز ئوردۇ دەپمۇ ئاتىلاتتى).

مۇئەللىپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى:

بۇ خۇسۇستا ئەسەر ياكى مۇقەددىمە بىزگە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ئەمما شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن بۇ توغرىدا بەزى مۇلاھىزىلەرنى خۇلاسىلەرنى چىقىرالايمىز:

6495 يىل ئاتمىش ئىكى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
تۈگەتتىم سۆزۈمنى پۈتۈپ ئۇلگۈلە.

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462- يىلى (مىلادى 1069— 1070) يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

---

① «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 4-، 6- بەتلەردە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىگە قارالسۇن.

يۇسۇپنىڭ بۇ زور ئەسەرگە سەرپ قىلغان ۋاقتى 18 ئاي، يەنى بىر يېرىم يىل بولۇپ، ئۇنى بۇ بېيىتلەردىن بىلىمىز:

6624 تولۇق ئۇنسەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تىزە.

ئەمدى شائىرنىڭ:

365 تەككۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ① قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىم.

دېگەن بېيىتىگە قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقىتتا شائىرنىڭ 50 ياش ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. مۇشۇنداق سېلىشتۇرما قىلغاندا، شائىرنى ھىجرىيە 412- يىللىرى (مىلادى 1019 تۇغۇلغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ھېچقانداق يەردە ئىز يوق. ئەمما ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچە قەسىدە بىزگە يۇسۇپنىڭ خېلى ياشانغان بىر ھايات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، 50 ياش كىشى قېرىلىقتىن بۇنچە زارلىنىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەمما بۇ قەسىدە ياشلىققا قاتتىق ئېچىنىشلىق ھەسرەتلەر بىلەن تولغان:

6521 ئۆتۈپچى بولۇپتەك، يىگىتلىكنى ئىدتىم②،
بوران - يەل ئۆتەردەك ھاياتنى تۈگەتتىم.

---

① قوغۇ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاققۇ.
② ئىدتىم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

6522 ئىست ھەي يىگىتلىك، ئىست ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سېنى تېز قاچىتتىم①.

6523 يەنە كەلگىن ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن،
تۇتاي ئالقىنىمدا، ئاغى - چۇز تۆشەتتىم.

6524 ئىست، بۇ يىگىتلىك قېنى، نەگە كەتتى؟
تىلەپ تاپمىدىم مەن، شۇنچە تىلەيتتىم.

6525 ھايات تاتلىقى ئۇ شىرىن جان سۆيۈنچى،
يىگىتلىكتەك ئەزگۈ يوق ئەركەن، ئايتتىم②.

6527 قېرىلىقتا ئەيىب يوق ئىدى توغرا ئۆتسەم،
ئىستكىم، ئۆمۈرنى ئەجەب زايە ئەتتىم.

6528 دەرىغ! ئېچىنۇرمەن ساڭا ئەي يىگىتلىك،
جىمى ئۇزلۇغۇمنى يوقاتتىڭ، يوقاتتىم.

6529 قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۇگۈن ئاڭا زەپەر ئۇرۇغىن سۇرۇۋتتىم.

6530 ئېپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۇركۇدۇم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

---

① قاچىتتىم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قاچۇرۇۋەتتىم.

② ئايتتىم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) سورىدىم، سوراشتۇردۇم.

6531 يورۇق يازدەك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولمىدىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532 قىينىدەك بويۇم ئەردى، ئۇقتەك دۇرۇس - تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئىگىشتىم.

مۇشۇلارغا قاراپ، ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ھايات مەنزىللىرىنىڭ 70 — 80 لىرىنى باسقان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ نامى، تۈرى، ۋەزنى، تىلى، ھەجمى

ئەسەرنىڭ نامى:
ئەسەرنىڭ نامى ئەسەر ئىجادچىسىنىڭ يازغان،

350 كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

دېگەن بېيىتى بويىچە «قۇتادغۇ بىلىك» تۇر. «قۇت» سۆزى ئۇيغۇرلاردا «بەخت»، «سائادەت»، «مۇبارەك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام ئىككى ئىسىم ۋە بىر پېئىلدىن قۇرۇلغان. «قۇت»—ئىسىم، «ئاتقۇ»—پېئىل»، «بىلىك»—ئىسىم، «قۇت ئاتقۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) دېمەكتۇر. بۇ نامغا ھەر بىر تەتقىقاتچىنىڭ بەرگەن بىر تۈرلۈك مەنىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: بارتولد «شاھلار بىلىمى»؛ تۈرك ئالىمى كافەسئوغلى «ھاكىمىيەت بىلىمى »؛ سەدرى مەقسۇدى «قانۇن قول-

لانمىسى»؛ رىشىت رەھمىتى ئارات «بەخت بەرگۈچى بى-
لىم» دېگەن. بىز مۇشۇنىڭغا قوشۇلىمىز. چۈنكى «قۇتادغۇ
بىلىك» دېگەن سۆز ھازىرقى ئۇيغۇرچە «بەخت بەرگۈچى
بىلىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز ئەينىدۇر.

ئەسەرنىڭ تۈرى:

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ نەز-
مە تۈرى بويىچە يېزىلغان چوڭ نەزمىي ئەسەر بولۇپ،
مەسنەۋى (ئىككىلىك) ئۇسلۇبى بىلەن تۈزۈلگەن. مەسنە-
ۋىلىك ئۇسلۇبىدىن تاشقىرى 250 دىن ئارتۇق رۇبائىيلىرى بار.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋەزنى:

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋەزنى توغرىسىدا ئىلىم ئەھ-
لىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر «ئارۇز ۋەزنىدە
يېزىلغان» دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر «تۈرك بارماق ۋەزنىنىڭ
11 لىك تۈرى بىلەن يېزىلغان» دەيدۇ. ئارۇز ۋەزنى-
دە يېزىلغان بولسا، ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى مۇتا-
قارىبى مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مەقسۇر (ئايىغى ئېلىپ
تاشلانغان، بىر - بىرىگە يېقىن سەككىزلىك بەھرى — فە-
ئۇلۇن / فەئۇلۇن / فەئۇلۇن / فەئۇل — «ن» ھەرپى ئې-
لىپ تاشلانغانلىقتىن «مەھزۇپ» دېيىلىدۇ) ۋەزنى بىلەن
يېزىلغان بولىدۇ. بۇ ۋەزنىدە سۆزلەر مۇنداق تەقرىز
(كېسىلىش) قىلىنىدۇ:

كىتاب ئا / تى قويدۇم / قۇتادغۇ / بىلىك،

قۇتاتسۇ / ئوقۇچى / غاتۇتسۇ / ئىلىك.
فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇل.

بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدە شائىر 3805 - بېيىت بىلەن كىتاب ئاخىرىدىكى ياشلىققا ھەسرەت چېكىپ، بېرىلىققا ئىچىنغان دەرتلىك قەسىدىسىنى بەھرى مۇتاقارىپى مۇسەممەنى سالىم (ئاخىرى تولۇق بىر - بىرىگە يېقىن سەككىزلىك بەھرى) بىلەن يازغان. مىسال:

تېكىستى:

يۈرۈكلى / بۆلۈتتەگ / يىگىتلىك / نى ئىدتىم

فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن

ئۇرۇز ۋەزنىگە سېلىنغاندا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر تۈرك نەزمە ئۆلچەم تۈرىنىڭ 11 بارماق ۋەزنىگە سېلىنسا مۇنداق بولىدۇ:

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| ك | تاب | ئا | تى | قوي | دۇم | قۇ | تاد | غۇ | بى | لىك |

بىز شائىرنىڭ بەزى يەرلەردە ئۇرۇزدىكى سۆزنى قىسقارتىش، ئۆزارتىش، سوزۇش قائىدىسىنى قوللانغانلىقىغا قاراپ، بۇ ئەسەر ئۇرۇز ۋەزنى بىلەن يېزىلغان دېگەن ئويدىمىز. مەسىلەن:

تېكىستى:

350 كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇ بىلىك،

قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىك.

2 - مىسراسىنى «قۇتادسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىك» دېسە 11لىك بارماق ۋەزنىگە ئوبدان چۈشەتتى. لېكىن شائىر «قۇتادسۇ... تۇتسۇ...» دەپ، ئىككى «ن» ھەرپىنى تاشلاپ يازغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇز ۋەزنىدىكى

ئاھاڭدارلىقىنىڭ تەكشىلىكىگە رىئايە قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھەجمى:

ھازىر قولىمىزدا بار ۋە تولۇق دەپ ھېسابلانغان تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن بېسىلغان، رېشىت رەھمەتى ئارات توپلىغان مەتىن بويىچە 6645 بېيت، 13290 مىسرا. بۇنى يەنە تولۇق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى 6303 تىن ۋە 6351 دىن، 6858 دىن كېيىن ھەم سەرلەۋھەدىن كېيىن باشلانغان، 6859 دىن ئىلگىرىكى بېيتلەر كەم. قانچىلىك كەم؟ بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس.

بۇ ئەسەر ئۆزى 85 باب بولۇپ، قوشۇمچە قىلىنغان ئۈچ قەسىدە بار. بابلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى تەكشى ئەمەس. ئەسەرنىڭ ئۆزى 6520 بېيت، 13040 مىسرا. ئايىغىدىكى ئۈچ ئىلاۋە قەسىدە: بىرى، «يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» قەسىدىسى بولۇپ، 6521 دىن 6564 كىچە 35 بېيت، 70 مىسرا؛ ئىككىنچىسى، «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» قەسىدىسى بولۇپ، 6565 تىن 6604 كىچە 40 بېيت، 80 مىسرا؛ ئۈچىنچىسى، «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى» قەسىدىسى بولۇپ، 6605 تىن 6645 كىچە 41 بېيت، 82 مىسرا.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى:

بۇ مەسىلە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا تېخىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئالىملار ئارىسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۈرلۈك ئىختىلاپلار مەۋجۇت.

رۇس تەتقىقاتچىسى فادىلوف «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى بەزى ئۇ تىلغا، بەزى بۇ تىلغا يېقىنلاشتۇرغان بولسىمۇ، يەنە ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرالماي، «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا سۆزلىگەندە «قۇتادغۇ بىلىك» تىلى دەپ ئاتاپ، ئەسەرنىڭ ئالتايلاشقان ترانسكرىپسىيىسىنى بەرگەن. تومسۇن «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەپسىلىي ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن فادىلوفنىڭ بۇ ترانسكرىپسىيىسىنى رەت قىلغان①. فادىلوف كېيىن ئۆز خاتاسىنى ئىقرار قىلىپ تومسۇننىڭ پىكرىگە قوشۇلغان②. دېمەك، فادىلوفمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى پالانى تىل دېيەلمىگەن. ئەمدى س. يى. مالوففا كەلسەك، ئۇ بىر يەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر قاتارىغا قوشسا، يەنە بىر يەردە «ئۇيغۇر مۇسۇلمان يادىكارلىقى» دەپ كۆرسەتتى③. دېمەك، فادىلوف ئەڭ ئاخىرىدا ئەسەر تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئىقرار قىلدى. بۇ ئەسەرنى ئۆزبېكچىگە تەۋسىپ قىلغان فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى قەييۇم كەرىموف نەسرىي مۇقەددىمىدىكى: «...چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ

---

① س. يى. مالوف: «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى» 1951 - يىل نەشرى

② ۋ. رادلوف: «قۇتادغۇ بىلىك نەشرىگە بەرگەن ئاخىرقى سۆز».

③ س. يى. مالوف: «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى» 1951 - يىل نەشرى.

كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غا-
يەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەر-
نىڭ ھېكىملىرى ۋە ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا
ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى» ① دې-
گەن جۈملىلەرنى ستاتا كەلتۈرۈپ مۇنداق خۇلاسىگە كې-
لىدۇ: «بۇغراخان تىلىدا دەپ نەزەردە تۇتۇلغان تىل
بۇغراخان قول ئاستىدا بىرلەشكەن ھەممە ئاساسىي قەبى-
لىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
ئەسەر قايسى ئىقلىم ۋە قايسى پادىشاھلىققا يەتسە ئۇلار
تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ ئوقۇلغان. دېمەك، ئەسەر تىلى شۇ
دەۋر تۈرك قەبىلىلىرى تىللىرى ئاساسىنى ئۆزىدە ئەكس
ئەتتۈرگەن، شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك» نى 11 - ئەسىردە
ياشىغان بىرەر خەلقنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادى-
كارلىقى دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش ناتوغرا بول-
دۇ» دەيدۇ.

بىزنىڭچە، بۇ ئەسەرنىي مۇقەددىمىدە «بۇغراخان تى-
لىدا» دېيىلگىنى توغرا. ئەسەر شۇ چاغدا قەشقەردە «بۇغ-
راخان تىلى» دەپ ئاتالغان خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىل-
غان. ئەمما شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، شۇ چاغدا
قەشقەردە بۇغراخان دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان غوللۇق
خەلق — ئۇيغۇر مىللىتى ئىدى. بۇ مىللەت قەشقەردە
ئاساسىي كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىغا
دائىر مەلۇماتلار بەرگەندە: «ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركىي

① «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 4-بەت

خەلقلەرنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى»، «ئۇيغۇر ۋە بە-
زى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلەت-
كەنلىكى»، «ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئۇيغۇر» دېيىشلىرى،
«ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شۇنىڭدەك مەھمۇت قەش-
قەرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ فونېتىكا،
گراماتىكا قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئۇيغۇر» سۆ-
زىنى باشقا ئېلىپ، تۈركىي خەلقلەر دېگەندە «بەزى»
يەنى ئازچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىنى قوللانغانلىقىدىن
«بۇغراخان تىلىدا» دېيىلگەندە، ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئېغىر سالماقنى تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا شۇ ئەسەر يېزىلىپ ھازىرغىچە
1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، قەشقەردە
«قۇتادغۇ بىلىك» تە قوللىنىلغان سۆزلەردىن بىر مۇنچە-
لىرى ئۇيغۇرلار ئاغزىدا يۈرمەكتە. مەسىلەن: قۇت (بەخت).
تۈمەن دەرياسى بويىغا چىقىلسا، ھايۋان بىدىكلە-
رىنىڭ ئالغۇچى ۋە ساتقۇچىنىڭ قولىنى سىلكىپ «قۇت
ئاتسۇنمۇ» دەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك، ئۆز- چە-
رايلىق، ئۆگۈز — دەريا (قەشقەردە مۇز ئېرىپ، ھەر تە-
رەپتىن ئېرىپ چۈشكەن سۇنى ئەگۈز دەيدۇ)؛ پوتاق —
شاخ — دەرەخنىڭ پۇتىقى؛ كېلىن — كېلىن؛ ئاغاچ — ياغاچ؛
يىلىڭ — يىلىڭ — يالڭاچ؛ ئەش — ھەمرا — بالىنىڭ ئانىدىن
تۇغۇلغاندىكى بىللە چۈشكەن ھەمراسى؛ تۇرا — قورغان؛
يىمىش — يېمىش؛ سىمىش — سىمىشكە؛ سۇچۇل — كىيىمنى
سال؛ تون — تون چاپان؛ تول — تول خوتۇن...

تېخى بىز بۇ خۇسۇستا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىدۇق.

ئېسىمىزدە قالغانلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق ئېيتالايمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر تىل قۇرۇمىغا ئىگە ۋە ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يادىكارلىقى ۋە نەمۇنىسى. ئۇنىڭ تىلى باشقا تۈركىي قەبىلىلەر تىلىغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن ۋە ئۇيغۇن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۇيغۇن تەرەپلەر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردا ھازىر قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەر ئۈستىدە بۇندىن كېيىن ئەلۋەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە پاكىتلار ئۆزى سۆزلەيدۇ.

## بۇ ئەسەرنىڭ تۇمانلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قايتا تۇغۇلۇپ چىققان چاغلىرى، ھەر قېتىملىقتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھالار

بۇ ئەسەر يېزىلىپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم دەۋر تۇمانلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ، يەنە قايتا ئىلىم دۇنياسىغا نۇر چېچىپ تۇغۇلۇپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تۇمانلار يوقىلىپ، ھەر بىر قېتىم تۇغۇلۇپ چىققان چاغدا، بۇ ئەسەرگە شۇ دەۋر ئەربابلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن باھالار — بۇ ئەسەرنىڭ قانداق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەنلا قالماي، ئەسەر بىلەن يېڭى تونۇشۇپ، ئۇنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بەزىلەرنىڭ «نېمانچە قىلىشىدۇ» دېگەن ئۆزە قاراشلىرىغا تۈزىتىش بېرىدۇ. چۈنكى پاكىت

ھەممىدىن ئۈستۈن.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىرىنچى قېتىم ئاشكارىلىنىشى

بۇ چاغ، ئەسەرنىڭ تۇنجى قېتىم يېزىلىپ قەشقەر سۇلتانى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخانغا تەقدىم قىلىنغان ۋاقتىدۇر، بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 462 - يىلى بولۇپ، مىلادى 1069 — 1070- يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسەر خان ئالدىدا ئوقۇلغاندىن كېيىن، خان ئۇنى ئېزىزلاپ، قىممەتلەپ، ئەسەر ئىجادچىسىغا «خاس ھاجىپ» لىقتەك زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۇنۋان بەرگەنلىكى بۇ كىتاب قىممىتىنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر.

ئىككىنچى قېتىم ئاشكارىلىنىشى:

بۇ، ئەسەر ئىجاد قىلىنىپ، نامەلۇم سەۋەب بىلەن بىر قانچە ۋاقىت يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئاستىدا قالغاندىن كېيىن قايتا تۇغۇلۇپ چىققان دەۋردۇر. بۇ ھالنى بىزگە پەرغانە نۇسخىسىنىڭ بېشىغا يېزىلغان مەنزۇم ۋە مەنسۇر مۇقەددىمىلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ يېزىلىشى تەئلىق دەۋرىدىن ئانچە بەك ئۇزاق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ تىلى «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىدىن كۆپ پەرقلىق ئەمەس. بۇ مۇقەددىمىلەردىمۇ كىتابقا ماھا مۇنداق قىممەتلىك باھا بېرىلگەن:

و يەنە بۇ كىتابتۇر نامايەت ئېزىز،
ئالىملارغا بولغاي بىلىمدىن دېگىز.

10 بىزەنگەن ئۇ قىممەت بىلىملەر بىلە،
ئەي كىمسە، شۈكرى قىل، قانائەت تىلە.

11 ھېكىملەر سۆزىنى جىمىگە يېزىپ،
گۆھەر - ئۈنچىلەردەك قويۇپتۇ تىزىپ.

12 ماچىنلار بېگى ①، شەرق سۇلتانلىرى،
بىلىملىك، ئاقىل، دۇنيا ياخشىلىرى.

13 جىمىسى كىتابنى ئۆزىنىڭ قىلىپ،
يۇشۇرغان خەزىنە ئىچىگە قويۇپ.

14 بىرىدىن بىرىگە مىراس قالدۇرۇپ،
بۆلەكلەرگە بەرمەس ئۆزىگە قويۇپ.

15 ئىرۇر پايدىلىق، ھېچ زىيان ئۇندا يوق،
تولا تۈركلەر ئۇقماس مەنىسىن تولۇق.

18 ماچىن، چىن ھېكىمى ئۇلار بارچىسى،
گۈزەل دەپ ماختىدى ئۇنى ھەممىسى.

19 پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
مۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.

---

① بەگ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئەلنىڭ بېشى، خان، ھۆكۈمدار.

23 بۇ بۇغرادىن ۋاقتى مۇئەللىپ ئۆلى،
يەنە خان تىلى بىرلە ئېيتمىش بۇنى.

24 مۇلىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟

27 ھەر ئەلنىڭ بىلىملىك ھېكىمى تىزرۇپ،
ئۆتۈپتۇ شۇ ئەل رەسمىچە ئات قويۇپ.

28 بۇ چىنلىق «ئادابۇلمۇلۇك» ئادىتى،
ماچىنلىق «ئەنىسۇل مەمالىك»① دىدى.

29 بۇ شەرق ئەللىرىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى،
«زىينەتۇلئۇمۇرا» دىدىلەر كۆنى②.

30 ئىرانلىقلار «شاھنامە» دەپ ئاتىشار،
تۇرانلىق «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتار.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۈچىنچى قېتىم تارىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىدىن يورۇقلۇققا چىققانلىقىنى ئەسرىي مۇقەددىمىدىن بىلىمىز. چۈنكى، بۇ ئەسرىي مۇقەددى- مىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا قارىغاندا ۋە نەزمىي مۇقەددى-

① ئەنىسۇل مەمالىك — (ئەرەبچە) مەملىكەت سىرداشى.
② كۆنى — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) توغرا، دۇرۇس، ھەق.

ىدە «ئەقىل» ئورنىغا «خىرەد» (پارسچە)، «مەلىك» ئورنىغا «شاھ» دەپ ئىلىنغانلىقى؛ ئەسەرنىڭ نەزمىي مۇ-قەددىمە يېزىلغاندىن كېيىن مەلۇم زامان يوقىلىپ كەت-كەنلىكى، كېيىن ئوتتۇرىغا چىققاندا بۇ نەسرىي مۇقەددى-مىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ مەلۇم جايلىرى يۇقىرىدا بېرىلدى)، بۇ مۇقەددىمىمۇ ئە-سەرگە يۈكسەك باھا بېرىلگەن.

نەزمىي، نەسرىي ئىككى مۇقەددىمە ئارىسىدىكى يې-زىلىش ئۇسلۇبى، سۆز قوللىنىشلىرى ئىككىنچى ۋە ئۈچىن-چى جانلىنىشنىڭ بىر - بىرىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى تەخمىن قىلدۇرىدۇ.

4 - قېتىملىق ئاشكارىلىنىشى:

1914 - يىلى ئۆزبېك ئالىمى فىترەت تەرىپىدىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنىش بىلەن باشلانغان. شۇندىن كې-يىن ئىلىم دۇنياسى بۇ ئەسەرگە ناھايىتى ئېتىبار بېرىش-تى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۇرغۇن ئالىملار بۇ كىتاب تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىشتى ۋە قىلىشماقتا. ئۇلارنىڭ ئۆز-لىرى چۈشەنگەنگە قەدەر باھا بېرىشمەكتە، بۇ كىتابقا قانداق قەدىر - قىممەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەتقىقاتچىنىڭ سۆزى ئىسپاتلايدۇ. 18 يىل «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىپ، بۇ ساھەدە ئالقىشقا سا-زاۋەر ئىلمىي ئىش قىلغان رېشىت رەھمەتى ئارات شۇن-چە ئىشنى ئىشلىگەندىن كېيىن: «قۇتادغۇ بىلىك، تېخى

قول تەگمىگەن بىر ئابىدە ھالىتىدە تۇرماقتا» دەپ جاھانغا ئېلان قىلىدۇ.

ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرپىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نى نەشرگە تەۋسىپ قىلغان قەييۇم كەرىموف «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن چۈشەنچىلىرىنى بەرگەندىن كېيىن: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قىممىتىنى مەۋجۇت مىزانلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى، تۈركىيىلىك ئا. دىل ئاچار: «قۇتادغۇ بىلىك» — پارلاپ تۇرغان كوچىلار بىلەن تولغان بىر شەھەردۇركى، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىدۇ. ھەممە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چىقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق. ھەركىم ئۆزى كۆرگەن كوچىسىنى تەرىپلەۋاتىدۇ» دەيدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىر بار نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشلىرى

ھازىر دۇنيادا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۈچ نۇسخىسى بار:

1. ۋېنا ياكى ھىرات نۇسخىسى
2. پەرغانە ياكى نەمەنگان نۇسخىسى
3. مىسىر ياكى قاھىرە نۇسخىسى

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەر بىرى تېپىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇلار-

نىڭ ئىچىدە دۇنياغا دەسلەپ مەلۇم بولغىنى ھىرات نۇسخىسىدۇر.

1. ۋېنا نۇسخىسى:

بۇ نۇسخا ھىراتتا كۆچۈرۈلگەنلىكتىن ھىرات نۇس-
خىسى، ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقتىن ۋېنا نۇسخىسى
دېيىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن
نۇسخىدىن ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان.
كۆچۈرۈلۈش ۋاقتى «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان تارىختىن
370 يىل كېيىن، بۇ نۇسخا باشتا توكات ۋىلايىتىگە، ئان-
دىن ھىجرىيە 879 - يىلى (مىلادى 1474 - يىل)
ئىستانبۇلغا كىرگەن. ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھامىر
بۇرگىستال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ، ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا
تاپشۇرغان. ۋېنگرىيە ئالىمى ئارمىن ۋامبېرى، رۇس ئا-
لىملىرىدىن رادلوفلار 19 - ئەسىر ئاخىرلىرىدىن تارتىپ
پارچىلاپ تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

2. پەرغانە نۇسخىسى:

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىر مەۋجۇت نۇسخىلىرى-
نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا
مۇشۇ نۇسخىدۇر. بۇ نۇسخىنى 1914 - يىلى زەكى ۋە-
لىدى نەمەنگاندىن تېپىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئاز
ئىشلىگەن، شۇڭا بۇ نۇسخىنى نەمەنگان نۇسخىسى دەپمۇ
ئاتايدۇ.

شۇندىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ
نۇسخا مەلۇم زامان ئىزسىز يوقىلىپ كەتكەن، كېيىن پرو-
فېسسور فىترەتنىڭ قولىغا چۈشكەن، ئۇ «مائارىپ ۋە

ئوقۇتقۇچى» ژورنىلىدا بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇ-
مات بىلەن بۇ نۇسخىنىڭ 145 - بېتىنىڭ فوتو سۈرەتكە
ئېلىنغان فاكسىملىنى بەرگەن. نۇسخا ھەققىدە يېزىلغان
بۇ ماقالىدىن بەتلىرىنىڭ چىچىلىپ قايتا تۇپلەنگەنلىكىنى،
رۇبائىيلارنىڭ ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلگىلى
بولىدۇ. زەكى ۋەلىدى بۇ نۇسخىنى نەمەنگاندا بىر شەخس-
نىڭ كۇتۇپخانىسىدا كۆرۈپ قىلىپ، بۇ توغرىدا مەلۇ-
مات يازغان. باش - ئايىغى تولۇق ئەمەس، كىم ئۈچۈن،
كىم تەرىپىدىن يېزىلغان بەتلەرمۇ يوقاپ كەتكەن؛ يېزىل-
غان ۋاقىت، تارىخىمۇ تەخمىنىي. فىترەت خەتنىڭ چىراي-
لىقلىقىغا قاراپ، ھىرات نۇسخىسىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈل-
گەن دەپ تەخمىن قىلىدۇ. ئەرەب يېزىقى مۇتەخەسسى-
سى مورتىز بۇ شەكىلدىكى ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ 6 — 7 -
ئەسىرلەردە ئىراندا مەۋجۇتلۇقىغا ۋە بۇ شەكىلنىڭ سۈرى-
يە، مىسىردا ئەييۇبىلەر زامانىسىدا (569 — 650،
1174 — 1252) ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ، پەرغانە
نۇسخىسىنىڭ مىسىر نۇسخىسىدىن ئىلگىرى، بەلكى 7 -
ھىجرىيىدە (ياكى ھىجرىيىنىڭ 700 - يىللىرىدا) يې-
زىلغانلىقىنى گۇمانىي پەرەز قىلىدۇ. سەرلەۋھە ۋە رۇبا-
ئىيلارنى ئالتۇن سۈيى بىلەن يازغان بەزى ئوخشاشلىق-
لارغا قاراپ، بۇ نۇسخا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ جانلىق-
گۈللەپ - ياشنىغان دەۋرلىرىدە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن
دەپ تەخمىن قىلماقتا. بىر - ئىككى كەم بېتىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ نۇسخا بەك ياخشى ۋە تولۇق ساق-
لانغان.

3. مىسىر نۇسخىسى:

بۇ نۇسخا 1896 - يىلى قاھىرەدىكى ھىدىۋ (سۇلتانلىق) كۇتۇپخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇدىرى موررىتىز تەرىپىدىن كۇتۇپخانا كىتابلىرىنى رەتلەشتە چۇۋۇق ھالدا تاشلاپ قويۇلغان رەتسىز قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن تېپىپ ئېلىنغان. ئۇ، بۇ ئەسەرنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ رەتلىگەن.

رادلوفنىڭ مەلۇماتىچە، بۇ كىتابنىڭ بەتلىرى 35 - 36 سانتىمېتر، قۇرلىرى 18.5 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا، 10.5 سانتىمېتر كەڭلىكتە بولۇپ، ئوقۇشقا ئاسان ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان. كىتابنىڭ باش بېتى، سەرلەۋھە، رۇبائىيلار ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلىپ نەقىشلەنگەن.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دۆلەتلەر ۋە ئالىملار

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئىجاد قىلىنغان ۋاقتىدىن تارتىپ ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى قەدىرلەپ تەتقىق قىلىپ كەلگەن بىر ئەسەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىش 19 - ئەسىرنىڭ 1 - چارىكىدە كەڭ قانات يېيىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىت - كۈنى ئوخشاش بولمىغان ئەلگىرىكى كېيىنلىك بىلەن دانىيە، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، چار رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆ-

لەتلەردە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئوتتو ئولبېرت؛ ۋېنگىرىيىلىك ئالىم ۋامبېرى؛ رۇسلاردىن س. ئى. مالوف، ۋ. رادلوف، بارتولد، سامايلوۋىچ؛ ئىتالىيىدىن بومباچى؛ تۈركلەردىن رېشىت رەھمەتى ئارات، ئا. دىل ئاچار، سەدرى مەقسۇدى، نەجىپ ئاسىم كوپرۈلى پۇئات زادە؛ ئۆزبېكلەردىن فىترەت، زەكى ۋەلىدى؛ دانىيىدىن تومسېن، بروككېلمان، ھارتمانلار ئوخشاش ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك» ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلەشتى. تۈركىيە تىل قۇرۇمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ ئەسەرنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتى. ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەردە ئايرىم بابلىرى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلار ئۆز كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيخانىلىرىنى بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. يېقىندىن بۇيان ياپونىيىنىڭمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا كىرىشكەنلىك خەۋىرى ئاڭلانماقتا.

## «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان زامان

قانداق بىر ئەسەر بولسۇن، ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن دەسلەپ شۇ ئەسەر يارىتىلغان زامان بىلەن تونۇشۇش كېرەك بولىدۇ. چۈنكى، يازغۇچىنىڭ ئىجادى ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك» نى ۋە ئۇنىڭ مۇئەل-

لىپىنى چۈشىنىشتە، شۇ ئەسەر ئىجاد قىلىنغان زامان
بىلەن بىر قۇر ئاشنا بولۇش لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلار زامانىسىدا يېزىلغان.
قاراخانىلار سۇلالىسى يۇقىرىقى چىندىن خەزەر دېڭىزىغىچە
بولغان كەڭرى زېمىننى ئىشغال قىلغان بىر سەلتەنەت
بولۇپ، 890- يىلدىن 1222- يىلغىچە 332 يىل ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلغان
ۋاقتى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ 180- يىللىرىغا توغرا كې-
لىدۇ. بۇ ۋاقىت قاراخانىلارنىڭ گۈللىنىپ كامالىغا يەت-
كەن (ئىچكى قارىمۇ قارشىلىق بىلەن تولغان بولسىمۇ)
كۈنلىرى بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت، مەدەنىيەت ئوتتۇرا
ئاسىيا بويىچە ياشناپ تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەر ساھەدە
ئالىملار يېتىشىپ چىققان بىر زامان بولغان. ئەپ-
سۇسكى، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ پىكىر ۋە سەنئەت ھاياتى-
نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «قۇتادغۇ بىلىك»،
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن زورراق باشقا ئەسەرلەر
تېپىلمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى زور دىققەت
بىلەن قاراپ چىققان بارتولدمۇ قاراخانىلار دەۋرىدە يې-
زىلغان ئەسەرلەردىن مەجىددىن مۇھەممەت بىن ئادناننىڭ
«تۈركىستان ۋە خىتاي» ناملىق ئەسىرىنى، مۇھەممەت
بىن ئەلىنىڭ «ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى» دې-
گەن ئەسەرلىرىنىلا كۆرسىتەلىگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم-
رانلىق قىلغان بۇ سۇلالىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلغان خان ئابدۇلكېرىم سۇتۇق بۇغرا قاراخان-

دۇر. بۇ كىشى سامانىلار خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادە ناسىرنىڭ ئەسىرى بىلەن 12 ياشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، 25 ياشتا قاراخانىلار تەختىدە ئولتۇرغان. ھىجرىيە 344- يىلى (مىلادى 960- يىل) ۋاپات بولۇپ ئاتۇشتا دەپنە قىلىنغان.

بۇ دەۋرلەردە قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى پايتەختى بولۇپ، بىرى — قەشقەر (ئوردۇ كەنت)، يەنە بىرسى بالاساغۇن (قۇز ئوردۇ) ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى مۇشۇ قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدە ھىجرىيە 462- يىلى (مىلادى 1069 - 1070) خان بولۇپ تۇرغان، قەشقەر تەختىدە ئولتۇرۇقلۇق تاۋغاچ ئولۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئىبىن سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىنغان. «قۇتادغۇ بىلىك» مانا شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھاياتى، دىنىي ئىتىقادلىرى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ بۇلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى كەڭ چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭسىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش قىيىن، بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نى مۇئەللىپ قانداق ھەرپتە يازغان؟

بۇ مەسىلە ھازىرغىچە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ

ئىككىنچىسى (بۇ ھەل بولمىغان مەسىلىلەر؛ 1. ۋەزنى؛ 2. قانداق ھەرپتە يېزىلغانلىقى؛ 3. مۇقەددىمىلەر كىم-نىڭكى ئىكەنلىكى).

«قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان زاماندا قەشقەر ۋە ئۇ-نىڭغا تەۋە جايلاردا ئىسلامىيەت ئاساس سېلىپ، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنسا، بۇ يەرلەردە ئەرەب ھەرپى بىلەن ئۇيغۇر ھەرپىنىڭ بىر قا-تاردا يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس. «قۇتادغۇ بىلىك» تەقدىم قىلىنغان ھۆكۈمدار دەۋرىدە، يەكەندە يېزىلغان ھۆججەت ۋە مەھكىمە خەتلىرىدە ئۇي-غۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىرى بولغاندەك، ئەرەب ھەر-پى بىلەن يېزىلغانلىرىمۇ بار بولغان. گۇۋاھلارنىڭ بەزى-لىرى ئەرەب ھەرپى بىلەن ئىمزا قويسا، بەزىلىرى ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن ئىمزا قويۇشقان. ئەسەرنىڭ مۇئەل-لىپى بولسا، بۇ ھەر ئىككى ھەرپتىن تولۇق خەۋەردار بولغانلىقى چوقۇم. بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى رەسمىي ئىلا-ۋىلەردە قايسى ھەرپنىڭ ئاساسىي ھەرپلىكىنى ئىسپاتلاشتا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتىغان «ئۇيغۇر ھەرپى» شۇ ۋاقىتتا تۈركلەر ئارىسىدا باشقا قول-لىنىپ كەلگەن يېزىقلىرى بىلەن بىللە ئالاھىدە بىر يې-زىق بولۇپ قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان جايلاردىكى ھاكىملار يارلىقلىرى-نىڭ ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇي-

غۇر ھەرپىنىڭ ھاكىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ. ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققانلىقى نامەلۇم. ئۇيغۇر ھەرپى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا، ئىران تەۋەلىرىدىكى دۆلەتلەردە 17 - ئەسىرگىچە، بەزى چاغلاردا ئىستانبۇلدا فاتىھ سۇلتان ۋاقتىغىچە قوللىنىلغان ئەھۋالغا قارىغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ھازىرچە توغرا. يۇقىرىقىلار رىشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ مۇلاھىزىسى.

ئەمدى بىر قانچە ئالىملار بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ. شۇ جۈملىدىن س. يى. مالوف، «مۇئەللىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئەسىرىنى ئەرەب ھەرپى بىلەن يازغان» دەيدۇ.

يەنە قاھىرە ۋە نەمەنگان نۇسخىلىرىدا شۇ زامان يادىكارلىقى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكىگە ئوخشاش فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقى بۇ دەۋردىكى نۇرغۇن باشقا ئەسەرلەرنىڭ ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، شۇ دەۋردىكى ئەرەب يازۇسىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى، ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «ھىرات نۇسخىسى» نىڭمۇ 15- ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ئەرەب نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قارىسا، ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنى كونىراق دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، مۇشۇلارغا قاراپ «مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى ئەرەب يېزىقىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق بىر بېيىت بار:

1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالمۇر①.

بۇ بېيىتتە شائىرنىڭ كۆرسەتكەن سۆز ئويۇنى ئەرەب ھەرپىگىلا خاس. شائىر بەگ ئېتى بىلىك بىلەن بىر، قارىنامەن بىلىكتىن «لام» ھەرپىنى چىقىرىۋەتسە بەگ بولىدۇ. بەگكە «لام» نى قوشسا بىلىك بولىدۇ. دېمەك، بەگ بولۇشقا بىلىم كېرەك، بىلىم بولمىسا بەگ بولالمايدۇ دەيدۇ. ئەرەب ھەرپى بىلەن ئويناشقا بولىدىغان بۇ سۆز ئويۇنىنىڭ شائىر قەلىمى بىلەن ئەسەردە كۆرۈلۈشى «قۇتادغۇ بىلىك» بىرىنچى قېتىم ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بۇ ماقالا ئىگىسى ھەم مۇشۇ پىكىرگە قوشۇلۇش بىلەن ئۇنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق بىر مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەسەرنىڭ ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەرنىڭ ئەنئەنە، ئەدەبىيات، مەدەنىيەتلىرىگە تۇتقان ئاساسىي مەيدانى بىلەن

① «ل» ھەرپى ئەرەبچىدە «لام» دەپ ئوقۇلىدۇ. شائىر بۇ يەردە كونا ئىملا قائىدىسى بويىچە «بىلىك» سۆزىنىڭ «بلك» شەكلىدە، «بەگ» سۆزىنىڭ «بك» شەكلىدە يېزىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بلك» سۆزىدىن «ل» كەتسە، «بك» قالىدۇ. يەنى بەگ ئېتى بىلىم بىلەن باغلىقتۇر، بەگلەر بىلىملىك بولۇشى لازىم، دېمەكچى.

باغلاپ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەھلىل قىلىش زۆرۈر. چۈنكى، ئىسلامىيەت ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسلامىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئەنە ئاۋۋال تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى — ئىدىيىدە ئىسلام بىلەن بىر بولۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەت كەلگەنلا يېرىدە ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى بولغان مائارىپ - مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، شائىر ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق، دىندار مۇسۇلمان بىر خانغا قانداق قىلىپ ئۆز ئەسىرىنى مۇسۇلمان بولمىغان ۋاقىتتىكى ھەرپ بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلالىسۇن!؟ بۇنداق ھەرپ بىلەن يېزىلغان كىتاب قانداق بىر مۇسۇلمان خاننى رازى قىلالايدۇ! شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان غەيرى مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ھەرپ بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلىشى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەگەر «مۇئەللىپ ئەرەب ھەرپىنى بىلمەيتتى» دېيىلسە، بۇ باشقا گەپ ئىدى. ھالبۇكى، ئەسەر ئىنگىسى ھەر ئىككى خىل ھەرپنىڭ ئالىمى ئىدى. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» تۇنجى قېتىم ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان بولۇشى ھەر ھالدا ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن بۇ مەسىلىنى تا «قۇتادغۇ بىلىك» نى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى يازغان نۇسخا تېپىلمىغۇچە ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## مۇئەللىپنىڭ تەرەككۇرى

بۇ ماۋزۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىش ۋە

ئۇنى چۈشىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، يازغۇ-
چىنىڭ تەپەككۇر مەيدانى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، ئۇ-
نىڭ تەپەككۇر مەھسۇلى بولغان ئىجادىيىغا باھا بېرىش
قىيىن.

بىز بۇ ئەسەر ئىجادچىسىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى چۈ-
شىنىشتە يىپ ئۇچىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئىجادىي ئىچىدىن تې-
پىپ ئالالايمىز.

ئەسەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، مۇئەللىپ ھەقىقىي ئىنسان-
پەرۋەر، كىشىلىك بەخت - سائادىتىنى مەقسەت قىلغان
بىر مۇتەپەككۇر، «پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى — ياخ-
شىلىق قىلىش» دەپ بىلگەن؛ «كىشىنى سائادەتلىك قىلىدى-
غان نەرسە — بىلىم» دەپ چۈشەنگەن؛ «يۇرت، ئەل
ئاۋاتلىقى — ئادالەت» دەپ تونۇغان؛ «ئادالەتنىڭ ئا-
ساسى — توغرا قانۇن» دەپ بېكىتكەن؛ «ياخشىغا ياخشى،
يامانغا يامان بولۇش كېرەك» دەپ ھېسابلىغان؛ ئىنسان-
نىڭ كامىللىقى ئۇنىڭ ئالىملىقىدا دەپ مۇقەررەرلەشتۈر-
گەن؛ نادانلىقنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن، پۈتۈن ھۆرمەتنى
ئەقىلگە بېغىشلىغان. كىشىلەرنى ناچار خۇلۇقلاردىن توس-
قان؛ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقى — كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈس-
تىدە چىقارغان خالىس باھا ۋە ھۆكۈملىرى دەپ تونۇ-
غان؛ كىشى ئەبەدىي ھاياتقا ئۆزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى
ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن.
ئۆزىمۇ بۇنى ھېس قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن بۇزۇلماس بىر
ئابىدە — «قۇتادغۇ بىلىك» نى قالدۇرۇشنى تەپەككۇر
قىلالىغان؛ بىۋاپا دۇنياغا ئالدىنىپ بولمايدىغانلىقىنى تو-

ئۇغان؛ شاھلارنى تىل ئەيزىسى بىلەن سانجىيالىغان، ھەممىگە تەڭ شەپقەت قالتىنىڭ يېيىلىشىنى ئىستىگەن؛ كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت يولىنى كۆرسەتكەن، كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدىلىق بولغىنى، دەپ ئىشەنگەن. مۇشۇ ئۇقتىلارنىڭ بارلىقى شائىرنىڭ پىكىر مەھسۇلاتى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ گەلۇەتتە شۇلاردىن ئىبارەتلىكى ئېنىق. مانا ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستا يازغانلىرىنىڭ بەزىلىرى.

ياخشىلىق توغرىسىدا؛

228 كىشى مەڭگۈ بولماس، كى مەڭگۈ ئېتى،
شۇڭا مەڭگۈ قالدى بۇ ياخشى ئېتى.

923 ئى ياخشى ساڭا كىم تويار، ئېيت ماڭا،
يېقىن كەل، مەن ئەمدى ئاچتۇرمەن ساڭا.

925 يامانلىق بىلە كەلسە بەكلىك ماڭا،
كېرەكمەس بۇ بەكلىك، قويارمەن ساڭا.

226 ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئۇلسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلمەك.

227 ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.

922 كىمكى يامانلاپ خارلار ياخشىنى،
ئەي ياخشى، مەن خالاپ ئىستەيمەن سىنى.

924 ھەر قانچە خارلانسا ئۇ ياخشى كىشى،
رىزامەن بولايىن ئۇنىڭ يولدىشى.

بىلىم توغرىسىدا:

260 جاھاندا نىمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دىسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

313 بىلىم پايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۇر.

302 كىشى ئوغلى سۆندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

314 كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

توغرا قانۇن ھەققىدە:

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

ياخشىغا ياخشى، يامانغا يامان بولۇش توغرىسىدا:

4310 سېنى سىز دېسەلەر، ئۇنى سىز دېگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب سۆزلىگىل.

4311 قىيا ياڭقۇسىدىن ① تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دېسەلەر، ئۇنى سەنلىگىل.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپىئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەسال كۆككە يول.

نادانلىق توغرىسىدا:

318 نادانغا يېقىندۇر بىلگەن - ئەتكىنى،
يېتەر شۇ ئىككىنىڭ جىدەل - غەلىينى.

320 ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە ② يارار،
نادانغا ئېيتى بەس، قاغىش ياغدۇرار.

---

① قىيا ياڭقۇسى — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاۋازنىڭ تاغقا ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئەكس سادا.

② ئەش — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) يولداش، ھەمرا.

ئەقىل توغرىسىدا

288 ئەقىلدۇر چىراغتەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

297 ئەقىلدىن بولەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئۇچۇملا لاي.

2455 ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟

تىل توغرىسىدا

167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

169 ئىسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.

170 بىلىپ سۆزلە سۆز، بىلىم سانىلۇر،
بىلىمسىز سۆزى ئۆز بېشىنى يېيۇر.

مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

1535 ئىككى كۆنلۈك ئۆتكۈنچى دۇنيا كۆرۈپ،
مىچۇك كەردى كۆكسىن قىيا تاش بولۇپ.

2119 ئەكەبۇرلۇقلە كۆككە چىقماس كىشى،
كىچىك دىل بولۇشلە بۇزۇلماس ئىشى.

شائىر ھەققىدە:

4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

4395 كۆرۈرسەن، دېڭىزگە كىرۈر كىشىدەك،
گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.

دۇنيانىڭ بىۋاپالىقى توغرىسىدا:

4700 نېمە پايدا ئاخىر ئۆلەر بولسا ئۆز،
ساڭا تەگكۈسىدۇر پەقەت ئىككى بوز.

5176 ئەي ئېلىگ بۇ قەسىر، بۇ ئوردا - ساراي،
ساڭا تەگكەن پەقەت بىر تۇرالغۇلۇق جاي.

5177 سېنىڭدىن بۇرۇنلار چۈشۈپ ئۆتتىلەر،
تۇرالماي مەنزىلدە كۆچۈپ كەتتىلەر.

5183 بۇنى ئېيتادۇرسەن مېنىڭ دەپ مېنىڭ،
نېچۈن دەيسەن ئۇنداق، نىچۇك ئۇ سېنىڭ؟
(5184) سېنىڭدىن كېيىنكىلەر دەر ساڭا: «چىق!»،
كىرمەكنى كۈتۈپ دەر: «مېنىڭدۇر مېنىڭ»
(رۇبائىي)

شاھلارنى تىل نەيزىلىرى بىلەن سانجىشلىرى،
شاھقا خىتابى:

3745 ساڭا بەردى دۇنيا، دەرىغ ئۆلمەسكە
سىخى ئۇ ئىكەم ساڭا بەرمەسمەدى؟

3748 ساڭا يا سىنىڭ ئىشىكىڭگە بىرىپ،
ئىمەنى تىلەرمەن هاياتنى بىرىپ؟

3749 خۇدانىڭ قۇلى بىز هەر ئىككىلىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋەدە بىز.

3750 قۇل قىلسا قۇلغا قۇللۇق ياراقسىز بولۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قەدىرسىز بولۇر.

كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا:

3930 بۇيان كەل، نەپئى بەر كىشىگە، يارا،
نەپئىسىز ئۆلۈك ئول تىرىكلەر ئارا.

3931 ئۆز نەپئىن دىگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ؟
ئەل نەپئىن دىسە كىم چىن كىشىدۇر ئۇ.

2573 گەر ئازغان پايدىلىق، ئۇنىڭ مەن قۇلى،
ئەگەر گۆل زىيانلىق، كىسەرمەن غولى.

2575 قىرىنداش كۆيۈمسىز بى نەپ ئولسا، قوي،
ئاداش تۇت نەپئىلىكنى، نەپى ئىلە توي.

2574 كۆيۈمسىز، نەپىسىز ئوغۇلدىن كۆرە،
كۆيۈمچان، نەپىلىك خىزمەتچى ئۆرە.

4509 ئوغۇلنى بىكار - بوش يۈرمەسەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

ۋاپا توغرىسىدا:

2197 ئەسىل زات كىشىنىڭ خۇيى - پەيلى سىلىق،
ۋاپا بىرلە خەلققە ئاچار ئۇ ئىلىك.
(2198) ئېرىغسىز قىلىقى ۋاپاسىز، جاپا،
بېرىپ باقسىمۇ ئۇڭا شېكەر ھەم يىلىك.
(رۇبائىي)

## «قۇتادغۇ بىلىك» قانداق ئەسەر؟

ئەگەر «قۇتادغۇ بىلىك» نى تۈرى ياغىدىن، نەزمى شەكىل ياغىدىن، مەسنەۋى (ئىككىلىك) مەزمۇن ياغىدىن نوقۇل دىداكتىك داستان دەپلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولسا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن مەسىلە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى «قۇتادغۇ بىلىك» — ياكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى بولغان تارىخ، ياكى ئورۇن ۋە تاغ - شەھەرلەرنى سۆزلەيدىغان جۇغراپىيە ئەمەس؛ ياكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پائالىيىتىنى تۈپلىگەن خاتىرە كىتابى، ياكى ھېكمەتلەرنىڭ پىكرىگە تايانغان پەلسەپە يىغىندىسى ۋە ياكى شەيخلەرنىڭ پەندى - نە-

سهەتلىرىنى يەتكۈزىدىغان نوقۇل نەسهەتنامە ئەمەس.
ئۇ، كۆرۈنۈشتە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىپىك نەمۇ-
نىسى، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەدەبىي ئەسەر، لېكىن ئېپو-
پىيە ئەمەس. ئۇنىڭدا كۈچلۈك لىرىزىم روهى بار، لې-
كىن نوقۇل لىرىك داستان ئەمەس. ئۇنىڭدا دراما ئېلې-
مېنتلىرى مەۋجۇت، لېكىن دراما ئەمەس. شۇنىڭدەك
ئۇ تار مەنىسى بىلەن دىداكتىك داستانمۇ ئەمەس. چۈن-
كى بۇ ئەسەردە شۇنداق مەزمۇنلار، هەقىقىي هاياتقا باش-
لايدىغان يوليورۇقلار، قەتئىي تەكلىپلەر، پەلسەپىۋى تە-
پەككۇرلەر مەۋجۇتدۇركى، بۇ مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭغا «دى-
داكتىك» سۆزىنى بىز قوللىنىۋاتقان مەنا بىلەن قوللى-
نىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى، هازىر بىزدە «دى-
داكتىك» سۆزى نوقۇل ۋەز - نەسهەت خاراكتېرىدىكى
«شاھ مەشرەپ»، «قۇل خوجا ئەهمەد»، «زەلىلى دى-
ۋانى» گە ئوخشاش ئەسەرلەرگە باها بەرگەندە ئىشلىتى-
لىۋاتىدۇ. ئەگەر «دىداكتىك» سۆزىنى تەلىم - تەربىيە
ئۇقۇمى بىلەن بۇ ئەسەرگە يۈرگۈزۈلسە قىسمەن مۇمكىن،
چۈنكى ئۇنىڭدا باشقا نۇرغۇن ئېلېمېنتلار بىلەن تەلىم -
تەربىيۋى ئېلېمېنتلار هەم مەۋجۇت. «قۇتادغۇ بىلىك»
تە هاياتىي كۈچكە ئىگە شۇ قەدەر رېئال كۆرسەتمىلەر،
ئالىي تىلەك - غايىلەر باركى، ئۇ ۋەز - نەسهەت دائى-
رىسىدىن ئاللىقاچان هالقىپ چىقىپ كەتكەندۇر. مەسىلەن
ئالايلى، ئادالەت ۋە هەربىيلىك توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى؛

765 ئېلىگ ئولتۇرۇپ يالغۇز بىر كۈنى،
زىرىكتى ۋە قىلدى خالى ئۆيىنى.

766 بۇ ئايتولدىنى قىچقىرىپ بەردى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى، قوۋۇشتۇردى قول.

767 ئۇ تۇردى ئېلىگنىڭ ئۇدۇلىدا تىك،
ئولتۇردى سۆزلىمەي بىرمەھەل ئېلىگ.

768 قاراپ بىردەم ئېلىگ، كۆزىنى ئىملىدى،
ئىشارەت بىلە كەلگىن، ئولتۇر، دېدى.

769 بۇ ئايتولدى ئولتۇردى تىپ - تىنچ، كېلىپ،
يورۇپ كۆڭلى، كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

770 ئېلىگكە يۈگۈرتتى يوشۇرۇنچە كۆز،
تۈرۈلگەن قاش - قاپاق، پۈرۈشتۈرمە يۈز.

771 كۈمۈش كۈرسى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۈرسىنىڭ پۇتى ئۈچ، چېتىقسىز تۇرۇر.

772 قولىدا تۇتۇغلۇق يوغان بىر پىچاق،
شېكەر ئوڭدا، سولدا ئۇراغۇن① بىراق.

773 كۆرۈپ قورقتى ئايتولدى، ئاشتى غېمى،
ئۇنى باستى تىترەك، كېسىلدى دېمى.

① ئۇراغۇن — ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل ئاچچىق (زەھەرلىك) ئۆسۈملۈك.

774 ئېلىگ باش كۆتەردى بىر ئازدىن كېيىن،
دېدى ئايتولدىغا: قېنى سۆزلىگىن.

775 نىچۇك سۆزلىمەيسەن گاچادەك بولۇپ،
مېنى مۇندا يالغۇز بۇ ياغلىغ كۆرۇپ.

776 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ساھىپقىران،
سۆزلەشكە مادار يوق مەندە بۇ زامان.

777 كۆردىمەن بۇ كۈن سەندە يات ھال ئۆزۈم،
ئەيمەندىم ئەي ئاقىل، شۇڭا يوق سۆزۈم.

785 ئېلىگ ئېيتتى: كەلگىن ماڭا ئېيت سوزۈڭ،
نېمىشقا تېگىرقاپ تۇرۇرسەن ئۆزۈڭ؟

786 بۇ ئايتولدى ئېيتتىكى، ھەيرىتىم مېنىڭ،
نىچۇندۇر كۇمۇش كۇرسى ئورنۇڭ سىنىڭ.

787 بۇ كۇرستا ئولتۇرۇش نالايىق ساڭا،
ئۆنىڭ مەنىسىنى دېگىن سەن ماڭا.

788 ئىككىنچى، قولۇڭدا پىچاق نە دېمەك،
بۇنى ھەم ياخشىراق بىلىشىم كېرەك.

789 ئۈچىنچى، ئوڭۇڭدا نېمىشقا شېكەر،
سولۇڭدا ئۇراغۇن، نە مەنا بېرەر؟

790 سىنى مەن غەزەپلىك شۇ هالدا كۆرۈپ،
يۇتتۇردۇم بىلگىنىم تامام ئۇنۇتۇپ.

799 بۇگۈن كۆرسەتەي مەنمۇ ئەمدى سائا—
قىلىق، ئەردىمىمنى، قاراپ تۇر ماڭا.

800 ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن، قارا،
قانۇنىنىڭ ۋەسىپىنى بۇلاردىن سورا:

801 مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۈرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۇتۇن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى هەم قايماس بولۇر.

808 مىنىڭ هەم قىلىقىم ئىگىلمەس ئىرۇر،
ئىگىلسە دۇرۇسلۇق، قىيامەت بولۇر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن هەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ هىچ كىشىن.

810 بۇ خەنجەر - پىچاقىم، قولۇمدا تۇرۇر،
پىچار هەم كېسەر بىر قورال، ئەي غەيۇر.

811 پىچاقتەك كېسەرمەن پىچىپ ئىشىنى،
ساقلاتماي دەۋاغا كەلگەن كىشىنى.

812 شېكەر شۇكى، بىركىم زۇلۇم يەتتى دەپ—
ئىشكىمگە كەلسە ئادالەت تىلەپ.

813 شېكەردەك لەززەتلە يالغۇز ئۇ كىشى،
سۆيۈلۈپ ئىچىلۇر يۈزى ھەم قېشى.

814 بۇ تۇرغان تۇراغۇن شۇنداقلار ئىچەر،
كى زورلۇق ئىشلىتىپ، ئەدىلدىن كېچەر.

816 بۇ قاشىم تۇرۇكى، بۇ كۆركسىزلىكىم
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

شائىرنىڭ جەڭ ھەققىدىكى سۆزلىرىگە قاراپ باقايلى؛

2309 كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
يۈرۈش قىلغاندا ياۋغا، تۈزەپ يول - يوسۇن.

2311 توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۈچى.

2312 ئۇ بولسۇن ھىلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۆغرا تۆگىدەك.

2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسە قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.

2314 قارا، بولسۇن ھەممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچەسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

2333 قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇر.

2334 سىناغان بىر ھەربىي قىياسەن دېمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۆپ ئېمىش.

2342 كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق - كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2348 غەپلەتتە قالمىسۇن، بولسۇن ئۇ ھۇشيار،
غاپىل بولسا، دۈشمەن زىيانلار ئۇرار.

2349 يېقىنلاشسا ياۋغا دېرەكىن ئېلىپ،
قارار گاھ قۇرسۇن ئۇ ئوت - سۇنى كۆرۈپ.

2355 كېرەك ياۋ يوقاتماققا ئىككى قورال،
بۇ ئىككى قورالدىن كۆرەر ياۋ زاۋال.

2356 ئەڭ ئاۋۋال كىرەكتۇر ھىلىنىڭ ئۆزى،
ياۋ ئالدانغىنىدىن قىزارسۇن يۈزى.

2357 ئىككىنچى، سەگەكلىك - ئويغاقلىق ئېرۇر،
كىم سەزگۈر، ساق ئولسا، ئۇ ئۈستۈن كېلۇر.

2376 ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377 كىرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقادىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتلاپ.

2380 كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ - توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

2381 سۇرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چىپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى بېيىتلىرىدە ئادالەت ۋە ھەربىي ئىشلارنى قانداق ھەققىي سۇرەتلەپ بەرگەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ ۋەز - نەسھەت تىزمىسىلا بولماي، بەلكى پەلسەپۋى تەپەككۇر، رېئال ھايات، جانلىق ئوبراز، ھەققىي پىلان ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» سان - ساناقسىز، تۈرلۈك رەڭدىكى قىممەت-

ك لمجاۋاھىرات بىلەن تولغان بىر خەزىنىدۇركى، بۇ خەزىنە تاماشىچىلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزى ياقتۇرغان جاۋاھىرات بىلەن ھەميانلىرىنى تولدۇرۇپ چىقىپ ئوتتۇرىدا كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر. بۇمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرسى. قىسقىسى «قۇتادغۇ بىلىك» — نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كىشىنى زاھىري ۋە مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ بۈيۈك بىر قامۇستۇر.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا نېمە تۈرتكە بولغان؟

بۇ ئەسەرنى يېزىشقا شائىرغا ھېچبىر ھۆكۈمدار ياكى بىرەر شەخس تەرىپىدىن بۇيرۇق، تىلەك قىلىنغانلىقى ياكى بىرەر دوستىنىڭ ئىلھاملاندۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇنداق بولسا، بۇ بۈيۈك ئەدىبنى ئۆزى ئېيتقاندەك: ئىپار بېشىغا كافۇر سېپىلگەن، ئەرغىۋان گۈلدەك قىزىل يۈزىگە زەپىران سىزىر كەلگەن، قىيىندەك مۇستەھكەم تۈز قامىتى يادەك پۈكۈلگەن، يەنى ياشانغان چېغىدا بۇنداق زور مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا نېمە مەجبۇر قىلغان ئىدى؟

شائىرنى بۇنداق سۆزلەشكە مەجبۇرلاپ تۈرتكە بولغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىن قاتتىق نارازىلىقى. شائىر بۇنى ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ ھەم سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى سىياسىي ئىجتىمائىي ئەھۋالدىن نارازىلىقى؛ ئۇنىڭ ھەممە

كىشىنىڭ ياخشى ئىنسان بولۇشىغا بولغان تەشنالىقى؛ ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەزىلەتلىك، ئىلىملىك بىر ئىنسانلار توپى بولۇش ئارزۇسى؛ ئادالەتلىك ھاكىمىيەت، ئاسايىشتا ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بۆرە بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ بىر ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈمى قۇرۇلۇش؛ نادانلار يوقىلىش، ئالىملار كۆپىيىش، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

كىتاب يېزىلغان ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 180- يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەرەققىيات، ئىلىم-مەرىپەتتە تازا ئۇچىغا چىققان دەۋرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دەۋرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىدەك زور كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمدىكى كۈندە ئىچكى تەرەپتىن چۈشكۈنلىشىپ، پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان؛ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئوردا ماجىرالىرى، ئۆزئارا ئۇرۇش-جاڭجاللار كۆپەيگەن ۋە دۆلەتنىڭ ئەھۋالى يامانلاشقان بىر ۋاقىت بولغان. پەيلاسوپ شائىر بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئالدىن ھېس قىلغان، لېكىن ئوچۇق سۆز بىلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بىر غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى سىزىپ چىققان، شائىرنىڭ مۇشۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى ئىچكى ئامىل ۋە تۈرتكىسىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى قەسىدىسى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ:

6565 قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئېرۇر كىم، تاپاي مەن.

6566 كىشى ئىسلىقى بولدى، ئىستەي قەيەردىن؟
تىلەپ تاپقالى بولسا، ئىستەپ كۆرەيمەن.

6567 جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمىدىم مەن.
بۇ ئارزۇنى تاپسام، يۈزىگە باقاي مەن.

6568 ۋاپا قەھتى بولدى، جاھانغا تولۇپ جەۋر،
ۋاپا كىمدە باركىن، مەن ئاززاق تىلەيمەن.

6569 ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىق سىبخى ئەر،
يۈدۈپ ئۇنى يەلكەمدە، كۆزگە سۈرەيمەن.

6570 ئەگەر تاپمىسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كىيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەي مەن.

6571 يىمەك ئوت كۆكى بولسا، يامغۇر سۈيى بەس،
قىلىپ قۇمنى تۆشەك، تاغار تون كىيەيمەن.

6572 بولۇپ ياكى ۋەھشى، باياۋاندا يۈگۈرۈپ،
كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يۈتەيمەن.

6573 بۇ ھەم بولمىسا گەر، بۇ دۇنيانى تاشلاپ،
ئىبقىندەك ئاقاي مەن، شامالدەك ئۇچاي مەن.

6574 ئىگەم، مۇڭغا چۆمدۈم، ۋاپاسىزغا ئۇچراپ،
ۋاپالىق كىم بولسا، شىرىن جان بېرەي مەن.

6575 كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، كەينىدىن باراي مەن.

6576 قىدىردىم، جاھاندا كۆيۈمچان كىشى يوق،
كۆيۈمسىزگە كۆڭلۈمنى قانداق ئۇلاي مەن.

6577 كۆزۈمدەك يېقىن كۆرسەم مەن كىمنى ئۆزگە،
شەيتاندەك ياۋ بولدى، ئۇنى نە قىلاي مەن.

6578 كىمنى سۆيدۈم ئەرسەم، شىرىن جانچە تۇتتۇم،
جاپا كەلدى ئۇندىن، كىمنىمۇ سۆيەي مەن.

6579 كىشى كۆڭلى بىلمەككە كۈۋا ئىدى تىل،
كۆڭۈل، تىل ئالا بولدى، كىمگە پۈتەي مەن.

6580 بۇ كۈن مۇندا كىمنى قىلاي ئۆزگە ھەمرا،
پۈتۈپ كىمگە ياكى كىمنى دوست تۇتاي مەن.

6581 بىرەي كىمگە كۆڭۈل، مۇڭۇم كىمگە ئېيتاي،
مەن مۇڭلاندىم ئەمدى بىر ئاز مۇڭ تۆكەي مەن.

6582 ئاداش - قولداشىمدىن ئۈمىد تاپمادىم مەن،
قاياش قىلىقى ياتتەك، نىچۈك تىل ئاچاي مەن.

6583 ئەگەر ئات بىلەن بولسا، ئىشەنچ، ئىمىنلىك،
بۇ ئاتنى تۇتقۇچى كىم؟ ئۇنى ئەر ئاتاي مەن.

6584 تۆزۈ ـ ئانىنىڭ ھەقىقىنى ساقلاۋچى بارمۇ؟
كۆمۈش، جەۋھەر، ئالتۇن بىلەن غەرق قىلاي مەن.

6585 قېنى، غەم — سۆيۈنچكە ھەمرا قوشنا ـ خولۇملار،
بېرىپ بارلىقىمنى، مەن ئۆيدىن چىقاي مەن.

6586 ئاداش ـ قولداشىمدىن كىمىم بار ئىشەنچلىك،
ئۇنى مەن قىلىپ بەگ، ئۆزۈم قۇل بولاي مەن.

6587 كىشى تاپمىدىم مەن، مۇڭلاندىم يالغۇز،
سىزىپ كەتتىم غەمدە، سۆيۈنۈپ كۈلەي مەن.

6588 بۇزۇلدى نىچۈن خەلق، نىزامنى ئېتىپ تەرك،
نىچۈك بىر زامانغا قالدىم، قايان كېتەي مەن.

6589 يا تەلۋە، يا ئەخمەق بولۇپ، ئاينىدىم مەن،
نېمە سۆزلىدىم مەن، سەن ئېيتقىن، ئۇقاي مەن.

6590 يا سەۋدا كۆچىيىپ بۇزۇلغانمۇ مېڭەم،
كۆرۈندىمۇ كۆزگە شۇنداق، دورا ئىچەي مەن.

6591 ماڭا دۈچ كەلدىمۇ يا شۇنداق كىشىلەر،
ئۆزۈم ياكى تەتۈرمۇ، بۇندىن ياتايمەن.

6592 ۋاپادىن قويۇپ ئات ئۆتكۈچىلەر قېنى،
قېنى ئۇلار؟ ئەپسۇس، مەن بىر ماختاي مەن.

6593 ئۇلار قويغان قانۇن، يوسۇن، قىلمىقلارنى —
بۈگۈن كاشكى كۆرسەم ئىدىم، خوش بولاي مەن.

6594 يا بولمىسا تۈزسۇن يوسۇن، قىلىق، قانۇن،
ھېلىم تۆرگە ئۆتسۇن، جاھىلنى سۈرەيمەن.

6595 جىمى ياخشى كەتتى، يوسۇن - قانۇنمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى نەدىن تاپاي مەن.

6596 بويى بارنىڭ جىمىسى گەر بولسا ئىنسان،
پەرىشتە ئىدىمۇ ئۇلار، نە بىلەي مەن.

6597 ئۇلار كەتتى، قالدىم بۇلار بىرلە ئۆزۈم،
ئىچۈكمۇ يۈرەي مەن، نە ئىشقا ياراي مەن.

6598 ئىچە سۆزلىسەم مەن توكمەس يەنە سۆز،
قىلاي بەس، سۆزۈك بارمۇ، ئەمدى كىتەي مەن.

6599 تاپالمىدىم مۇندا ئۆزگە ياخشىلىقنى،
شەھەر - يۇرتنى تاشلاپ، كىشىدىن قاچاي مەن.

6600 ئاتىم بىلمىسۇنلەر، مىنى كۆرمىسۇنلەر،
تىلەپ تاپمىسۇنلەر، سۆزۈمنى كىسەيمەن.

6601 چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورالەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايىسىنى ئۇراي مەن.

6602 ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۈن ـ تۈن ئىچۈك يۈك يۈدەي مەن.

6603 ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەبىر ـ جاپالار،
بۇ گۇستاخ، پەسلەردىن يىراقراق تۇراي مەن.

6604 ئىلاھا، نەسىپ قىل ئۇ سۆيۈملۈك رەسۇل،
ۋە تۆت يار دىدارىنى مەن بىر كۆرەي مەن.

شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىن قاتتىق زارلانغانلىقى مانا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى ئىچىنىشلىق ئاھ ـ زارلىرىنى ۋە تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن غايىۋى بىر دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەۋھۇم ئوبرازىنى يارىتىپ، شاھتىن تارتىپ بارلىق ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنى ۋە جەمئىيەتنى غايىۋى شاھ ـ كۈنتۇغدىنى ماختاش نىقابى ئاستىدا تەنقىد نەيزىسى بىلەن سانجىغان، يەنى «مۇشۇنداق دۆلەت ۋە جەمئىيەت بولۇش كېرەك ئىدى ... لېكىن، سەنلەر بۇنىڭ ئەكسىچە ...» دېگەن تەنقىدنى ئالقىشقا سازاۋەر دۆلەت يارىتىش ئوبرازى ئارقىلىق شۇنداق دانىشمەنلىك ۋە ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانكى، شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەربابلىرى يازغۇچىدىن ئاغرىنىشقا، ئاداۋەت تۇتۇشقا ئۇيلاپ يېتەلمىگەن. ئەكسىچە، ئۇنى تەقدىرلىگەن. دېمەك، بۇيۈك ئەدىبنى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۈبھىسىزكى مانا شۇدۇر.

## قەشقەرلىق ئىككى ئۇيغۇر ئالىمى نېمە ئۈچۈن تونۇلۇشمىدى؟

11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر — ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ زور ئىقتىدارلىق ئىككى بۈيۈك پەرزەنت تۇغۇپ، بۇلارنى ئىككى بۈيۈك ئالىم قىلىپ يېتىشتۇرۇپ ئىلىم دۇنياسىغا تەقدىم قىلدى.

ئۇلارنىڭ بىرى — يىراق ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى، سەنئەت ماھىرى، ئەدىب، پازىل ئالىم، ئەخلاق، ئادالەت ۋە بىلىم ھامىيسى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپ. ئىككىنچىسى بولسا ئۇيغۇر ئالىمى، تىل مۇتەخەسسىسى، مىللىي تىل تەتقىقاتچىسى، بۈيۈك ئىلمىي قۇدرەتكە ئىگە مەشھۇر ئىلمىي ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى، پەرەنسى (شاھزادىسى) مەھمۇت قەشقەرىدۇر.

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ھاياتى ئاساسەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئۆتكەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ شۇ خانلىق ئىچىدە بىر ئەرباب بولۇش بىلەن بىللە «قۇتادغۇ بىلىك» نى قەشقەردە يازغان. مەھمۇت قەشقەرى — قەشقەر ئوپاللىق بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدىكى بىر شاھزادە ئىدى. ھەر ئىككىسى بىر يۇرتتا، بىر ۋاقىتتا ياشىدى. ئەسەرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا يازدى. ئىككى ئالىمنىڭ ياشىغان ۋاقتى بىر بولۇش

بىلەن ئەسەرلىرىنى يېزىشقان ۋاقىتلىرى ئىككى يىلدىن ئالتە يىلغىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە. لېكىن بۇ ئىككى زور ئالىم بىر - بىرىنى پەقەت تونۇشمىغان، ئەجەبا!...

بۇ مۇمكىنمۇ ئاخىر؟...

ياق!

بۇ يەردە مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا بار. بۇلار نېمە ئۈچۈن تونۇشمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى قەشقەردە يېزىپ، قەشقەردە قاراخانىلار سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇشلۇق تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قارا خان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبىن سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شاھزادە مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى باغداتتا خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىدۇ؟

مۇشۇ ھاللارنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئىككى ئالىمنى بىر - بىرىدىن ئايرىغان، تونۇشماس قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان نەرسە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىن ئىبارەت. چۈنكى، شۇ دەۋرلەردە قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدە بۆلۈنۈش، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەش، تەرەپبازلىق، كۆرەلمەسلىك كۈچەيگەن، ئۆزئارا ئىختىلاپ ئەۋج ئالغان بىر زامان بولۇپ، بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. بۇ ئىككى ئالىمنى ھايات ئېقىمى سۆرەپ بېرىپ، ھەر بىرىنى بىر گۇرۇھقا مەنسۇپ قىلىپ قويغان. ئەۋج ئالغان سىياسىي كۆرەش ئاخىر بېرىپ مەھمۇت قەشقەرىنى باغداتقا بېرىشقا مەجبۇر قىلغان. يۈسۈپ قەشقەردە قالغان. ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىككى ئالىمنى بىر - بىرىنى تو-

تۇمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھال ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق ھادىسىلەردىن تۇرغۇنلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى تارىخ ئاشنالىرىغا چۈشىنىشلىك. دېمەك، ئىككى ئالىمنىڭ بىر-بىرىدىن چەتنەشلىرى مانا شۇ بولسا كېرەك.

## «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە شېئىرىيەت

قىممەتلىك ئۈنچىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق دەرسلىكى، پەزىلەتلەرنىڭ قامۇسى، ئەنئەنىۋى بىر ئەستىلىك بولۇشى بىلەن بىللە بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ كونا نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى ئورنى تولىمۇ زور.

مەلۇمكى، شېئىر (تۇيغۇ) — ئۇنىڭ شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) بولۇشىدا، يەنى يۈرەكنىڭ تۇيغۇ تارلىرىنى تىترىتەلىشىدە... شائىرلىق (تۇيغۇچى) — ئۇنىڭ شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) سۆز يارىتالىشىدا. شېئىر — بىزنىڭ ئىستىلاھىمىزچە ئۆلچەملىك، قاپىيىلىك، تىزىپ قويۇلغان سۆزلەرگە ئېيتىلغان بىلەن ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى تۇيغۇدۇر. شۇڭا يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە سۆزلەر شېئىر دېيىلىدۇ. شائىر دەپ شۇنداق سۆز يازغۇچىغا دېيىلگەن بىلەن، لۇغەت مەنىسى تۇيغۇچى دېمەكتۇر. شائىر بولغاندا شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) سۆز يازىدۇ. تۇيغۇلۇق سۆز يازالىغاندا شائىر بولالايدۇ. شېئىر يېزىش

مۇمكىن. لېكىن شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) شېئىر يېزىش قىيىن. شائىر دېيىش ئاسان، لېكىن يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سېلىپ قوزغىتالايدىغان شائىر بولۇش تەس.

دۇنيادىكى مەشھۇر شائىرلار، شېئىرلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى — ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) بولغانلىقىدا ۋە ئۇلارنىڭ تۇيغۇلۇق شېئىر يازالىغانلىقىدا.

بۇۋىمىز يۈسۈپ مانا شۇنداق شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) شېئىر يازغان شائىرنىڭ بىرىدۇر.

ئۇ ئىجاد قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 1000 يىللار ئۆتۈپ، يەنى قولدىن قولدا ساقلىنىپ كېلىشى بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ كىشلەر شۇئۇرىنى (تۇيغۇسىنى) ئۆزىگە تارتقان، بەدىئىي ئۇسلۇبىدىكى شېئىرىيەت ماھارىتىدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۇ شۇئۇر (تۇيغۇ) دېڭىزىغە چۆمۈپ، تۇۋىدىكى ئۈنچىلەرنى كۆرگەن ۋە بۇ گۈللۈكنى ئارىلاپ ئۇنىڭدىكى تۈمەن رەڭلىك چېچەكلەرنى تاماشا قىلىپ ھىدلىرىنى پۇرىغان ھەر بىر كىشى ئۆزىدە ئىختىيارسىز بىر مەپتۇنىيەت ھېس قىلىدۇ. يۈسۈپنىڭ «بۇغراخان خاقان بولدى» دېگەن مەقسەت بايانى ئۈچۈن يازغان تۆۋەندىكى شائىرانە شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) شېئىرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. نېملەرنى ھېس قىلدۇرىدىكەن قېنى!...

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىسپار تولدى كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65 جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن①،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دەۋلەت ياسىن.

66 قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

67 قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن②، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68 قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 دالا، تاغ، قىر، ئويمان تۆشەندى يېپىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

70 تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71 ئېسىپ تاڭ شامالى قەلەمپۇر پۇراق،
ئىپار بويىغا تولدى دۇنيا بىراق.

---

① ئېسىن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) شامال.

② يىپۇن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) توق قىزىل رەڭ.

غاز، ئۆدەك، قىل، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن 72
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى - تۆۋەن.

ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى، 73
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.

تىزىلغان تۆگىدەك كۆكۇش ① تۇرنىلار، 74
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياگرىتار.

ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن، 75
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سۆيمىشىن.

قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتتارا②، 76
قىزىل ئاغزى قاندەك، قىشى قاپقارا.

قارا قۇچقاچ ئۆتتى ستا تۇمشۇغىن③، 77
ئۈنى نازىنىن قىزنىڭ ئۈنىگە يېقىن.

چىچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۈنى، 78
ئوقۇر سۇرى ئەبرىنى④ كۈن ھەم تۈنى.

---

① كۆكمش — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) بىر خىل قۇش.
② قاتقارا — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قاقاقلىماق.
③ قارا قۇچقاچ ئۇچلۇق تۇمشۇغى بىلەن سايرىدى دېمەكچى.
④ سۇرى ئەبرى — (ئەرەبچە) داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مۇقام بىلەن ئوقۇغان زابۇر سۈرىلىرى.

79 ئىلىك ۋە جەرەن كۆل ئارا ئوينۇشۇر،
ئارقار، تاغ ئۆشكىسى جۈپ - جۈپ سەكرىشۇر.

80 قاشىن تۇردى ئاسمان، كۆزى ياش چاچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۈلۈپ قاتقارار.

81 بۇ ۋاقتتا جاھان ئۆز - ئۆزىگە قاراپ،
سۆيۈنۈپ، قۇۋانىپ مېلىغا قاراپ.

شائىر بۇ يەرگە كەلگەندە ئىنتىقال (يۆتكىلىش) ماھارتىنى كۆرسىتىدۇ:

82 ماڭا كۆز يۈگۈرتكەچ ئۇ ئاچتى سۆزىن،
دېدى: كۆرمىدىڭمۇ، بۇ خاقان يۈزىن.

83 ئەگەر ئويغۇلۇقسەن، تۇر، ئاچ ئەمدى كۆز،
ئىشىتمىگەن ئۇلساڭ، ئىشىت مەندىن سۆز.

84 تۈمەن يىل تۈل ئەردىم، سۈلغۇن يۈز ئىدىم،
سىلىپ تۈل كىيىم، كىيدىم ئاق ئاس① كىيىم.

85 ئۇلۇغ خان بېگىمدۇر، ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا جانىم، پىدادۇر ئاڭا.

---

① ئاس — (قەدىمكى ئويغۇرچە) سەۋەر.

ئەدىب شۇلاردىن كېيىن يۇغراخاننى سۆزلەشكە باشلايدۇ ...

يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇغاندا، كىشىنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىدىغان مۇنداق ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە كۆرۈنىدۇ:

شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال، جەننەتتەك ياسانغان دۇنيا، ئېرىپ كەتكەن قار كافۇرلىرى، ئېچىلغان ئىپار رەڭلىك تۇپراق، يېشىل بەرگلەردىن تون كىيگەن دەرەخلەر، قىزىل، كۆك، بىنەپشە، ھال رەڭدە ئېچىلغان چېچەكلەر؛ ئىپار، كافۇر ھىدى بىلەن تولغان جاھان؛ دۇنيانى قەرەنفۇل ھىدلىرى بىلەن تولغۇزغان تاڭ شامى-لى؛ بىرى سۇ ئىچسە، بىرى تورۇۋاتقان، بىرى ئۇچسا، بىرى قونۇۋاتقان قۇشلار؛ تىزغان تۆگىدەك قاتارلىشىپ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچۇشۇۋاتقان تۇرنىلار، سۆيگەن سۇ-يۇملۇكىنى ئۇندىگەن گۈزەل قىزدەك ئىسقىرتىۋاتقان ئۇلاي قۇش، قاندەك قىزىل ئاغزىدا قاقىلداۋاتقان قارا قاش كەكلىك، چېچەكلەر ئارا سايراۋاتقان بۇلبۇللار، جۈپ - جۈپ بولۇپ گۈللەر ئۈستىدە سەكرەپ ئېغىنى-شىۋاتقان كىيىك - جەرەنلەر، سىم - سىم يېغىۋاتقان يام-غۇر، كۈلگەندەك ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر؛ شائىر ئەڭ ئۇستا رەسسامۇ ئۇنى تەسۋىرلەشتىن ئاجىز كېلىدىغان مۇشۇنداق بىر گۈزەل مەنزىرىنى ئۆز شېئىرى بىلەن بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا شۇنداق بىر نەپىس، نازاكەت بىلەن سىزىپ كۆرسىتىدۇكى، قەلبلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مەپ-تۇنى بولۇپ قالىدۇ. بۇ شېئىردىكى لاتاپەت، نازاكەت

ۋە تولۇپ تاشقان گۈزەللىكتىن قەلبلەر تاس قالدۇ ئېرىپ كەتكىلى! ...

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇ قەدەر قوزغىتىش ۋە تارتىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى ئەسەر ئىجادچىسىنىڭ سۆزدىكى پاساھەت ۋە بالاغەت ئامىللىرىدىن بولغان مائانى، بايان بەدىئىي ئىلىملىرىغا ئالىملىقى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي شېئىر يېزىشتا كېرەك بولغان مەجاز، ئىستىئارە، تەشبە، كىنايە، مۇبالىغە ۋە ئىنتىقال (يۆتكىلىش) غا ئوخشاش نازۇك سەنئەتلەرنى ئىشلىتىشكە ئۇستىلىقى ۋە بۇ ھۈنەرلەرنى ئۆز شېئىرىگە شۇئۇر بىرەلەيدىغان بىر تەپەككۇر بىلەن ئورۇنلىغانلىقىدۇر. چۈنكى، قەلبنى ھاياجانغا سېلىپ تىترىتىش ئوڭاي ئەمەس. قەلب كۆرۈنۈشتە كىچىك بىر پارچە بولغان بىلەن پۈتۈن بارلىق ئۇنىڭ ئىچىگە سىغىپ كېتىدىغان ئاجايىپ زور جىسىمدىن ئىبارەت. قەلب تەرىپىدە بىر ئەرەب شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئۆزۈڭنى كىچىك جىسىم دەپ ئويلىما،
سىغىپ كېتىدۇ ساڭا بۇ چوڭ جاھان.

ھەقىقەتەن قەلبنىڭ چوڭلۇقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ. كىچىككىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر كۆرگەن، بىلگەن، ئەتكەن، ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھازىر قەلبىڭدە بار. ئەگەر پۈتۈن يەر شارىنى ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقالىساڭ، ھەممە سەييارىلارنى كېزەلىسەڭ ئىدىڭ، ئۇلارنىڭ بارلىقى يەنە قەلبىڭگە سىغقان بولاتتى. دېمەك،

مانا شۇنداق چەكسىز قەلبنى قوزغىتىش ئوگاي ئەمەس.
يۇسۇپ ئۆزىنىڭ شۇئۇر (تۇيغۇ) بىلەن تولغان شېئىرىي ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بۇ زور ئىشنى، يەنى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىش ئىشىنى ئورۇنلىغان. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىنى يالغۇز يۇقىرىدىكى مىسرالاردىلا ئەمەس، باشقا جايلاردىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، «كەچ بولدى» دېگەننى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

4959 قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سېرىغ،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدەك ئېرىغ.

4960 قۇياش سۇرتتى يۈزگە سېرىق زەپىران،
ھاۋا رەڭ شېشىگە پۈركەندى جاھان.

4961 مەشۇقلار قېشىدەك بولۇپ ئاسمان،
ھەبەش - زەڭگى تۇسىگە كىردى جاھان.

3948 يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،
جاھاننىڭ تۇسى بولدى زەڭگى يۈزى.

«تاڭ ئاتتى» دېگەننى مۇنداق سەنئەتلەر بىلەن بېرىدۇ:

4966 پەلەك يىرتتى، كىيگەن قارا كۆڭلەكىن،
كۆتەرىپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن.

4967 كۆلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورىدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى يۈزى.

قاراپ باقايلى، بۇ مىسرالاردا قانچىلىك بەدىئىي سەنئەت ئورۇنلاشقان:

كۈن پېتىش چاغدىكى سىرىقلىقنى ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. شەپەقنى كۈن يۈزىگە زەپەر سۈرتۇلدى دەپ ئوخشىتىش قىلىدۇ. كۈن يوقىلىپ ھاۋانىڭ قاراڭتۇلىلاشقانلىقنى شىبىشگە، مەھبۇبلەرنىڭ قارا قېشىنى ھاۋانىڭ قارايغانلىقىغا ئىستىئارە قىلىپ كۆرسىتىپ ئوخشىتىش ياسايدۇ، زەڭگى يۈزىنى كېچىدىن، رۇمى قىزىنى قۇياشتىن كىنايە قىلىدۇ. ھاۋانىڭ زۇلمەت بىلەن تولغانلىقىنى قارا قۇش يۈڭى بىلەن تولدى دەپ مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش قىلىدۇ، كېچە قاراڭغۇسىنى قارا كۆڭلەككە ئوخشىتىپ، تاڭ ئاتقانلىقىنى قارا كۆڭلەك يىرتىلدى دەپ ئىستىئارە قىلىدۇ. قۇياشنىڭ تۇغۇپ چىقىشىنى قىز يۈزىگە ئوخشىتىپ، تەشبىھ ۋە مۇبالىغە سەنئىتىنى ئىشلىتىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ...

ئەگەر شائىر شۇئۇرلۇق شېئىر يارىتاي دېمىسە، «كەچ بولدى، تاڭ ئاتتى» دېگەن ئىككى جۈملە بىلەن مەقسەت ئۇقتۇلاتتى. لېكىن شائىر يۇقىرىقىدەك گۈزەل ئىبارە ۋە سەنئەت ماھىرلىقى بىلەن مەقسەتنى ئىپادە قىلغانلىقتىن، شېئىرىيەتنىڭ شۇئۇرلۇق رەڭمۇرەڭ گۈللىرى بىلەن گۈلدەستە تۈزۈپ سۇنۇلغانلىقتىن، قەلبلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەپتۇن، جانلار ئۇنىڭغا ئاشىق بول-

ھان. چۈنكى، قەلب ۋە جان ھەر قاچان گۈزەللىكنىڭ مەپتۇنى ۋە ئاشىقلىرىدۇر.

بۇيۇك ئەدىب بۇ ئەسىرىدە بەدىئىيەتنىڭ يۇقىرىقىدەك يوشۇرۇن ئامىللىرىنى ئىشلىتىش بىلەنلا قالماي، شېئىرنىڭ ئاشكارا سەۋەبلىرىدىن بولغان ۋەزىن، قاپىيە، تۈرلەرگە ھەم ئېتىبار بېرىپ، رۇبائىي، قەسىدە، مەسنەۋى، تەجنىس، تۇيۇق، ئىنتىقال (يۆتكىلىش)، ئىرسالۇلمەسەل (سۆزنى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئەتلىرىنى ھەم قوللىنىپ ئۆتكەن. ئەسەردىكى ھەممە رۇبائىيلار «ئىرسالۇلمەسەل» يولى بىلەن كەلتۈرۈلگەن. يۇقىرىقىدىكىلەرگە مىسال.

رۇبائىيلىرىدىن:

6343 سېنى قانچە قىلسا ئەسىر قايغۇ - غەم،
كۆلەر بۇ كۆزۈڭ، يىغلىسا قانچە ھەم.
(6344) جاھان قانۇنى شۇ ئۇزۇندىن بۇيان،
ئۆتەر قانچە تۇرسا يامان - ياخشى ھەم.

6479 قېنى بىر دۇرۇسلۇق قىلغۇچى قېنى؟
خۇدالىق ئۇچۇن ئىش قىلغۇچى قېنى؟
(6480) جاھان باشتىن ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كۆرۈپ تاڭ قالغۇچى ئەر بارمۇ مۇنى؟

3168 بىلىملە يېتىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ياشىغىل ئۆگۈن①.

① ئۆگۈن — ئەقىللىق.

(3169) بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

2759 كۆڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، قىلىقنى پۈتۈن،
كىلۈر ساڭا دەۋلەت بۇ دۇنيا پۈتۈن.
(2760) ئەگەر توغرا بولساڭ قۇتاتقاي كۈنۈڭ،
سالامەت ياشا سەن سۆيۈن ھەم قۇتۈن.

تەجنىس:

1247 ئەزىز گۈل، ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز①،
ئۈنىڭدىن تېگۈر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز.

4289 قوشۇلما نادانغا، ئەي ئەسلى ئىرىغ،
تۆكەر ئابرويىڭنى سىينىڭدىن ئىرىغ.

4558 جاھانغا يېيىلسۇن دېسەڭ سەن ئىتىڭ،
مۇساپىرنى كۈتكىن، تارار شۆھرىتىڭ.

1628 كۆرەرمەن يارامىلىق ئۈنى ھەم تولۇق،
كىچىكلىكتىن ئۆزگە ھېچ ئەيىبى يوق.

يۇقىرىقىلار — بۇ بەدىئىي ئەسەر ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت دېڭىزىدىن ئېلىنغان بىر قانچە تامچىلاردۇر.

---

① ئىز — (ئەرەبچە) ئىززەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» مانا شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، تۈزۈلۈشى، مەزمۇنى، غايىسى، ئىنسانىيەتكە پايدىسى، تەلىم - تەربىيىسى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى. كۈچلۈك شېئىرىيىتى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەندۇر. ئۇنچە - مارجان دۇۋىلىرى بىلەن تولغان بىر خەزىنە تاماشاچىسى بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن جۇلالىق قىممەتباھا گۆھەرلەر ئارىسىدا قانداق ھەيرەتتە قالىدىغان بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلەرمۇ شۇنداق ھەيرانلىقتا قالىدۇ. ئالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، ئالسا ئېلىپ تۈگەتەلمەيدىغان بىر ئەھۋالغا ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدىكى قۇرلارنى يېزىپ كېلىۋاتقان قەلەممۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەيرانلىق گىرىپتارى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چارىسىز ھالدا، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن تۆۋەندىكى بېيىتلارنى كەلتۈرۈش يولى بىلەن يۇرۇشنى بەس قىلىدۇ:

ئۆزۈڭگە كۆيۈمچان سېنىڭ ئۆز - ئۆزۈڭ، 3496
كىشىگە ئىشەنمە، تۈگەت، بەس سۆزۈڭ.

تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى، 863
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ، 864
ئۇياتماي يۈرەلسە ئەلنى كۆرۈپ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆز زامانىسىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇرى، مەرىپەتپەرۋەر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرى ئىلغار ئىدىيولوگىيىسى ۋە ئىلمىي قاراشلىرى شېئىرىي شەكىلدە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن زور ھەجىملىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زامان مەرىپەت مۇنبىرىدە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى يېڭى ئىقىمىنىڭ شانلىق نامايەندىسى بولدى.

مەلۇمكى، 11 — 12 - ئەسىرلەردىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئىسلام خەلىپىلىكلىرى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قەدىمكى جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران، سۈرىيە، مىسىر، گرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيىتى بىلەن ئەينى زاماننىڭ مۇقىم گۈللەنگەن فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئېگىلىكى ۋە خەلقئارا سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋامى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۆز ئىچىدىن ئۈچ مۇھىم باسقۇچقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا ئابدۇللا ئىبىن مۇكەففا (724 — 750)، ھۇنەئىن ئىبىن ئىسھاق (810 — 878)، سابىت ئىبىن كۇررا (؟ — 901) قاتارلىق مەشھۇر تەرجىمىشۇناس ۋە شەرھىشۇناسلار ۋەكىللىك قىلسا؛ ئۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ئەبۇ يۇسۇپ ئىبىن ئىسھاق ئەل كىندى (800 — 879)، ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950)، ئەر رازى (864 — 925)، ئىبىن سىنا (980 — 1037) ۋە ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (973 — 1048) قاتارلىق مۇتەپەككۇر ۋە تەبىئەتشۇناس ئالىملار ۋەكىللىك قىلدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ (تەخمىنەن 1019 — 1085)، مەھمۇت قەشقەرى (11-ئەسىر)، ناسىر خىسراۋ (1003 — 1088)، نىزامۇل مۇلك (11 - ئەسىر) قاتارلىق مۇتەپەككۇر ۋە جەمئىيەتشۇناس ئالىملار ئۇنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىشتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا فېئودالىق تارىخىي مۇھىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھوقۇقىي، ئەخلاقىي، مائارىپ ۋە ئىستېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن ئېتىنىك ئۆبرازىنى مەركەزلەشتۈرگەن بىر جاھاننامە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىكى: ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ تىرەن يىلتىز تارتقانلىقى؛

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سامانىلار ھاكىمىيىتىنى مۇلقەرز قىلىپ، كەڭ ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلەپ خارەزىم ۋە خۇ-راسان تۈركىي رايونلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن-لىكى؛ يەتتە سۇدىن غەزنىگىچە، ئېۋىرغولدىن كۆپت تاغ-لىرىغىچە تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ مىللىيەتلىك جەھەتتىكى يېقىنلىشىش جەريانىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى؛ قاراخانىلارنى ئارقا تىرەك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ چۇشكۇنلىشىۋاتقان ئەرەب. خەلىپىلىكىنى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر تەھدىتكە سالغۇچى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغانلىقى؛ ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىقتىسادىي كۈللىنىشكە ئەگىشىپ ئۇي-غۇر خاقانىيە تىلىنى ئۆزەك قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ـەنمۇ روناق تېپىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن ىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زامان شەرق ۋە غەرب يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ نادىر دەستۇرى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ مەھەللىي تارىخىي قىممىتى-دىن ھالقىپ، شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا نوپۇزلۇق قا-مۇس بولۇپ قالدى. «قۇتادغۇ بىلىك» شەرق ئەللىرىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، كەيكاۋۇس ئىبىن شەمسۇلمائالى قابۇس، ئەھمەد يۈكنەكى، نىزامۇل مۇلىك قاتارلىق مۇ-ئەللىپلەرگە ۋاسىتە پىكىر ئىلھامى بېغىشلىدى. ئۇ، چىڭ-گىزخان ۋە تۆمۈرلەڭ ئىستىلاچى يۈرۈشلىرى خانىۋەي-رانچىلىقىدىن كېيىن، شاھرۇخ ۋە ئۇلۇغبېك، بابۇر ۋە ناۋايى، ئەكبەر ۋە سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق بىر قاتار

ئىلغار مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق تەسىر كۆرسەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقىتلاردا غەربىي ياۋروپا ئەللىرى خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە تېنەپ يۈرگەن، كاتولىزىم ۋە پراۋوسلاۋ مەزھەپلىرى ئاجرىلىپ، دىنىي سوت شەكىللىنىش دەۋرىگە كىرگەن، نورماندىيەلىكلەر بىرىتانىيىگە بېسىپ كىرىپ ئەمدىلا فېئودالىزىمغا قەدەم قويۇپ، شەھەر ئىگىلىكى ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەتلەر تېخى شەكىللىنىپ چىقمىغان، «ئادەت قانۇنى» تېخى قانۇنشۇناسلىق دەستۇرلىرىگە ئۆتمىگەن ئىدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا مەشھۇر بولغان ئەسەرلەر، مەسىلەن: فرانسۇز خەلقىنىڭ رىچاد پادىشا ۋەزىرى رولاندنىڭ ئەرەبلەر بىلەن كۈرەشكەنلىكى توغرىسىدىكى 4002 مىسرالىق خەلق داستانى «رولاند ناخشىلىرى»، ياكى ئىسپانىيە خەلقىنىڭ 3700 مىسرالىق خەلق داستانى «سىد»، نېمىسلارنىڭ «نىبابىنىن»، رۇس خەلقىنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلاچىلىرىغا قارشى يېزىلغان «ئىگور پولكى ھەققىدە سۆز» قاتارلىق داستانلىرى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە گەرچە مەشھۇر سۇڭ نەزمىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ تولاراق قايغۇ - ھەسرەت، ۋىسال - ھىجران ھەققىدىكى قىسقا لىرىكىلاردىن ئىبارەت ئىدى. سى ماگۇاڭنىڭ مەشھۇر تارىخىي قامۇسى «زىجىڭ تۇڭجيەن»

بىلەن چۈشىنىك «تۈگىيەن گاتمو» نامىلىق ئەسىرىمۇ
تېخى ئالەمگە كەلمىگەن ئىدى، بۇ ھال «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە قىممىتىنى
ئاشۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» دىنىي ئىلاھىيەت قوللانمىسى
ياكى ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس نوقۇل ئەخلاق ۋە ئىناپ
توغرىسىدىكى نەسىھەتنامىسىمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك قەھرى-
مانلىق ئېپوپېيىسى ياكى شاھلارنىڭ نەسەبنامىسىمۇ ئەمەس
ھەم تەگرى ھەققىدىكى ئىلاھىيەت كىتابى ئەمەس. «قۇ-
تادغۇ بىلىك» تۈپ ماھىيىتى ۋە تارىخىي قىممىتى ئېتىبا-
رى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، شېئىرىي دراما-
تىك شەكىلدە يارىتىلغان چوڭ ھەجىملىك پەلسەپىۋى
[illegible]مۇس. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى ئۆزى-
[illegible]ڭ تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىنسان-
پەرۋەر، ئىجتىمائىي، ھوقۇقىي ۋە ئەخلاقىي كۆز قاراشلى-
رىنى سوكرات ۋە پلاتونچە ئابستراكت دىئالوگ شەك-
لىدە ياكى ئارىستوتىل ۋە فارابىچە مەنتىقىي مۇھاكىمە
ئۇسۇلىدا ئەمەس، بەلكى دراماتىك، ئوبرازلىق ماجەزى
ۋاسىتىلەر بىلەن شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەپ، كلاسسىك
ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى ئىپادىلەش شەكلىنى ياراتتى.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىلغار
ھېسابلانغان پانتېزملىق (تەبىئەت ئىلاھچىلىقى) تەبىئەت

پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشتىن قول سېلىپ، تەبىئەت، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ گارمونىك بىر دەكلىكى كۆز قارىشى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى، بەخت كۆز قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

مۇئەللىپ ئالەمنىڭ تەڭرى («بايات») تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى روشەن ئىپتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالەمنىڭ مەنبەسى ئۆزلۈكسىز زىددىيەت («ياغىلىق») ۋە بىرلىك («ئۆزلۈك») ئىچىدە دائىمىي ھەرىكەتلىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات («تۆت تادۇ») ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ماھىيەتلىك ۋە تولىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويغان. فارابى ۋە ئىبنى سىنادىن كېيىن ئىلاھىيەتچىلىك ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق پىكىر ئېقىمى بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەتنى تەبىئەت ئارقىلىق ئىزاھلاش نۇقتىئىنەزىرىنى قايتا تەكىتلىگەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتىكى تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكى، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى پائالىيەتچان ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت سائادىتى يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تەرىپىدىن ھەم تەبىئەت پەلسەپىسى ھەم گۇمانىزم ئا-
ساسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان ھەمدە داستاننىڭ ئاساسىي
سەرلەۋھىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان مەسىلىسىدە غەرب
پەلسەپە تارىخىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدىكى ئانتروپولو-
گىزملىق كۆز قاراشقا ياندىشقان. ئۇ، ئىنساندىكى تۇغۇ-
لۇش، ياشاش، كېسەل بولۇش، داۋالىنىش، قېرىش،
ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى تەبىئىي ھادىسىلەر سۈپىتىدە تۆت
زات، تۆت خىلىت، تۆت مىجەزنىڭ ئۆزئارا تەسىر قى-
لىشى ئاساسىدا ئىزاھلىغان. ئۇ ھاياتنى تاشقى مۇھىت
بىلەن گارمونىك ھالەتتە تۇرغۇچى بىر جەريان سۈپى-
تىدە چۈشەنگەن. ئۇ ئادەمنىڭ كۆرىدىغان چۈشلىرىنىمۇ
تۆت زات، تۆت خىلىت، تۆت مىجەز، تۆت پەسىل،
ھاياتنىڭ گۆدەكلىك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرى-
لىقتىن ئىبارەت تۆت دەۋرى بىلەن شەخسنىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ئەھۋالى ئاساسىدا ئىزاھلاشنى تەشەببۇس قىل-
غان. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى سوپى - زاھىت ئودغۇرمىش
ھەققىدىكى مىسرالارنىڭ قانچىلىك نازۇك ئويۇشتۇرۇلۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇئەللىپنىڭ دۇنيا قارىشىنى، بو-
لۇپمۇ ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قارىشىنى تېخىمۇ
گەۋدىلەندۈرگەن. مۇئەللىپ ئومۇملۇق جەھەتتە تەركى-
دۇنياچىلىق، تەسەۋۋۇپچىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆز قاراش-
لىرىغا نىسبەتەن ئېتىراز، مۇنازىرە ۋە مەسخىرە خاراك-
تېرىدىكى تەشەببۇسلارنى ياقلىغان. ئۇ، رېئال ئالەم
ھەقىقەتلىرىنى باقىي ئالەم ئەپسانىلىرىدىن، ئىنسانلار ئارى-

سدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاقىلىرىنى تەركىدۇنيا-
چىلىق ئالاۋەتلىرىدىن، ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىلا-
ھىغا ئىستىقامەت قىلىشتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.
ھەتتا: «بىلىملىك كىشىنىڭ ئۆزلىشى تەقۋادار زاھىتنىڭ
ئەتىكاپتا ئولتۇرۇشىدىن ئەۋزەل» (3225 - بېيىت)،
«دوزاق ئىشىكىنى پىچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت بىلىم»
(3223 - بېيىت) دەپ جاكالىغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە
تېخىمۇ قىممەتلىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارىغا —
ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنىڭ بىلىش
سەمەرىسى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ
ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە
ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆپ
قېتىم روشەن تەكىتلىگەن. ئۇ، ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتى-
دارى بولغان ئەقىل («ئۇقۇش») توغما ئىقتىدار بولسا-
مۇ، بىلىش ۋە ئۇنىڭ كرىستالى بولغان بىلىم («بىلىك»)
دە ئېرىشىلىدىغان نەرسە، تەربىيە ۋە بىلىش پائالىيە-
تىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. داستاندا
سەزگۈ، تەپەككۇر، تىل، مېڭە، تەجرىبە، ئەمەلىي پائا-
لىيەت، تەربىيە، تەلىم، خاتالىق، ھەقىقەت قاتارلىق
بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى ۋە كاتېگورىيىلىرى مۇ-
ھاكىمە قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىلىشنى
مەقسەت قىلىش، بىلىم ۋە ھەقىقەتنى ئىگىلەشتىن مەقسەت

ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتكە سەۋەب بولىدىغان ئەمەلىي،
ياخشى ۋە گۈزەل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش توغ-
رىسىدىكى ئىدىيەلەر ئەينى زامان شارائىتىدا مىسلىسىز
ئىلغار پەلسەپۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر
شارائىتىدىكى ئاتالمىش «ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى تۇنجى
گۇناھنى بىلمەكلىك»؛ ئالەم ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى
بىلىشكە ئىنتىلىش «ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە ئېتىراز بىل-
دۈرگەنلىك» دېگەندەك ئىلاھىيەت كۆز قاراشلىرىغمۇ،
ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئەقىدىچىلىك، سەپسەتىۋازلىق،
مەدرىسە پەلسەپۋازلىقى قاتارلىقلارغىمۇ قارشى ھەقىقىي
مەنىدىكى بىلىش خىتاپنامىسى بولدى. يۈسۈپ خاس ها-
جىپنىڭ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك،
تىل ـ ئەدەبىيات، چەت تىل تەرجىمشۇناسلىقى، تارىخ،
ئېتنوگرافىيە، فولكلورچىلىق، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئى-
لىم، مالىيە ـ ئىقتىساد ئىلىملىرى، ئېتىكا، مائارىپ ۋە
تەنتەربىيە ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىلىم ئەھ-
لىگە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ توغرا قائىدىلىرى توغرىسىدىكى
سىياسىي تەشەببۇسلىرى ئۇنىڭ راتسىئونالىزمچى، ئىلىم-
پەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئىس-
پاتلىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە سىياسىي ئىجتىمائىي مەس-
لىلەر ئەينى زامان ئىلمىي ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا
«سىياسىي پەلسەپە» نۇقتىئىنەزىرى بىلەن بايان قىلىنغان.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت سەلتەنىتى ۋە جەمئىيەت
يۈكسىلىشىنىڭ ھۆلى خەلق ئاممىسى ئىكەنلىكى؛ دۆلەت

ۋە خەلقنىڭ تۇپ ۋەزىپىسى جەمئيەتنىڭ خاتىرجەملىكى
ۋە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتىنى بەرپا قىلىش
ئىكەنلىكى؛ دۆلەت باشلىقى ۋە ئەمەلدارلار سىستېمىسـ
دىكى خادىملارنىڭ بىلىم - ماھارەت، ئەخلاق - پەزىـ
لەت شەرتىگە ئىگە بولۇش لازىملىقى؛ بىلىمسىز ۋە شەپـ
قەتسىز ئەمەلدارلارنىڭ دۆلەتنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى؛
بىلىم بىلەن ئادالەتلىك قانۇننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشـ
نىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى
بىر قاتار كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شەرقـ
دىكى ئۇلۇغۋار گۇمانىستىك قانۇنشۇناس ۋە سىياسەتشۇـ
ناس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. داستاندا ئالاھىدە تەكىتـ
لەنگەن ھاكىم مۇتلەقلىقنى چەكلەش، خالىق ھۆكۈمرانـ
لىقنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسـ
دىكى كۆز قارىشى كونستىتوتسىيىلىك مونارخىيە خاراكتېـ
رىنى ئالغان بولۇپ دېموكراتىك ئىدىيىۋى قىممەتكە
ئىگە. ۋاھالەنكى، مۇنداق كۆز قاراش غەربىي ياۋروپادا
پەقەت مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلدى. يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەرلىكى
توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي تەشەببۇسى ئۆز دەۋرى سەۋىيـ
سىدىن ھالقىپ چىقىپ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى
سىياسىي تەشەببۇسلارغا ئوخشىشىپ كەتكەنلىكىنى ئالاھىدە
كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، بۇنداق تەشەببۇس
كىشىنىڭ تەڭرى ۋە تەبىئەت ئالدىدىكى تەبىئىي ھوقۇقى.
سۈپىتىدە 1776 - يىلدىكى «ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتـ
تابنامىسى» غا كىرگۈزۈلگەن ئىدى، 1849 - يىلدىكى.

«فرالكو فورت كونستۇتسىيىسى» نىڭ 137 - ماددىسىدا پەقەت نېمىسلارلا قانۇن ئالدىدا باراۋەر دېيىلگەن. ۋاھالەنكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە پادىشاھ ئائىلىسى ۋە قۇللار، باشقا يۇرتنىڭ مۇساپىرلىرىمۇ قانۇن ئالدىدا باراۋەر دەپ قەيت قىلىنغان. مېنىڭچە، بۇ سىياسىي تەلىماتلار تارىخى بىلەن ھوقۇقشۇناسلىق تارىخىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم بولغان تارىخىي مۇھىم ۋەزىپە.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مېغزىنىڭ «ئىنساننىڭ تۇغما ئەزگۈلۈكى» (ياخشىلىقى) كۆز قارىشىغىمۇ، شۈەنزىنىڭ «ئىنساننىڭ تۇغما يامانلىقى» كۆز قارىشىغىمۇ، پلاتوننىڭ «ياخشى - يامان پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى كېيىن ئېرىشىلگەن بولىدۇ» دېگەن كۆز قارىشىغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئېتىكىلىق كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر تەرەپتىن «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دەيدىغان تۇغما پەزىلەت كۆز قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ، ئاساسىي نۇقتىنەزەر جەھەتتە ئەخلاقىنىڭ تەربىيە ۋە مۇھىت تەسىرىدە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، شەخسنىڭ قانداق ئەخلاقىي يول تۇتۇشى ئۇنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ھەر قايسى كاتېگورىيىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر قىممەتكە ئىگە.

شۇنى ئىپتىخار بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى: «ئىلىم — كۈچ، ئىلىم —

بەخت قورالى. ئىلىم — ئىنسان قەدرى ـ قىممىتىنىڭ ھۆلى» دېگەن كۆز قاراش تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ چىقتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىنسان تۇغۇلۇپلا بىلىملىك ۋە دانىشمەن بولمايدۇ، ئىنسانىنىڭ بىلىملىك بولۇشى بىلمەسلىكتىن بىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، تەلىم ـ تەربىيە بىلىم ئېلىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، ماتارىپسىز ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن كۆز قاراشمۇ كۆڭزى ۋە مېڭزىنىڭ «ياۋ ـ شۇنگە ئوخشاش دانىشمەنلەر تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولغان» دېگەن ئىدىيالىستىك كۆز قارىشىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەلىم ـ تەربىيىنى كىچىكىدىن باشلاش كېرەك: ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى، جىسمانىي تەربىيە، ھۈنەر ـ ماھارەت تەربىيىسى، تۇرمۇش تەربىيىسى ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى ماتارىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىنىشى كېرەك؛ بىلىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، بىلىمنى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىگە قارىتىش كېرەك، دېگەن كۆز قاراشمۇ تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ چىقتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىلىمنى سۆيۈش تەلىم ياكى تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش، ياشلىق باھارىنى ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ۋە خەلق ئۈچۈن سەرپ قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرمۇ تارىخ تەرىپىدىن تەك-

رار ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ قالدى.
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى دۆلەتنى ئىلىم - پەن بىلەن باشقۇرۇش، دۆلەت ۋە جامائەت ئىشلىرىغا بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ماھارەتلىك قابىل كىشىلەرنى قويۇش، ئىلىم ئەھلىگە تولۇق ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا مېھرىبان بولۇش، ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە كەڭ قوللۇق بىلەن مەدەتكار بولۇش، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى زىننەتلەش توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرمۇ تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ چىقتى. مانا بۇلار ئەڭ كەم دېگەندىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا چاقناپ تۇرغان مەرىپەتشۇناسلىققا ئائىت ئىلغار تەشەببۇس بولۇپ، زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىجتىمائىي تەبىقىلەر، ئىجتىمائىي كەسپلەر، ئىجتىمائىي ئىختىك ھايات، مالىيە - ئىقتىساد، خارجى ئىشلار، ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا بىر يۈرۈش مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ «قەلەم ۋە ئەلەم»، «قوشۇندا سىياسىي خىزمەت»، «ئەسكەر ۋە سەركەردە»، «جەڭ ھازىرلىقى - سەپەرۋەرلىك»، «ئۇرۇش ۋە سۇلھى»، «ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە»، «رازۋېتكا ۋە ئەسىر ئېلىش»، «يىراقتىن ئېتىشىش ۋە يېقىندىن نەيزىۋازلىق»، «مۆكتۈرمە ۋە قامال»، «قوغلاش ۋە قېچىش»، «كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم»، «ھەربىي تەمىنات»، «قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئۇرغىتىش»، «مەيىپ ۋە قازا تاپقانلارغا ئائىت خىزمەت»، «مۇكاپات ۋە جازا» قاتار-

لىق جەھەتلەردىكى بايانلىرى يالغۇز سامانلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىشتىكى ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشى ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى بولۇپلا قالماي، بەلكى كۆرۈنەرلىك ھەربىي دىئالېكتىكا قىممىتىگىمۇ ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر تارىخىدىكى ئىلمىي قىممىتىدىن تاشقىرى ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىرىنچى قول ھۆججەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى» ۋە شېئىرىيىتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ دەستۇرى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان شارائىتىدا ئەرەب - پارس تىللىرى بېسىمى ئاستىدا «كېيىكتەك ھۈركۈپ تۇرغان» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى «بەيگىدىكى ئاتتەك» جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرۈشتە زور ئۇلگە ياراتتى. روشەنكى، ئەينى زاماندا ئىلمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر ئەرەبچە يېزىلىشقا يۈزلەنگەن ئىدى. مۇسا خارەزمى، پەرغانى، فارابى، ئىبن سىنا، ھەتتا مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك شەكلى بولغان شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىغا بولغان غۇرۇرى ۋە مەسئۇلىيىتىنى جۇشتۇرۇپ، ئىسيانكارلىق بىلەن جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىگە «تۈركىي شېئىرىيەت» نامى بىلەن كىرىپ كەلدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ

قامۇس خاراكتېرلىك بۇ شاھ ئەسەرىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ تىل گۈزەللىكى ۋە تىل بايلىقلىرىدىن بەدىئىي شەكىلدە پايدىلىنىشىنىڭ پارلاق ئۈلگىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ زور ھەجىملىك داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ 68 مىڭ سۆزلۈك لۇغەتى قىممىتىنى يارىتىش بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ شەكىل، كۆپ ژانىر ۋە كۆپ بەھىرلىك مىسلىسىز چوڭ نامايەندىسى بولدى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇتاقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ، مۇتاقارىپ مۇسەممەنى سالىم، رۇبائىي، تەجنىس، تۇيۇق قاتارلىق ژانىر ۋە بېيىت شەكىللىرىنى؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىزملىق، لىرىزملىق ۋە دراماتىك ئامىللىرىنى؛ يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى؛ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى سوپەتلەش، مەجاز، كىنايە، ئىستىئارە، مۇبالىغە، قىياس، تەمسىل، ئىرسالۇلمەسەل قاتارلىق كۆپ خىل تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز سەھىپىلىرىدە ئاپتورنىڭ سىنىپىي چەكلىمىسى، بىلىش چەكلىمىسى، ئىدىيىۋى چەكلىمىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەھەللىي ھەم خەلقئارا تارىخىي چەكلىمىسى تۈپەيلى بىر قاتار نۇقسان ۋە ئادىشىشلاردىن خالى بولالمىغان.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپىنىڭ يېگى پىلاتونى-

زم. ئىسلام ئىدىيالىزمى تەسىرىگە خېلى كۆپ ئۇچرى-
غانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئالەم يارىلىشىنىڭ
مەقسەتدارلىق نەزەرىيىسى تەسىرىنى، ئوتتۇرا ھالەت
نەزەرىيىسى تەسىرىنى، سوپىزم كۆز قاراشلىرىغا قوللان-
غان ھەم كۆرەش قىلىش، ھەم مۇرەسسە قىلىش خاھى-
شىنى، باقىي ئالەم توغرىسىدىكى مۇجمەل كۆز قاراشلارنى،
سىنىپ ۋە نەسەب پەرقلىرىنى مەڭگۈلۈك دەپ ھېسابلاي-
دىغان كۆز قاراشلارنى، بولۇپمۇ ئاياللارغا قارىتىلغان
فېئوداللىق كۆز قاراشلارنى ئەسەردىكى سەلبىي نەرسىلەر،
فېئوداللىق شاكاللار دەپ رەت قىلىمىز.

بىز داستاندىكى ھېسسىي بىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئە-
مەلىيەتنىڭ بىلىش جەريانىدىكى رولى توغرىسىدىكى كۆز
قاراشلاردا ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەي-
يەنلەشتۈرىمىز.

بىز داستاندىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي، بولۇپمۇ
قانۇنشۇناسلىق جەھەتلەردىكى تەشەببۇسلارنىڭ قاراخا-
نىلار سۇلالىسىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن باسقۇچىدا بەلگىلىك
رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسىي تەشەببۇس ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن
يەنىلا تارىخىي ئىدىيالىستىك، ئوتوپىزملىق خاراكتېر ئال-
غانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «قۇتادغۇ بىلىك» زور
ئىلمىي قىممەت ياراتقان تارىخىي دۇردانە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتېيىست مۇتەپەككۇرمۇ ئە-

مەس، شۇنڭدىن مۇتەئەسسىپ ئىسلام كالامىزمچىسى ئەمەس؛ «قۇتادغۇ بىلىك» مۇكەممەل ماتېرىيالىزملىق «جاھاننامە» مۇ ئەمەس. ئۇ، دىن ۋە ئەقىدە تارىخىدىكى مۇقەددەس كىتاب بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل پەلسەپۋى بىلىش ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر نامايەندە. ئۇ كۆپلىگەن تەبىئەت، بىلىش ۋە ئىجتىمائىي ،ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى رېئالىستىك، راتسىئونالىستىك، پانتېىستىك ۋە گۇمانىستىك ئاساستا ئىزاھلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا مېڭىش يولىنىڭ شەرقتىكى بىر مەشئىلىنى يورۇتقان.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئالەمگە كەلگىنىگە توققۇز ئەسىردىن ئاشتى. بۇ ئەسنادا پۈتكۈل ئىنسانىيەت، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەر ئىدېئولوگىيىسىدە غايەت زور تارىخىي يۈكسىلىشلەر يۈز بەردى. ماركسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلىش تارىخىدا مىسلىسىز چوڭقۇر ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كىردى.

كارل ماركس ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە» ناملىق ئەسىرىدە: «تارىخ ئۆز مەقسىتىنى ئىزلەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت»، «ھېچقانچە ئەقىل سەرپ قىلمايمۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدىكى، ئادەملەردىكى ئەقىل كۈچىنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى، تەجرىبە، ئادەتلىنىش ۋە مائارىپنىڭ ھەممىگە قابىللىقى توغرىسىدىكى، تاشقى مۇھىتنىڭ ئادەمگە تەسىرى توغرى-

ـسدىكى، سانائەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى، ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆڭۈل ئېچىش توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتىنىڭ كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم بىلەن مۇقەررەر ئالاقىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن» دېگەن ئىدى. ۋ. ئى. لېنىن «ماركسىزمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىبىي قىسمى» دېگەن ئەسىرىدە: «پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تارىخى ماركسىزمنىڭ «گۇرۇھۋازلىق» بىلەن ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولىدىن ئايرىلغان ھالدا پەيدا بولغان بىر تەرەپلىمە، تار ۋە تەرسا تەلىمات ئەمەسلىكىنى تولىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىدى. ماركسنىڭ پۈتۈن تالانتى شۇ يەردىكى، ئۇ، ئىنسانىيەت ئىلغار ئىدىيىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى، ئۇنىڭ تەلىماتى شۇ خىل ئۇلۇغ پەيلاسوپلار، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلار ۋە سوتسىيالىستلارنىڭ تەلىماتلىرىغا بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» جۇڭخوا مىللەتلىرى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى نادىر دۇردانە. ئېلىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدىكى بىر زور نەتىجە. ئۇ مەملىكەت ئىچى -، سىرتىدا چوقۇم كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى فرانسۇز شەرقشۇناس ژائۇبېرت ئامېدېنىڭ 1823 - يىلى بۇ داستاننىڭ ۋېنا

نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان ۋاقتىدىن ھېسابلىغاندا بىر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۆتـ كەن ئەسىر ئىچىدە: گىرمان ۋامبېرى، بروككېلمان، ئوتتو. ئولبېرت، ۋ. رادلوف قاتارلىق شەرقشۇناسلار؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا: س. مالوف، بارتولد، بېرتىلس، فىترەت، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى، رېشىت رەھمەتى ئارات، مەقسۇدى قاتارلىق چەتئەل تۈركولوگ لىرى؛ يېقىنقى يىللاردا سالىخ مۇتەللىپوف، قەييۇم كەرـ موف قاتارلىق ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا كۆـ رۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

ئېلىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى 50 - يىلـ لارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولسىمۇ، سولچىل ئىدىيـ نىڭ تەسىرى بىلەن بوغۇپ قويۇلغان ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلىم - پەن گۈلزارىدا بىر قاتار ئىلمىي ئەمگەكلەر مەيدانغا چىقتى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرغىچە چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئاساسەن چەتئەل تۈركولوگلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرىنىڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تېكىستولوگىيىلىك ياكى سېلىشتۇرما تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقاتى، تولۇق ياكى تاللانما تەرـ جىمە - شەرھىسى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ياكى ئەسەر كومپوزىتسىيىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئېلېمېنتار تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي باسقۇچىدىن يىراقلاپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرژۇئا دۇنيا قارىشى ۋە

مېتودولوگىيىسى بىلەن ئاتالمىش «غەرب مەركەزلىك نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرى بولغان غەرب تۈركولوگلىرى (جۈملىدىن ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرى) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى، پەلسەپىۋى، ئىلمىي، بەدىئىي قىممىتىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى قانداقتۇر دىنىي تۈسى قويۇق ئەسەر ۋە نەسىھەتنامە، نوقۇل دىداكتىك داستان، «شاھنامە»نىڭ تۈركىي ۋارىيانتى دەپ قاراشتى. ئۇلار «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ۋە ئەنئەنىۋى تەسىرى ئۈستىدىمۇ بىر - بىرىگە زىت كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بىز بۇ مەسىلىلەردە ئۇلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئايرىم ئاپتورلار ماركسىزملىق مېتودولوگىيە بىلەن بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ۋە بۇ ھەقتە ئايرىم ئىلمىي ماقالا ۋە مونوگراپىيىلەر يېزىشقان بولسىمۇ، بۇ تەتقىقات تېخى باشلىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇ ھال «قۇ دغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى سەۋىيە يارىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق شەرەپلىك ئىلمىي ۋەزىپىسى.

شەرق خەلقلىرى، ئېلىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى دۇنيا مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشقان. مىللىي شەكىل، مىللىي تۆھپىسىز ئۆتكەنكى بىر قانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاشلا بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىمۇ تەسەۋۋۇر قى-

لىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ شەرق بىلەن غەربتە يارىتىلغان مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، قىممىتىنى، ئۆزئارا تەسىرىنى توغرا چۈشىنىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىلىمىزدە ماركسىزملىق يېڭى «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بىز ماركسىزم پرىنسىپلىرىنى قىبلىنامە قىلىپ، تارىخقا ھۆرمەت قىلىپ، ئىلىمنى قەدىرلەپ، بىر نىيەت، بىر پەزىلەت بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغانلا بولساق، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ، ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كۈرىشىگە تېخىمۇ چوڭراق تۆھپە قوشالايمىز.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

ئابلەت ئۆمەر

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى، ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىلغار ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قامۇسى. چۈنكى، ئۇنىڭدا قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى تارىخ، پەلسەپە، ئىقتىساد، قانۇن، ئەخلاق، دىن، مائارىپ، مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردىمۇ مۇپەسسەل ۋە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە نامايەن قىلىنغان پارلاق رېئال تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك پىكىرلەر شېئىرىي تىل ۋە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، داستان شەكلىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئالدى بىلەن بىر نادىر ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ تەبىئەت ۋە

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھادىسە ۋە كۆرۈنۈشلەر-نى پېششىقلاپ ئىشلەپ روشەن، جانلىق بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ھەققىي تۈردە قايتا ئىپادىلەپ، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۈرلۈك سىنىپ، تەبىقىلەر ۋە ھەر خىل شەخس-لەرنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئارزۇ - ئارمىنى، شۇنىڭ-دەك رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنى تارىخ، رېئاللىق، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھا-ياتنى توغرىسىدىكى تۈرلۈك بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ. ئىنقى-لابىي دېموكرات ۋە ئاتاقلىق تەنقىدچى چېرنىشېۋسكىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى «تۇرمۇش دەرسلىكى» دەپ ئاتىغانلىقى، ۋ. ئى. لېنىننىڭ لېۋ. تولستوينى «رۇس ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» دەپ باھالىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى مانا شۇ يەردە.

ماركس ئەنگلىيىنىڭ رېئالىست يازغۇچىلىرى چار-لىز دىككېنس، چارلوتتى بىرونتى خانىم ۋە ھاكلى خانىملار ھەققىدە توختالغاندا: «ھازىرقى ئەنگلىيىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايە - رومانچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر، تە-ۋىرلىك كىتابلىرىدا دۇنياغا ئېچىپ بەرگىنى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئوبزورچىلار ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئېچىپ بەرگىنىدىنمۇ كۆپ بولدى»① دېگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئوتتۇرىغا قويغان مەسە-لىلەرنىڭ سالمىقىنىڭ زورلۇقى، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى،

① كارل ماركس: «ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 10 - توم.

ئىدىيىۋىلىكىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەك-
لىكى جەھەتتىن، شۇنداقلا جاھان ئەدەبىياتىدىكى ئورنى
ۋە تەسىرى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شان-
لىق نەمۇنىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت
خەزىنىسىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى، مول «تۇرمۇش
دەرسلىكى» ۋە ئەينى زاماننىڭ «ئەينىكى» ھېسابلىنىدۇ.

داستان ئۇلۇغ ئەدىب، مۇتەپەككۇر ۋە ئالىم يۈسۈپ
خاس ھاجىپ تەرىپىدىن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ 180-
يىللىرى يېزىلغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ۋە
تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەر ئارىسىدا مەلۇم
دەرىجىدە تارقالغان; ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جە-
ھەتتىكى «ئالتۇن دەۋر» كۈندىن - كۈنگە خارابلاشقان،
ئىچكى نىزا - ماجىرالار كۆپەيگەن، ھۆكۈمرانلار ئارىسىدا
ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپا ئەۋج ئېلىپ، خانلىقنىڭ
ئەھۋالى يامانلاشقان. ئالۋاڭ - ياساق ھەددىدىن ئېشىپ،
خەلق تۇرمۇشى ئېغىرلاشقان. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇ-
لايمان ئارسلان خان يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ
ئاقىۋىتىدە، دۆلەت ۋە جامائەت خەزىنىسى قۇرۇقلىنىپ، ئېكس-
پىلاتاتسىيە ئەدەپ كەتكەن. قىسقىسى، خانلىق مۇنقەرىز-
لىككە يۈزلەنگەن بىر ۋاقىت ئىدى. دانىشمەن يۈسۈپ
خاس ھاجىپ بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئالدىن سېزىپ، قارا-
خانىلار جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان مۇشۇنداق يېڭى زىددىيەت
ۋە مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا
جاۋاب بېرىش مەقسىتىدە، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشقا كىرىش-
كەن ۋە ئەينى زامان تۈزۈمىگە نارازىلىقىنى ئىپادە

قىلغان. ۋاھالەنكى، ئەينى شارائىتتا ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر پىكىرلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بەدىئىي ۋاستىلەرگە تايىنىپ، بىر غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىخچام كارتىنىسىنى سىزىپ چىققان. ئاشۇ غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى شاھ كۈنتۇغدى ۋە باشقىلارلى مەدھىيلەش باھانىسى ئاستىدا، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ چىرىك زەئىپلىكى، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكنى ئۆستىلىق بىلەن تەنقىدلەپ دۇمبالىغان. ئۇ، بۇ جەھەتتە شۇنداق زور ماھىرلىق قىلغانكى، شاھ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن ئاغرىنىش ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى قەدىرلەپ «خاس ھاجىپ» دەپ نام بېرىش بىلەن بىللە، ئوردىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز زامانىسىغا بولغان نارازىلىقى تۆۋەندىكى مىسرالاردا روشەن كۆرۈنىدۇ:

6451 ئى ئالىم قاراپ كۆر، بۇگۈنكى زامان —
ئۆزگەردى، ئىش ـ ھالەت پۈتۈنلەي بۇ ئان.

6452 بىلىملىك خار بولدى، چەتلەتتى ئۆزىن،
ئەقىللىق گاچا بولدى، ئاچماس تىلىن.

6453 كۆپەيدى ئەل ئىچرە يامان ـ پەس كىشى،
ياۋاش بولدى دەپسەندە، چۈشتى بېشى.

6588 بۇزۇلدى نېچۈن خەلق، نىزامنى ئېتىپ تەركە
نېچۈك بىر زامانغا قالدىم، قايان كېتەيمەن.

6601 چاپاندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شۇرارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇرايمەن.

6603 ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەبىر - جاپالار،
بۇ گۇستاخ، پەسلەردىن يىراقراق تۇرايمەن.

شائىرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىشقا سە-
ۋەب ۋە تۈرتكە بولغان نەرسە، ئۇنىڭ بەخت - سائادەتلىك
گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشى ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىغا
بىرەر ئادالەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسى بولغان
بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز زامانىسىدىكى جەمئىيەتنىڭ
سىياسىي ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىغا نىسبەتەن نارازىلىقىنى
ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

لېنىن: «ھەر بىر مىللىي مەدەنىيەتتە، ئىككى خىل
مىللىي مەدەنىيەت بار، ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە گەرچە
تەرەققىي تاپمىغان بولسىمۇ، بەزى دېموكراتىزملىق ۋە سوت-
سىيالىزملىق تەركىبلەر بولىدۇ. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ ھەرقان-
دىدا ئەمگەكچى ئاممىمۇ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاممىمۇ
بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەرت - شارائىتى مۇقەررەر ھالدا
دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيە سىستېمىسىنى بار-
لىققا كەلتۈرىدۇ، لېكىن ھەر بىر مىللەتتە بۇرژۇئا مەدەنىيىتى
(كۆپ ساندىكى مىللەتلەردە يەنە گېزىندىلەر ۋە

دىنى ھوقۇقچىلىق مەدەنىيىتى) مۇ بولىدۇ. بۇ بىر «تەر-كىب، لا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغان مەدەنىيەت» ① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۇرمۇش، ئىدىيە، ئارزۇ ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. خەلق كۆڭۈل بۆ-لىدىغان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى بېيىتىش، ساغلام پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق كۈچلۈك دېموكراتىك خاھىش، خەلقچىللىق ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ، مىللىي مىراسلىرىمىز ئىچىدىكى بىر ئىسىل گۆھەر-دۇر.

داستاندا قاراخانىلار جەمئىيىتى دۇچكېلىۋاتقان يىمىر-لىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تىنچ، بەختىيار، پەزىلەت-لىك ۋە ئادىل غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئىجتىمائىي غايىسى ئادا-لەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان پادىشاھ كۈنتۇغدى، سائادەت بىلەن ئامەتنىڭ سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئايتولدى، ئەقىل - ئىدرەك ۋە پەم-پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىش، سەۋر - تاقەت-نىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژنىڭ سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ئەل

① «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەنقىدىي پىكىرلەر»، «لېنىن ئەسەرلىرى» 20-توم، خەنزۇچە نەشرى، 6- بەت.

ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان شاھنى «كۈنتۇغدى» دېگەن سىمۋوللۇق نام بىلەن ئاتاپ، ئۇنىڭ جىمى پۇقرالارغا خۇددى كۈنگە ئوخشاش تەكشى نۇر چېچىشىنى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى يولغا قويۇشىنى، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشىنى ۋە يوقىرى مەلۇماتلىق، پەم - پاراسەتلىك ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

217 جاھان تۇتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۈرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

284 پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان،
قولان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.

شائىر فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتتە، شاھنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ پاراۋانلىشىشىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك ھەم ۋاستىچىلىق رول ئوينايدىغان بەگ - ئەمەلدارلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلىرىنى ئىجابىي جەھەتتىن بايان قىلغاندىن باشقا، سەلبىي جەھەتتىن مۇنۇلارنى جىكىلەيدۇ:

2012 گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2030 سۇرەلمەس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتەرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

شائىر ئۆز داستانىدا «ھىممەتلىك بولۇش، ياخشى-
لىق — پەزىلەتنىڭ شەرتى»، «خەلقنى پاراۋان قىلىش —
ھاكىمىيەتنىڭ مەقسىتى»، «ئەل نەزىرىگە ئېرىشمەك —
خانلىقنىڭ ئاساسى»، «ياخشىلىق — ھايات شاتلىقى،
ئۆمۈر شەبنىمى — دۇنيا گۈزەللىكى»، «ئەل نەزىرى —
خانلىق سەلتەنىتىنىڭ ئاساسى»، «پارىخورلۇق — دۆلەت-
نىڭ نومۇسى» دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ھەربىي باش قوماند-
داندىن ئارسلاندەك يۈرەكلىك ھەم قەھرلىك، قاپلاندەك
بىلەكلىك، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتاز-
دەك سۈرلۈك، تۈلكىدەك ھەييار، نار تۆگىدەك ئۆچلۈك
ساقلىغۇچى، قىيا قۇزغۇنىدەك يىراققا تىكىلگۈچى...» بولۇش-
نى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە پۈتۈكچى (كاتىپ) ھەققىدە:

2674 ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.

دەپ يازىدۇ. ھەمدە يۇقىرىقى ئۈچ مۇھىم شەخسنىڭ
رولىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

2418 ۋەزىرلىك بېرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى بىرسى، قولىدا ئەلەم.

2426 بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

داستان ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ ياراتقۇچىسى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئەمگەكچىلەر، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، شائىر ئۇلارنىڭ غايەت زور رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

4400 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ دېھقانلار ئېرۇر،
بۇلار بەك كېرەكلىك كىشىلەر تۇرۇر.

4403 پۈتۈن جانى بار ئاچ بولۇر ھەم تويۇر،
تېرىك بولسىلا ئۇڭا مۇھتاج ئېرۇر.

4439 بۇلاردىن كېلەر سۈك بۇ چارۋىچىلار،
پۈتۈن يىلقىلارغا بولۇر باشچىلار.

4442 قېمىز، سۈت يا يۇڭ، ياغ، قېتىق يا قۇرۇت،
بىسات يا كىگىز ھەم ھوزۇر ئۆيگە تۇت.

4456 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ھۈنەرۋەن ئېرۇر،
تىرىكلىك يولىدا ھۈنەرلەر قىلۇر.

4458 تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى، يەنە تېرىمچى،
يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى، ياچى.

شائىر ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ،

4341 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر،
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يورۇتۇر.

4352 ئۇلاردىن كېرەكى ساڭا ئىلمدۇر،
يېتەكلەپ ساڭا ھەق يولىن كۆرسىتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا، شاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا بىر قاتار ئاقىلانە تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىللە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرىغىمۇ باتۇر، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەمىمىي، ھەققانىيەتچىل ۋە ئۆز ئارا كۆيۈمچان بولۇشنى؛ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن بىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشنى نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور خىسلەت» دەپ ھېسابلايدۇ. مانا بۇلار شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى ئىلغارلىق، تەرەققىپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىقنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ، گەرچە ئۇ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە يارىتىلغان ئەسەر بولسىمۇ، تاكى ھازىرغىچە بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. شائىرنىڭ دۆلەتنى ئىلىم - مەرىپەت، قانۇن ئارقىلىق دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش، شاھتىن

تارتىپ جەمىكى يۇقىرىلارغىچە ئىلىم - پەن ۋە ھۈنەر ئىگىلەش توغرىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك كۆز قارىشى ئەڭ قىممەتلىك بولۇپ، مەلۇم تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزگە مەلۇم، «بىلىم — كۈچ» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى 16 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى بېكون ئېنىقراق تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى راست، ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) دېگەن بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنى مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمۇ تارىخىي پاكىت. ئۇ ئاللىبۇرۇنلا، ئىلىم - پەن بىردىن بىر توغرا يول، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىدۇ، بىلىم — ئىنسان ئەقلىنىڭ مېۋىسى ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئوزۇقى. كىشى تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولمايدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىمگە ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بىلىم — كىشىلىك جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىسى ھېلىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ ئىرىكلا ئۆلۇر.

211 كىشى كۆڭلى تۇپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۇنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

شائىر ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىق ۋە ناچار ئىللەتلەرنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق تۈزىتىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھالەتكە ۋە نادانلىققا قارشى راتسىئونالىزم كۆز قارىشىنى تەرغىب قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ۋە ناچار ھادىسىلەرنى پەقەت ئىلىم - پەن بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ ئۆزى مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمىسىمۇ، خەلق فېئودالىزم ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان، نادانلىق ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر شارائىتتا ئىلىم - پەننىڭ رولىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىلغارلىق ۋە تەرەققىپەرۋەرلىكتۇر.

شائىر دۆلەتنى تەرەققىي تاپتۇرۇش، مەملىكەتنى سىرتقى تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەسكىرىي قوشۇن تۇرغۇزۇش، قوشۇنلارنى كۈچەيتىش ۋە ئەمنىلەش ئۈچۈن خەلقنى بېيىتىش بىردىن بىر يول ئىكەنلىكىنى؛ خەلقنى بېيىتىشنىڭ توغرا يولى بولسا، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ قانۇن توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسى، دۆلەت، جەمئىيەت، ئەدەب - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت نۇقتىشىنەزەرلىرى جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تالانتلىق، چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرى بولۇشقا مۇناسىپ. چۈنكى، ئۇنىڭ شەيئىيلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى يېڭى بىلەن كونا، ئىچكى ئامىل بىلەن تاشقى ئامىل، ھالاۋەت بىلەن جاپا، قېرىلىق بىلەن ياشلىق، يامانلىق بىلەن ياخشىلىق، ھايات بىلەن مامات توغرىسىدىكى چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل كۆز قاراشلىرىدا ساددا دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەر روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ كۆز قارىشىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، داستاندىكى ئالاقىدار بايانلاردىن پەقەت بىردىنلا بېيىتنى مىسال كەلتۈرىمىز:

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېگىندا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

5109 ئېلىگ سەن قارىما كىشى تېشىغا،
ئىچىگە قارا ھەم مەخپىي ئىشىغا.

1087 چىقشقا چۇشۇش بار، ئىگىزگە پاتنق①،
سۆيۈنچكە قايغۇ ـ غەم، ئاچچىققا تاتنق②.

731 ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

434 هالاۋەت هەممىشە جاپا بىرلەدۇر،
سۆيۈنۈش قايغۇلە دائىم تەڭ يۈرۈر.

2250 قارا تۈن، يورۇق كۈن ئاراسى يىراق،
يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا بولماس قوناق③.

4817 سەن مەيلى بەگ بول يا مەيلى بول بىر قۇل،
قالالمايـەن ئۈزاق، ئۆلۈم توسار يول.

ئۆتكەنكى هەر قايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەيلى قايسى دەۋر، قايسى سىنىپنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هېچقايسىسى دەۋر ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىدىن هالقىپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەن. شۇڭا، ئۇلاردا هامان ئۆز دەۋر ۋە سىنىپنىڭ چەكلىملىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۆتمۈش دەۋرلەردە يارىتىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى مۇئەييەن تارىخىي

① پاتنق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) چوڭقۇرلۇق، ئوي يەر.
② تاتنق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تاتلىق، لەززەت.
③ قوناق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قونۇچى، مېهمان.

شارائىتتا قويۇپ، ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزم قارىشى بويىچە تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بىلەن رولىنى ھەمدە چەكلىملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. پەقەت تارىخىي شارائىتتا بىرلەشتۈرۈپ، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندىلا، ھەم ئۇنىڭ تارىخىي رولىنى كۆرۈۋالغىلى، ھەم ئۇنىڭ سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىملىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەسەر ئۈستىدە توغرا ۋە مۇۋاپىق خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئىلغارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم تارىخىي، سىنىپىي چەكلىملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش؛ ھەم ئۇنىڭ تارىختىكى ئىلغار رولىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەم ئۇنىڭ بۈگۈنگە قارىتا پاسسىپ تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش — قەدىمكى مەدەنىي مىراسلارغا تۇتۇلىدىغان توغرا پوزىتسىيە. ماركسىزم تېخى دۇنياغا كەلمىگەن چاغدىكى ئەسەرلەرنى زومۇزو ھالدا ماتېرىيالىزم پرىنسىپى بىلەن ئوخشاش ياكى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بار دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس. نۆۋەتتىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا تارىخىي ماتېرىيالىزمغا يات بولغان مۇنداق پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلماسلىقىمىز، سوتسىيالىستىك يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئىلىم - پەننى يۈكسەلدۈرۈش ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەرگە توغرا، ئىلمىي باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىلغار تەرىپىنى مۇقىملاشتۇ-

رۇپ، پاسسىپ تەرپىگە چىددىي مۇئامىلە قىلىپ، كىتاب-
خانىلارنى كىلاسسىك ئەسەرلەرلى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق
توغرا كۆز قاراش بىلەن ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن توغرا
خۇلاسە چىقىرىشقا يېتەكلىشىمىز لازىم.
مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
«قۇتادغۇ بىلىك» تە سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەل-
سەپۋى مەسىلىلەرگە دائىر بىر قاتار قىممەتلىك پىكىر-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، خەلقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار-
غا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى ئەگرى يوللار بىلەن
ئەكس ئەتتۈرگەن. خەلقنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئە-
قىل - پاراستىنى، ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مەدھىيىلىگەن.
ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئورتكىلىك
رولىنى تولۇقلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ ئۆز دەۋرى ۋە
سىنىپىنىڭ چەكلىمىسىدىن خالى بولالمىغان، ھالقىپمۇ
ئۆتەلمىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىش
مۇمكىن:
بىرىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار خان-
دانلىقى جەمئىيىتىنى «بۆرە بىلەن قوزا بىر ئېرىقتا سۇ
ئىچىدىغان»، «پادىشاھ ئادالەت ۋە قانۇننىڭ ھامىيسى
بولغان»، «ئادالەت — پادىشاھ بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىد-
كى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆلچىمى بولغان»، ئىقتىساد، ھۈنەر
ۋە ئىلىم - پەن گۈللەنگەن، خەلق باياشات بولغان
غايىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
شۇڭا، ئۇ «دۆلەتنى تۈزەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادا-
لەتلىك پادىشاھنىڭ بولۇشى» نى «پادىشاھ ئادىل سىيا-

سەت، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگەندىلا، ئەلنى گۈللەندۈرـ
گىلى بولىدىغانلىقى» نى، «ئادالەت ھەممىگە قارىتا بىرـ
دەك مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدىغانلىقى» نى، «مەملىـ
كەتتە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈلسە، ئەل ئامانلىق تاپىدىـ
غانلىقى، يامانلار ھوقۇق تۇتسا، يۇرت پاراكەندە بولىـ
دىغانلىقى» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ، ئاپتورنىڭ فېئودال
ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچىدىكى دېموكراتىك خاھىشتىكى
ئىلغار مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ ئەنە شۇنداق غايىۋى جەمئىيەتكە تەشناـ
لىق بىلەن ئىنتىلىشى، دەل ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىن
پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلەشـ
كەن، ئۇرۇش - جاڭجاللار كۆپەيگەن، خەلقنىڭ ئۈستىـ
دىكى ئالۋاڭ - ياساق ۋە زۇلۇم - ئوقۇبەت كۆپەيگەن،
قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ جاھالەتلىك رېئاللىقىغا بولغان
نارازىلىقى، بىزارلىقى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشىنى ئىپادىـ
لەيدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا «قۇتادغۇبىلىك» ئىلغار ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئەمما شۇـ
نىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ خىل غايىۋى جەمـ
ئىيەت فېئوداللىق دەۋردىكى فېئوداللىق ئىقتىسادىي باـ
زىس ئاساسىدىكى دېھقانلارنىڭ ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ
بىر خىل خىيالىي — ئوتوپىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسى
بولۇپ، بۇ خىل غايە ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ، ئەلـ
نى، خەلقنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي چىقىش
يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فېئودال
پادىشاھلار ۋە ئەمەلدارلارغا نەسىھەت قىلىش يولى بىلەن

بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. لېنىن: «ئىككى خىل ئۇتوپىيە» دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇتوپىيە ئورنى يوق نەرسە، خىيال-ئۇيدۇرما ۋە چۆچەك» دېگەن ئىدى. روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرغىب قىلغان «غايىۋى جەمئىيەت»، «خىيالىي دۇنيا» مۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشمايدىغان، بىر خىل خام خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى، كېيىن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى، شۇڭا، دەۋر ۋە سىنىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇخىل تارىخىي چەكلىمىلىكنى توغرا تونۇش لازىم.

ئىككىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن ئازغىنە كەم 1000 يىل ئىلگىرى ياشىغانلىقى، ئۆز داستانىنى ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان بىر شارائىتتا يازغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئىزھار قىلغاندەك، «خەير خەزلىغ ئەر» (تەقۋادار مۇسۇلمان) بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئەسەرنىڭ بەزى سەھىپىلىرىدە، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك توغرىسىدا بىر قەدەر ئاتېيىستىك ۋە ساددا ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىم - پەيلاسوپلىرى تېخى يېشىپ بېرەلمىگەن پەلسەپىۋى سىياسىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىپ، يۇنان - رىم پەلسەپىسىدىكى ماتېرىيالىستىك ئېقىملارغا، فارابى ۋە ئىبنى سىنالارنىڭ ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىدىيالىستىك خاھىشلاردىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىن خالىي بولالمىغان ئىدى.

شائىر داستاندا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە، پەقەت خۇدالا بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان دەپ تونۇيـدۇ، مەسىلەن:

692 تۆرەلگەن نىمەلەر بارى يوقلۇر،
تۆرەلتكەن بىر ئاللا، نە قىلسا قىلۇر.

روشەنكى، شائىرنىڭ داستانى ئىدىيالىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان. شەيئىيلەرنىڭ تەقـدىرىنى ئاللاغا باغلاپ قويغان. بۇنى ئۇنىڭ 11 - ئەـسىر مۇتەپەككۇرى ئىكەنلىكى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەهـلىل ۋە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، فېئودالىـزم دەۋرىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىلىق ئاڭ ۋە ئەدەب - ئەخلاق قارىشىنىڭ روشەن ئەكس ئېتىشى، دېـموكـراتىك ئىلغار پىكىرلەر بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشى هېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك هادىسە ئەمەس. شۇڭا، ئۇـلارغا دېموكـراتىك مېغىزىنى تاللاپ، فېئودالـلىق شاكـلىنى تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىـمىز لازىم.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىك مەسىلىسى ئەدەـبىي ئەسەرلەرگە باها بەرگەندە، دىققەت قىلماي بولـمايدىغان مۇهىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بەدىئىيلىك ئاساـسەن، يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ هەرخىل ئىپادىلەش ئۇـسۇللىرى هەم ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلىگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئىپادىلىگەن ئىـ

دىيۋى ھېسسىياتىنىڭ توغرىلىق، چىنلىق، كېنىقلىق ۋە جانلىقلىق دەرىجىسى بىلەن ئۇستىبىتىك قىممىتى، بەدىئىي شەكلى، كومپوزىتسىيىسى، تىلى ۋە بەدىئىي ماھارىتى قا- تارلىق ئامىللارنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە قارىتىلغان. ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۆزىگە ماس كەلگەن بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادى- لىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» يۈكسەك بەدىئىيلىككە، مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن يۇقىرى تەلىم - تەربىيە ۋە كۈچلۈك دىداكتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەر. ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن، لىرىكا بىلەن تېپىك بايان، دراما- نىڭ ئاساستىكى ۋەقەلىك بىرلەشتۈرۈلگەن شېئىرىي ئە- سەر. ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن؛ بەدىئىي ئۇسلۇبى جە- ھەتتىن، قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ كلاس- سىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىسىنى نا- مايەن قىلغۇچى ئورىگىنال ئەسەردۇر.

داستاننىڭ بەدىئىيلىكى جەھەتتە ئالدى بىلەن شۇ- نى كۆرستىش كېرەككى، بۇ ئەسەر كۈچلۈك بەدىئىي ۋاستە ۋە مەنتىقىي ئاساستا دۆلەتنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئىنسانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن تۈزەش؛ ئومۇمەن ھەممە كىشى تىنچ، بەخت- يار ھايات كەچۈرىدىغان «غايىۋى جەمئىيەت» قۇرۇشتىن ئىبارەت باش تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا، ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن، سىستېمىلىقىقا ۋە ئىزچىللىقىقا ئىگە. بۇ

خىل بەدىئىي مەنتىقە شەيئىيلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى توغ-
را ئىگىلەشتىن كەلگەن توغرا ئەقلىي بىلىشنىڭ ئوبراز-
لىق تەپەككۇرىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر-
نىڭ بىر مەركىزىي نۇقتىسىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىش
جەريانىدا ئوبرازلارنى ئورگانىك ھالدا ماسلاشتۇرۇپ،
سىستېمىلىق تەسۋىرلەيدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان
كىشى ئىدىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تەربىيە، بەدىئىي جەھەت-
تىن ئىستېتىك زوق ئالالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستا-
نىدا بەدىئىي مەنتىقىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ،
ئۇنىڭ جاھالەتلىك، ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈم سۈرگەن
فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئورنىغا مەرىپەتلىك، پەزىلەت-
لىك، ئۈلگىلىك خىيالىي جەمئىيەت قۇرۇش غايىسى مۇشۇ
تۆت كونكرېت ئوبرازغا يىغىنچاقلانغان ھالدا روشەن
يورۇتۇپ بېرىلگەن.

شائىر، كۈنتۇغدى (شاھ)نىڭ قولىدا خەنجەر، بىر يې-
نىدا شىكەر، يەنە بىر يېنىدا ئۇراغۇن قويۇلۇق ھالدا
چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق كۆرسىدا ئۇلۇغۋار قىياپەتتە ئول-
تۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەشتە ھەم ئايتولدىنىڭ يەل توپ-
نىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەشتە ئوخشاشلا
بەدىئىي مەنتىقىدىن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى، خاننىڭ قولى-
دىكى خەنجەر — ئىشنى كەسكىن ۋە تېز ھەل قىلىدىغان-
لىقىنىڭ؛ شىكەر — دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدى-
غانلىقىنىڭ؛ ئۇراغۇن — يامانلارنىڭ جازاسىنى بېرىدىغان-
لىقىنىڭ سىمۋوللۇق ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئايتولدىنىڭ

يەل توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى، بەخت ـ سائادەت-
نىڭ خۇددى يەل توپىقا ئوخشاش بىر يەردە تۇرمايدىغان-
لىقى، بەخت ـ سائادەتنى خۇددى ھۈركەك
كىيىكنى تۇتقاندەك چىڭ تۇتۇپ، قاچۇرۇپ
قويماسلىقنىڭ سىۋۇللۇق ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.
دېمەك، بۇ خىل بەدىئىي مەنتىقە بەدىئىي زوق قوزغاپ،
كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇشتىلا ئەمەس، ئە-
سەرنىڭ ئىستېتىك قىممىتى ۋە بەدىئىي ئۈنۈمىنى كۈ-
چەيتىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شېئىرىيەت — ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ
يۇقىرى تۈرى بولۇپ، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ئامىللىرى-
نى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ھەممە ۋاستىلەردىن تولۇق پاي-
دىلىنىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان داس-
تان بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى كۆرسى-
تىپ بېرەلەيدىغان مۇكەممەل سيۇژېت ۋە پېرسوناژلار
خاراكتېرىگە ئىگە چوڭ ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسەر بول-
غانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى ۋەقە، پېرسوناژ، مەنزىرە كۆرسى-
تىش ۋە ھېس - تۇيغۇلار شائىرنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي
تەسەۋۋۇرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئارقىلىق يارقىن
ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شائىرلار داستاندا رېئال ھاياتتىن
ھاسىل قىلغان تونۇشى ۋە تەسىراتىنى ئوخشىتىش، تەم-
سىل، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاس-
تىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كونكرېت، جانلىق ۋە يارقىن
تەسۋىرلەيدۇ. بۇ جەھەتتە، داستان يالغۇز ئۆز دەۋرى-
دىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن داستانچىلىقنىڭ

يۈكسەك چوققىسى بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى شېئىرىيەت ۋە داستانچىلىق ئىجادىيىتىگىمۇ نەمۇنە بولالايدۇ. ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك شېئىرىي مىسرالار بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ھەقىقىي كرىستاللى ياكى سەمەرىسى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ھەقىقەتەن بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن جۇلالىق ئۈنچە - مارجانلار بىلەن، قىممەتباھالىق گۆھەرلەر بىلەن تولغان خەزىنىگە كىرىپ قالغاندەك، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدۇ ۋە ھاڭ - تاڭ قالىدۇ. داستان پەقەت مول ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتىلا ئەمەس، شۇنداقلا روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

شائىر ئادەم جىسمانىي قۇۋۋەتكە تولغان ياشلىق مەزگىلىدە، ئۇنىڭ ئەقىل - بىلىم قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى، ئەقىل - بىلىم قۇۋۋىتى تولغاندا (قېرىغاندا)، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

---

مانا بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئادەم قېرىغاندا جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاشسىمۇ، ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. ياشلىقىدا جىسمانىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ، دېگەن ئابس-

تراكت پىكرنى يا بىلەن ئۇتقا تەمسىل قىلىش ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان باھار مەنزىرىسىنى خۇددى ئۇستا رەسسامدەك مۇنداق جانلىق تەسۋىرلەيدۇ:

72 غاز، ئۆدەك، قىل①، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى - تۆۋەن.

73 ئەنە كۆر، بىرسى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئوينىپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74 تىزىلغان تۇگىدەك كۆكىش②، تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياڭرىتار.

75 ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۇندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سۆيمىشىن.

76 قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا③،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قاشى قاپقارا.

---

① قىل — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) بىر خىل قۇش. «قىل قۇيرۇقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② كۆكىش — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) بىر خىل قۇش.

③ قاتقارا — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قاقاقلىماق.

شېئىردا شائىرنىڭ تولۇپ تاشقان ھېسسىياتى ئۇنىڭ مول تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۇز ئارا بىرلىشىپ كەتكەن. شائىر «كەچ كىردى» دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كۈن پاتقان چاغدىكى سىرىقلىقنى ئالتۇنغا، ھاۋانىڭ قاراڭغۇلاشقانلىقىنى شىشىگە ھەم مەشۇقلار قېشىغا، كۈننىڭ ئولتۇرغانلىقىنى رۇمى قىزنىڭ يۈزىنى يوشۇرغانلىقىغا تەمسىل قىلىپ ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. «تاڭ ئاتتى» دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھاۋانىڭ قاراڭغۇلۇقىنى جاھاننىڭ قارا قۇش يۈڭى بىلەن تۇسالغانلىقىغا، كېچە قاراڭغۇسىنى قارا كۆڭلەككە، تاڭنىڭ يورىغانلىقىنى قارا كۆڭلەكنىڭ يىرتىلغانلىقىغا، قۇياشنىڭ تۇغۇپ چىققانلىقىنى كۈلۈپ قارىغان قىزنىڭ يۈزىگە ئوخشىتىپ، مەجاز، مۇبالىغە ۋە ئىشارە قىلىش بەدىئىي ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا، ئىلىم - پەندە كامالەتكە يېتىشنىڭ، ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشنىڭ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە توغرا پىكىر قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى ۋە تەرجىمانى تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، تىل بىلەن ئىنسانلار بەخت - سائادەت تاپىدىغانلىقىنى، تىل بىلەن قەدىر - قىممىتى ئاشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ:

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

دەپ يازىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىدا ۋەقەلەر-

نى بايان قىلىش، پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش، مەنزىرىلەرنى سىزىپ بېرىش دىئالوگ ۋە مونولوگلارنى تەسۋىرلەش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ قەدىمدى تۈركىي تىلىنىڭ، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئۈستىسى ۋە تىل سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەم ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رۇبائىي، تەجنىس، مەسنەۋى، تۇيۇق قاتارلىق ئارۇز ۋەزن شەكىللىرىدىن بىمالال پايدىلانغلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئۈنۈملۈك ۋارىسلىق قىلغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. ئەمما بۇلار ئايرىم - ئايرىم تەتقىقات تېمىلىرى بولغاچقا، بۇ ماقالىدا تەپسىلىي توختالمايمەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ماكان، زاماننىڭ چەكسىزلىكى، ئەمما ئىنسان ئۆمرىنىڭ چەكلىكلىكىنى، ئەنە شۇ چەكلىك ھاياتنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

4819 سەن خاھى بولغىن باي، خاھى بول گاداي،
ئۆتۈپ يەر ئۆمرۈڭنى يىللار ۋە كۈن - ئاي.

سەن مەيلى مىڭغا كىر، مەيلى ئون سەككىز،
4818 ئۆلۈرسەن، قويۇپ كەت سەن بىر ياخشى ئىز.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن مول سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي كۆز قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى؛ يورۇتۇپ بەرگەن تېمىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە ئالىم ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدىغان؛ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغانلىقى ۋە ئۇنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى جاھانشۇمۇل بەدىئىي ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى بىلەن تالانتلىق ئەدىب ۋە بۈيۈك شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نادىر ئەسەردۇر.

بىز بۇ، كىشىلىك بەخت - سائادىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن، كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئۆزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئىزلىرى بىلەن ئىگە بولىدۇ دەپ ئىشەنگەن مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كېيىنكى ئىككى مىسرا بېيىتىنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش». قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىگە بېرىلگەن مۇقەددىمىدە ئېيتىلغاندەك: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر»① بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر داستاننى بەدىئىي ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشىمىزنىڭ ئاساسى شۇكى، 11 - ئەسىر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرانە ھېس - تۇيغۇ بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر يارىدىمىدە رېئال تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈپ، كىتابخانلارنى ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىيەت ۋە ئىلىم - مەرىپەت باغچىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. نەتىجىدە، ئەسەر بىزنى ئالدى بىلەن مەنتىق تەپەككۇر

① «قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.

ۋە روشەن ئوبرازلىق تەپەككۇرلىك كىشى قەلبىنى ھايا-
جانغا سالىدىغان بەدىئىي زوقلاندۇرۇش كۈچى ئارقىلىق
ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ھەقىقەتەن تولۇق
شېئىرىي ماھارەتنىڭ مېۋىسى، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇس-
لۇب، جانلىق بەدىئىي مېتودنىڭ نامايەندىسى. شۇڭا بىز
«قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارى-
خىدا كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي قامۇس دەپ ئېيتساق ھەق-
لىقمىز. ژانىر خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر
دراماتىك ئېلېمېنتلار بىلەن سۇغىرىلغان لىرىك - ئېپىك
داستان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مۇئەييەن تارىخىي ۋەقە-
لەر ۋە قەھرىمانلار غايىسى كۆلىمىدىكى ئېپوپىيە ئەمەس،
ئۇنىڭدا كۈچلۈك لىرىكا روھى بار. لېكىن ئۇ نوقۇل
لىرىك داستانمۇ ئەمەس، ئۇ درامىمۇ ئەمەس بەلكى ئۈچ
خىل ئامىلنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان، رېئالىزم بىلەن
رومانتىزم تەبىئىي ھالدا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئەقىل ۋە
ھېكمەت دەرسلىكىدۇر.

مۇندىن مۇقەددەم «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ئە-
گەك سىڭدۇرگەن كۆپلىگەن ئالىملار بۇ ئەسەرنى مەزمۇن
خاراكتېرى جەھەتتىن «دىداكتىك داستان» دەپ ھۆكۈم
قىلىشتى ۋە مۇشۇ نۇقتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نى دۇنيا-
دىكى داڭلىق بولغان دىداكتىك روھتىكى ئەسەرلەر قاتا-
رىغا قويۇپ پارس، تاجىك تىلىدا يېزىلغان دىداكتىك
ئەسەرلەردىن تۈرك سالچۇقىلىرى ۋەزىرى نىزامۇل مۇ-
لكنىڭ «سىياسەتنامە» («سىيارۇل مۇلىك» دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ. ھىجرىيە 479 - يىل، مىلادى 1077 - يىل) ھەم-

دە ئەمىر كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى گىلانشاھ ئۈچۈن يازغان «قابۇسنامە» (ھىجرىيە 485 - يىل، مىلادى 1082 - يىل) ئەسەرلىرى بىلەن مەقسىتى بىردۇر»① دەپ قاراپ كەلدى. دەرۋەقە، «دىداكتىك» سۆزىنى ئەدەب ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە ئۇقۇمى بىلەن بۇ ئەسەرگە تەتبىقلىسا بۇ باھا قىسمەن مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولىسمۇ، لېكىن تۈپ مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر نوقۇل ۋەز - نەسىھەت بىلەنلا چەكلەنگەن دىداكتىك داستان ئەمەس. چۈنكى، ئەسەردە شائىر ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرى پاش قىلىنىپ، ئەينى زامان رېئال ئىجتىما-ئىي ھاياتى بەدىئىي لىباس ئىچىدە سۈرەتلەپ بېرىلگەن. كەلگۈسى گۈزەل ھاياتقا باشلايدىغان غايىۋى پىكىرلەر ۋە ماھىيەتلىك تەكلىپلەر، ئەقىل ۋە ھېكمەت مۇجەسسەملەشكەن تەپەككۇرلەر، ئوتتۇرا ئەسىر گۇمانىزم ئەدەبىياتىغا خاس بولغان خەلقچىللىق روھ ناھايىتى روشەن چاقناپ تۇرىدۇكى، بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئۇنىڭغا «دىداكتىك» دېگەن خاراكتېرىستىكىنى بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان مەنا بىلەن قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، 11 - ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدا دىداكتىك ئەسەرلەرنى يېزىش بىر قەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنە ئىدى. مۇشۇ تارىخىي دەۋرگە ۋەكىللىك قىلغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ خاس ھا-

① قا. كەرىموپ: «ئىبلىك بەدىئىي داستان»، ئۆزبېكچە، 1976 - يىل نەشرى.

جەپى ۋە ئابرويلۇق جامائەت ئەربابى بولغان يۈسۈپ بالا ساغۇنى، ئىجتىمائىي دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئەنە شۇ بەدىئىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ- نىڭ رېئاللىققا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى ۋە ئوبيېكتىپ ھاياتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا شەكىللەنگەن كومانىزملىق غايىسى سىڭگەن بۇ ئەسەر ئىجتىمائىي ئۇنۇم جەھەتتىن 11 - ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئورتاق ئىدىكتىك ئەنئەنى- دىن يۇقۇرى ھالقىپ كەتكەن. بۇ بىزگە نەزەرىيە جە- ھەتتىن دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىدىن چىققان بەزى. داڭلىق رېئالىست يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئۇلار ياراتقان ئە- سەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن تەڭلىك بولمايدىغىنىدەك ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى چۈشەندۈ- رۈپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئۆزى كېلىپ چىققان سىنىپ ۋە گورۇھ مەنپەئەتلىرىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە 11 - ئەسىر قاراخانىلار جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي قاتلاملار، يە- نى ئاددىي پۇقرادىن تارتىپ ئەڭ ئالىي مەنسەپدار — ئېلىك خانلار، خاقانلار ئارىلىقىدىكى بارچە تەبىقە ۋە تائىپىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت، مۇئامىلە، ئەخلاق نورمىلىرى قانداق بولۇش كېرەكلىكىدەك ھايا- تىي ئەھمىيەتلىك رېئال مەسىلىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بېرە- لىشىنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭچە، مۇنداق ئىككى تەرەپكە باغلىق: بىرسى، مەۋجۇت ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تۈرتكى- سى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى قارا

خانلار دۆلىتىنىڭ 180 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ كۈللىنىپ كامالغا يەتكەن كۈنلىرىدىن (گەرچە ئىچكى قارىمۇ قارشىلىق بىلەن تولغان بولسىمۇ) ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلىشىپ پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن، ئوردا ماجىرالىرى كۆپىيىپ، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى خاراپلاشقان ۋاقىتلىرى ئىدى. قاراخانىلارنىڭ كۈللىنىشتىن خاراپلىشىشقا يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئوبيېكتىپ رېئاللىق يۈسۈپ خاس ھاجىپقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئالدىن ھېس قىلغان شائىر جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەرنى يەكۈنلەپ، گوياكى «قوي بىلەن بۆرە بىر قوتاندا ياشايدىغان» تىنچ، پاراۋان بىر غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى سىزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باي تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ جانلىق ئىجتىمائىي مەنزىرىلىرى ساھەسىدىكى چوڭقۇر چۈشەنچىسى، ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ئۆتمۈش ھايات، كەچمىش زامان ھەققىدىكى ئەتراپلىق بىلىملىرى، جۈملىدىن شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئىلىم - پەننىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغانلىقىدەك سۇبيېكتىپ ئامىللار «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت كىشىلەرنى «بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» نى يارىتىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئەدىبى سۈپىتىدە جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر پ-

كىر ئىچىمىدا ئۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان فارابى تە-
لىماتلىرىنىڭ ئىخلاسمەن ۋارىسى ئىدى. ئوبيېكتىپ جە-
ھەتتە، ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ يېگىمچە ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەتلىرى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتى ۋە
ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا نامايەن بولغان رېئالىزملىق
ۋە ئاكتىپ رومانتىزملىق روھ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلق-
پەرۋەرلىك غايە ئاپتورنىڭ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرىغا تۈرت-
كىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئىككى ئامىل بىرلىشىپ يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ بۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگىكىنى ماد-
دىي ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. «قۇتادغۇ
بىلىك» تە ئالغا سۈرۈلگەن دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت، ئا-
دالەت، بەخت - سائادەت، ئەقىل - پاراسەت ھەمدە
قانائەت توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشلار بىلەن
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئەنئەنىۋى
پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئاساستا ئورگانىك باغ-
لىنىش مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام
شەرقىنىڭ بۇ ئىلغار ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قاراشلىرى
شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرى سۈ-
پىتىدە، قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى
دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئا-
ساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ئارقىلىق
ياراتقان ئىجادىي، مەنىۋى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلى-
رىنى ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئۆلچەملىك غايىۋى كۆز قا-
راشلىرىنى ئاۋام خەلق ئىجادىيىتىدىكى تەپەككۇر مۇۋەپ-

پەقىيەتلىرىدىن، بىر پۈتۈنلۈككە، تاشقى ۋە ئىچكى گار-
مونىيىلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي پىكىر قىلىش ئىزچىللى-
قىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ پى-
كىرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»
دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەندى - نەسىھەت
خاراكتېرلىك قوشاقلىرىنىڭ، ھەمدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن بار-
لىققا كەلگەن «تۇرپان تېكىستلىرى» ئىچىدىكى «بىلىمنى
ئۇلۇغلاش» مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلارنىڭ تېمىسى بىلەن
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا يارىتىلغان تۆت كونكرېت
بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايىۋى پىكىر،
مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باغلىنىشنى ئۆز ئارا سې-
لىشتۇرۇپ كۆرسەك كۇپايە.

«دىۋان»دا:

تېكىستى: ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىكىڭ ئۇلە.

يەشمىسى: (ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سال،
پەزىلەت تىلە، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بول،
بىلىمىڭنى تارقات.)

تېكىستى: بىلگە ئەرىگ ئەزگۈ تۇتۇپ سۆزىنى ئەشىت،
ئەردەمىنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا.

يەشمىسى: (بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، سۆزىنى
ئاڭلا، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر.)

تېكستى: ئەردەم تىلە، ئۆگرەنىپەن بولما كۆۋەز،
ئەردەمسىزنىن ئۆگۈنىسە ئەگمە كۆدە ئەگەر.

يەشمىسى: (ئىلىم - ھىكمەت ئىزلە، ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانما، نادان كىشى ماختانسا، سىناق ۋاقتىدا مات بولۇپ قالىدۇ.)

«قۇتادغۇ بىلىك» تە:

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۆتۈقلۇق بولۇر.

154 ئەقىل قايدا بولسا ئۆتۈقلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155 ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

160 كىشىگە ئېرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

«تۇرپان تېكىستلىرى» دىن:

تېكىستى: بىلىگ بىلىك يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.

بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە،
بىر كۈن دۆلەت تۇش بولۇر.

يەشمىسى: (بىلىم ئىگىلەك ئەي بېگىم، بىلىم ساڭا يول داش، ھەمرا بولىدۇ. بىلىم ئىگىلىگەن شۇ ئەرگە ھامان بىر كۈن دۆلەت يار بولىدۇ.)

تېكىستى: بىلىگلىك ئەر بىلگە،
تاش قۇر سانىسا قاش بولۇر.
بىلىگسىزنىڭ يانىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

يەشمىسى: (بىلىملىك ئەرنىڭ بىلىگە، تاش قىستۇرسا قاش — قاشتېشى، ئۈنچە - ياقۇت—قا ئايلىنىدۇ. بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قىستۇرسا، تاشقا ئايلىنىدۇ.)

«قۇتادغۇ بىلىك» تە:

1953 بەگ ئاتى بىلىگ بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.

1968 بىلىم بىرلە تۇتار ئېلىنى بېگى،
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئۆگى.

1971 ئەقىل ھەم بىلىم بەككە بەكمۇ كېرەك،
داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەك.

ئەقىل قىلىنغان بېيىتلاردىن باشقا 1952 - ، 1954 - ، 1956 - ، 1966 - ، 1967 - ، 1970 - ، 1972 - بېيىتلاردىمۇ ئەنە شۇ پىكىر تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسەردە مەركەزلىك ھالدا ئادەمگەرچىلىك، راستچىللىق، توغرىلىق، ساپلىق، مېھرى - مۇھەببەت، ۋاپا، شەپقەت - مۇرۇۋۋەت، ئىنساپ، ئادالەت، ئىشەنچ، ساداقەت، خۇش پېئىللىك، شىرىن سۆزلۈك، مۇلايىملىق، ساخاۋەت، ئۇچۇق كۆڭۈللۈك، مەرتلىك، خالىسانىلىق، ھۆرمەت - ئىھتىرام، تەدبىرلىك، ئاقىللىق، ھالاللىق، ئىزگۈلۈك قاتارلىق ياخشى خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرنى غەيرىي ئىنسانىلىق، يالغانچىلىق، ئەگرىلىك، نائىنساپلىق، بىۋاپالىق، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، ئىشەنچسىزلىك، ساداقەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، قوپاللىق، ھۆرمەتسىزلىك، نادانلىق، جاھىللىق، ھارامزادىلىك، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، خۇشامەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق سەلبىي خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ ۋە شۇ ياخشى خىسلەت، پەزىلەتلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بەختسائادەت بىلەن سەلبىي خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن سادىر بولىدىغان ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلەرنى جانلىق مىساللار، ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق، ئاپتور نەزىرىدە ھاسىل بولغان بۇ چىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك مۇقەددەس

خۇسۇسىيەتلەر ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، دۇنيا بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىدا كوممۇنىزم غايىسىنىڭ تۇنجى سادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇتەپەككۇر شائىر بۇ ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىگەندە، قانداقتۇ بىر تەقۋادار زاھىتلىق نىزامى بويىچە ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش تەلىپىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئۇتوپىست (گەرچە ئۇتوپىك بولسىمۇ) سۈپىتىدە فېئوداللىق تۈزۈم ماھىيىتىدىن كېلىپ چىققان نۇقسان، ئىللەت ۋە كەمچىلىكلەرنى جۈرئەت بىلەن تەنقىد قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق نۇقسانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق، بىر پارلاق غايىۋى جەمئىيەت يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شائىر قان - تەرىنى سەرپ قىلىپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن غايەت زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «ئادالەتلىك شاھ» غايىسىنى ئالغا سۈرىدۇ. شائىر مەملىكەتتىكى زۇلۇم ۋە زورلۇقنى، مۇھتاجلىق ۋە خورلۇقنى پەقەت بىلىم ۋە قانۇنغا تايانغان پادىشاھنىڭ ئادىل سىياسىتى بىلەنلا يوقىتىش مۇمكىن دەپ چۈشەنگەن. فېئودالىزمنىڭ راۋاجلانغان دەۋرىدە، يەنى فېئوداللار مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، گەرچە ئىدىيالىستىك ئۇسۇلدا بولسىمۇ، «ئادالەتلىك شاھ» غايىسىنىڭ شۇ يوسۇندا يېتەكچى مەسىلە قىلىپ قويۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك «قۇتادغۇ بىلىك» تە مېھنەت ئەھلى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان مېھىر - شەپقەتلىك، خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى «ئادالەتلىك

ھا» ئۇبرازىنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئارقىلىق دۆلەت ھۆ-
كۈمدارلىرىنى يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى پاراۋان ۋە تىنچ
ھايات كەچۈرۈشكە، ئىنساپ بىلەن ئادىل ئىش كۆرۈش-
كە چاقىرىش تېمىسى دەۋر ئېتىبارى بىلەن ئالغاندا،
ئەلۋەتتە ئىلغار غايە ئىدى. بۇ غايە ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدا ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى تېما بولۇپ،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنى تېخىمۇ تاكامۇللاشقان مۇئەي-
يەن بىر ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ،
ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىيات زېمىنىدە يىلتىز تارتقۇزدى.
«قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتى
ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى مۇھاكىمە قىل-
غاندا، شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا
تۈرتكە بولغان ئەنئەنىۋى مەزمۇن بىرلىكىدىن چەتلەپ
ئۆتەلەيمىز.

مۇنداق ھالەتنى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەزمۇن
ئالاھىدىلىكىدىن تاشقىرى، يەنە ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن كوم-
پوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى جە-
ھەتتىكى خاسلىق ۋە ئورتاقلىق ئالامەتلىرىدىنمۇ كۆرۈش
مۇمكىن.

«قۇتادغۇ بىلىك» كومپوزىتسىيە جەھەتتىن شەرق ئۇسۇ-
لىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدى بىلەن مۇندەرىجە
شەكلىدە ھەر قايسى بابلارنىڭ نامى، ئۇندىن كېيىن قىس-
قا نەسرىي مۇقەددىمە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا تەڭرىگە ھەمدۇ،
پەيغەمبەر ۋە ساھابى چارىيارلارغا سانا ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە كىتابنىڭ قىممىتى، نام ـ تەرىپى، خانىغا

ئارتۇق قىلىنىشى، مۇئەللىپنىڭ خان تەرىپىدىن خاس ھا-
جىپلىق ئۇنۋانى بىلەن تەقدىرلىنىشى، تۆت سىمۋوللۇق
قەھرىمانغا ئۇيغۇرچە نام بېرىلىشى. ئەسەردە باشتىن
ئاخىر ئەنە شۇ تۆت قەھرىمان پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدا
دراماتىك تۈس ئالغان مۇنازىرە ۋە سوئال - جاۋابلار
بولۇپ ئۆتۈشى شەكلىدە خەۋەر بېرىدۇ.

نەسرىي مۇقەددىمىدىن كېيىن 77 بېيىتتىن تەر-
كىپ تاپقان شېئىرىي مۇقەددىمە بار. ئۇندىن كېيىن 85 باب
نامىنىڭ مۇندەرىجىسى بېرىلگەن. بۇ 85 بابنىڭ دەسلەپ-
كى 11 بابى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىرىش قىسمى سۈ-
پىتىدە ھەمدۇ - سانا، تەبىئەت گۈزەللىكى ۋە بۇغراخان
مەدھىيىسى، يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج، تىلنىڭ
پەزىلىتى، مۇئەللىپنىڭ ئۆزرىسى، ياخشىلىق قىلماق خۇسۇ-
سىدا ئۆگۈت ۋە نەسىھەت، بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ پەزىلىتى
ھەم پايدىسى، كىتابقا نام بېرىلىش ۋە ئادەملىقتا ئۆكۈنۈش
بايانىدىن ئىبارەت. 12- بابتىن باشلاپ 85 - بابقىچە
بىۋاستە ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاساسىي سى-
يۇژىتى ئەنە شۇ ۋەقەلەر بايانىدا قانات يايىدۇ.
ھۆكۈمدار كۈنتۇغدىنىڭ ئىلىمگە، مەرىپەتكە مۇھەببى-
تى، ئالىم ۋە پازىل ئادەملەرنى تويلاپ ئۇلارغا ھامىيلىق
قىلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ۋەزىر ئايتولدى-
نىڭ شاھ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە سارايدا قوبۇل
قىلىنغانلىقى، ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ھاياتى توگەللەنگەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۆكدۈلمىش مەيدانغا
چىققانلىقى قاتارلىق كونكرېت ۋەقەلەر بىلەن

سىيۇژېت قانات يايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى
ۋەقەلەر داۋامىدا مەلۇم سىيۇژېت بولمىسىمۇ،
لېكىن تۆت قەھرىمانىنىڭ مۇنازىرىسى ئاساسىدا تۈرلۈك
زور مەسىلىلەر بىر - بىرىگە باغلاپ بايان قىلىنىدۇ.
ھەر بىر بابتا مەلۇم بىر مەسىلە بايان قىلىنىپ، ئاخىرىدا
شۇ بابنىڭ بايانى سۈپىتىدە بىر بېيىت كەلتۈرۈلىدۇ.
ئاخىرقى (ئۈچ) بابىدا ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە ھاياتنى
قانداق ئۆتكۈزۈش لازىملىقى ۋە مەنىلىك ياشاش ھەق-
قىدە ئاجايىپ ھېكمەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى-
نى يۈكسەك ماھارەت بىلەن تۈزگەن. ئۇ، ئەسەردە ئوت-
تۇرىغا قويماقچى بولغان تۆپ غايىنى تۆت قەھرىمان
ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى بىلەن زىچ باغلاشقا ئەھمىيەت
بېرىدۇ. كۈن بىلەن ئاينىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ۋە
ئۇنىڭ پۈتكۈل ماھىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ئەسەردە
كۈنتۇغدى ۋە ئايتولدى ناملىرى بىلەن تەققاسلىنىپ،
مەزمۇن تەسۋىرىدە ئورگانىك بىرلىك ھاسىل قىلىنغان.
ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىن، قەدىمكى ساپ
ئۇيغۇرچە نام - ئىسىملارنىڭ ئەرەبچىلىشىش دول-
قۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ دەۋردە شەرقتىكى مۇسۇلمان
پادىشاھلىقى — قاراخانىلارنىڭ خاس ھاجىپى ۋە ئۆلىما-
سى بولغان بىر زاتنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىگە ئاي-
لانغان ساپ ئۇيغۇرچە نام - ئىسىملارنى «قۇتادغۇ بىلىك»
تىكى ئاساسىي پېرسوناژلارغا تارتۇق قىلىشى بىر مىللەتنىڭ

ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە بەلگىلىك ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەلۋەتتە دىققەت - ئېتىبار قوزغاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كېيىنكى ئىككى قەھرىمان ئوبرازىغا كەلسەك، ئۆگدۈلمىش ئەسەردە ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى. ئۇنىڭدىكى ئۆگ (og) سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەقىل - پاراسەت مەنىلىرىدە بولۇپ، شائىر بۇ تۈپ سۆزنىڭ مەنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاللېگورىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇ قەھرىمانلارغا خاس خاراكتېرىستىكا بەرگەن. ئودغۇرمىش قانائەت ياكى ئاقىۋەت سىمۋولى بولۇپ، ئود (od) سۆزى ئويغاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شائىر بۇ نامدىن پايدىلىنىپ، رېئاللىقتىن قول ئۈزگەن، لېكىن دائىم ئويغاق تۇرىدىغان مۇرەككەپ پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە بىر زاھىت دانىشمەننىڭ خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىدۇ.

بۇ تۆت قەھرىمان ئوبرازىنىڭ نام - تەرىپى ئۇلارنىڭ ئەسەردە بېرىلگەن خاراكتېرىستىكىسى ۋە پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مەنتىقىلىق باغلىنىش «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي غايىسىگە بويسۇندۇرۇلغان. ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنىڭ پۇختىلىقى، ئورگانىكلىقى مەنتىقىلىق ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، شۇ نەرسە خاراكتېرلىككى، شائىر بۇ ئەسىرىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتنىڭ شەكىل تۈزۈلۈشى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، ئۇسلۇب ۋە تىل ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ

كامالەتكە يەتكۈزدى. ئۇنىڭدا مەجازى ۋاستىلەردىن ئوخشىتىش، سىمۋول، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، مېتافورا، مېتانومىيە ئەپىتېت قاتارلىقلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئۈلگىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇ پىكىرنى دەلىللەش ئۈچۈن، 63- بېيىتتىن 85- بېيىتكىچە ھەمدە 4959- بېيىتتىن 4967- بېيىتكىچە بولغان بېيىتلارنى نۇقتىلىق كۆزدىن كەچۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ داستاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىدۇ. ئۇ ھەرقايسى ساھە بويىچە پىكىر يۈرگۈزگەندە، شۇ ساھەنىڭ يېتىلگەن دانالىرىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرق كلاسسىك پوئېزىيىسىگە خاس بولغان ئىرسالۇلمەسەل (سۆزلەرنى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. ئەسەردىكى 180 دىن ئارتۇق رۇبائىيلارمۇ ئەنە شۇ ئىرسالۇلمەسەل ئۇسۇلى بىلەن كۈچەيتىلىپ، ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن تولغان زوقلىنارلىق گۈزەل شېئىرىيەت باغچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداق قىلىپ ئەسەردە رۇبائىي، قەسىدە، مەسنەۋى، تەجنىس، تۇيۇق قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك پوئېزىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈر، ژانىرلىرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان. بۇ تۈر ۋە ژانىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئىپىك تۈر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئەڭ ئاھاڭدار ۋەزنى. جۈملىدىن شەرق نەزمى ئارۇزىدا «چەڭگۇار ئۆلچەم» دەپ ئاتالغان مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئەسەر-

نىڭ 71-، 72- بابلىرى (پەسىللىرى) كىتاب ئاخىرىدىكى خاتىمە سۈپىتىدە بېرىلگەن ئىككى قەسىدە مۇتاقارىپ مۇسەممەنى سالىم بىلەن، ئۇنىڭدىن قالغان ھەممە قىسىملىرى مۇتاقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇن ۋە مۇتاقارىپ مۇسەممەنى مەتتۇر ۋەزنى بىلەن يېزىلغان. لېكىن ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرى شائىر قەلىمى ئاستىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىك قائىدىلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ، شائىر شېئىرىي ۋەزىن جەھەتتىنمۇ بۇ داستاندا زور مۇۋەپپەقىيەت نەمۇنىسىنى نامايىش قىلغان. يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، «قۇتادغۇ بىلىك» يېڭىدىن ئايىغى چىقىپ، تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى»①، شەرق خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى بىلەن بەدىئىي ئىستېتىك ئەنئەنىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىققا ئىگە بولغان راۋاجى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن تولۇق بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم «سىياسەتنامە» ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى

① «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، مۇقەددىمە، 15-، 16- بەت.

رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، شەرق مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىلار سەلتەنىتى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىنى، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە، ھوقۇق (قانۇن)، ئېتىكا (ئەخلاق)، تەلىم - تەربىيە، دىنىي ئېتىقات، دۇنيا قاراش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.»②

② «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى مۇقەددىمە، 16 - بەت

## «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئامانۇللا

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى چوڭ تېپتىكى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماي، يەنە 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تارىخىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ باي ۋە چوڭقۇر مەزمۇنى ئىلىم - پەن، مائارىپ، دۆلەت، قانۇن، تىل، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت، ھەربىي ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ ماقالىدا پەقەت ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى مەسىلە ئۈستىدىلا قاراشلىرىمنى قويىمەن.

### 1

بىلىمىزنىڭ پەلسەپە تارىخى، ئېتىنىك تارىخىنىڭ

مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان شائىلىق نا-
مايەندە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەخلاقىي ئىدىيە بايانىدا،
گەرچە ئەخلاق ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ۋە تەبىرى ئۈستىدە
مەخسۇس توختالمىسىمۇ، لېكىن داستاندا باشتىن ئاخىر
ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى مۇجەسسەم-
لەشتۈرۈلگەن ھەمدە بۇ ناھايىتى ئۇقۇشلۇق ۋە گەۋ-
دىلىك ھالدا بايان قىلىنغان.

ماركسىزمدىن بۇرۇنقى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ
تەرەققىيات تارىخى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ھادىسىلەرگە
بولغان تونۇشىنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىش تارى-
خىدىن ئىبارەت. بۇ تارىخ بىر تەرەپتىن، ماتېرىيالىس-
تىك قاراش بىلەن ئىدىيالىستىك قاراشنىڭ كۈرىشىنى
ئۆز ئىچىگە ئالسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ
ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ھادىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمى-
غان مەيدان ۋە نۇقتىئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرگەنلىكى
تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ
كۈرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر
قانداق مەسىلىنى كۆزەتكەندە، ئۇنىڭغا كونكرېت تارى-
خىي ھالدا قارىغانغا ئوخشاش، ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تا-
رىخىنى، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى ئەخلاقىي ئى-
دىيىلەرنى كۆزەتكەندىمۇ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى مۇئەي-
يەن زامان ۋە ماكان شارائىتى ئاستىغا قويۇپ، كون-
كرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا،
ئۇنىڭدىن توغرا، ئىلمىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە
يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق قىلىشنىڭ

ئۆزى ماركسىزملىق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مېتود بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ
تەرەققىيات تارىخىنى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۈش مۇم-
كىن: بۇنىڭ بىرى، قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىم قۇلدار-
لىق جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەر؛ ئىككىنچىسى، ئوت-
تۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئى-
دىيىلىرى؛ ئۈچىنچىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش
دەۋرىدىن باشلانغان كاپىتالىزملىق ئەخلاقىي ئىدىيىلەر.
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسى 2 - باس-
قۇچقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۈچ باسقۇچتىكى ئەخلاقىي
ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىياتى كونكرېت مەزمۇن ۋە ئىپا-
دىلىنىش شەكلى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن
ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ
ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەخلاق بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەت-
نىڭ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتنىڭ
مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى دەۋرىي قىلىپ كەلگەن ياخ-
شىلىق - يامانلىق، ئادالەت، ھەققانىيەت دېگەنلەر نېمە؟
بەخت - سائادەت ۋە ياشاشتىكى ئالىي مەقسەت نېمە؟
ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئاساسىي نىزام ۋە مىزانى قايسى؟
قانداق قىلغاندا ئالىيجاناپ يۈكسەك ئەخلاقىي - پەزى-
لەتنى ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلى-
لەر - ئۆزۈندىن بۇيان ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تارىخىدا
تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر.
بولۇپمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىق بىلەن بەخت - سا-

ئادەت مەسىلىسى مۇنازىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشىدىن ئۇختىمىغان، ھەر خىل ئەخلاقىي ئىدىيە، خاھىش ۋە مەزھەپلەر كېلىپ چىقتى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە تاقاش ئاستىدا چۈشەندۈردى. گەرچە، ئۇ ئەينى زاماندا فېئودال خان-بەگلەر مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلىسىمۇ، لېكىن بۇ ئالىم ئۆز زامانىنىڭ ئاتاقلىق مەرىپەتچىل، ئادالەتچىل ھەم خەلقچىل مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ مەنپەئەتى، تەلىپى ۋە ئارزۇسىغا ھەمدە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئېھتىياجىغا نەزەر سالماي ۋە ئۇنى مۇئەييەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزم جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ئەخلاقىي ئىدىيەلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇئەييەن ئەخلاقىي ئىدىيەلەر ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەخلاقنىڭ بۇنداق ئەكس تەسىرى ۋە رولىغا قارىتا تامامەن خاتا بولغان ئىككى خىل بىر تەرەپلىمىلىك قاراش ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. بۇنىڭ بىر خىلى، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىپ، ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەيدىغان قاراش؛ يەنە

بىر خىلى، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ئۇنى يوققا چىقىرىدىغان قاراش. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى ۋاقىتتا گەرچە شۇ دەۋرنىڭ ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر توغرا ھەل قىلالىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر دىنىي پەيلاسوپ، ئۇ دۇنيا قاراش جەھەتتە ئىسلام ئەھكاملىرى، ئىسلام پەلسەپىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئەسىرىدە دېئىزىملىق ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىنىڭ ئامىللىرىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەخلاق قارىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ماركسىزملىق ئېتىكا شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىكى ماتېرىيالىزم ۋە ئىدىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى لۇشيەنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئاددىي ۋە مېتافىزىك ھالدا قارىماسلىق لازىم. گەرچە ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەخلاقنىڭ ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئەخلاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ماھىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرى بىر قەدەر توغرا بولسىمۇ، لېكىن شەخسىي مەنپەئەت بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە ئەخلاقىي غايە ۋە بەخت - سائادەت قاتارلىق مەسىلىلەردە بەزى ماتېرىيالىستلارنىڭ قاراشلىرىدا بىر تەرەپلىمىلىك يوق دېيىشكە بولمايدۇ. بەزى ئىدىيالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ بۇ مەسىلىنى بايان قىلى-

شى ۋە چۈشەندۈرۈشىدىمۇ بەزى توغرا، ئەقىلگە مۇۋا-
پىق ئامىللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىر پەيلاسوپنىڭ
ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى كونكرېت تەھلىل
قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بەزىدە مۇنداق ئەھ-
ۋالنى كۆرۈش مۇمكىن: بەزى پەيلاسوپلار تەبىئەت
كۆز قارىشى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىن ماتېرى-
يالىست، ئىجتىمائىي رولى جەھەتتە ئىلغار بولىدۇ. لې-
كىن ئۇنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشى بەكمۇ چولتا؛ ئەكسى-
چە، بەزى پەيلاسوپلار تەبىئەت كۆزقارىشى ۋە بىلىش
نەزەرىيىسى جەھەتتىن ئىدىيالىست، ئىجتىمائىي رولى جە-
ھەتتىن مۇتەئەسسىپ ۋە قالاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
ئەخلاق كۆزقارىشى چوڭقۇر ئاقىلانىلىككە ۋە ئىجتىمائىي
قىممەتكە ئىگە. بۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ ئىككى چوڭ
كلاسسىك پەيلاسوپى گېگېل بىلەن فېيېرباخ تىپىك مى-
سال بولالايدۇ. فېيېرباخنى ئالساق، ئۇ تەبىئەت كۆز
قارىشى جەھەتتە ماتېرىيالىست، لېكىن ئەخلاقىي كۆز
قارىشى جەھەتتە ئىدىيالىست. چۈنكى، فېيېرباخ رېئال
جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا
چۈشىنەلمىگەن. شۇڭا، ئېنگېلس فېيېرباخنىڭ بۇ يېتىش-
سىزلىكىنى تەنقىد قىلىپ: «ئۇ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدىن پەقەت بىر جەھەتتىنلا — ئەخ-
لاقنىلا كۆرىدۇ، بۇ يەردىمۇ گېگېل بىلەن سېلىشتۇر-
غاندا، فېيېرباخنىڭ ئادەمنى چۆچۈتكىدەك چولتىلىقى
بىزنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ» ① دېگەن ئىدى. بۇنىڭ

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 4-توم، 232-بەت.

ئەكسىچە گېگېلنىڭ ئەخلاق قارىشى شەكىل جەھەتتىن ئىدىيالىزمغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى رېئال، كونكرېت. چۈنكى گېگېل ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك ئاساستا تەھلىل قىلغان. بۇ يەردە ئېنگېلسنىڭ فېيېربا-باخ ۋە گېگېلنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسىگە بەرگەن باھاسى بىزگە ئەخلاقىي ئىدىيەلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئەخلاقىي ئىدىيەلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەر توغرا يەكۈن ھاسىل قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم بىر مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي قائىدە ۋە نىزاملىرى بايان قىلىنغان. بۇ قائىدە- نىزاملار ئەخلاقىي ھادىسە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەت-لىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەمدە ئادەم-لەرنىڭ ئەخلاقىي پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كىش-شىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپ-كە سېلىپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئومۇمىي چۈشەن-چىلەر بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەر ياخشىلىق، يامانلىق، بۇرچ، ۋىجدان، شان - شەرەپ، بەخت - سائادەت قا-تارلىق ئاساسىي مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن ئىجتىمائىي

ئەخلاقىنىڭ يۇقىرىدىكى ئاساسىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە
ئەپسىلىي توختالغان. بولۇپمۇ، بۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلار بىلەن ئۆز
زامانىدىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناس-
ۋەتلەر ھەمدە ئادەملەرنىڭ شەخسىي ئەخلاقىي تەربىيى-
سىگە دائىر مەسىلىلەر بىرقەدەر مۇپەسسەل، كونكرېت
ۋە جانلىق يورۇتۇلغان. بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ ئېتنى-
كىلىق ئىدىيىلەر تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە
ئۇيغۇن كېلىدۇ. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخ-
لاقىي ئىدىيىسى ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن فېئو-
دال تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي تەلىپىگە بېقىنغان
ۋە شۇ سەۋەبلىك ئېتنىكىلىق نەزەرىيە جەھەتتىن قاتتىق
تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر
ئەخلاقىي سىستېمىنى تەشكىل قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن
بۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇرەككەپ، كۆپ
تەرەپلىمىلىك ھەمدە كۆپ قەۋەتلىك باي ئەخلاقىي
مەزمۇنىغا ھەرگىز شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. تۆۋەن-
دە بۇ ئەخلاقىي مەزمۇن ۋە چۈشەنچىلەر ئۈستىدە قىس-
قىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. بۇرچ مەسىلىسى: ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي تۇر-
مۇشىدا، كىشىلەر مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى سۈپى-
تىدە جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك ۋەزى-
پە، خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بو-
لىدۇ. بۇ ۋەزىپە ياكى مەسئۇلىيەت شەخسنىڭ ئۆز ئەت-
راپىدىكى ئادەملەرگە، ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان جاۋاب-

كارلىقىدا ئىپادىلىنىشىمۇ ياكى شەخسنىڭ ئۆز مىللىتى، دۆلىتى، سىنىپى، پارتىيىسى ۋە تەشكىلىگە بولغان جاۋابكارلىقىدا ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ۋە سىنىپ شۇ جەمئىيەت ياكى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىغا مۇئەييەن ئەخلاقىي بۇرچىنى قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئاتالىق مۇتەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئۆز زامانىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان بىر قاتار ئەخلاقىي بۇرچىنى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئەلگە ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىق، بەخت تەلەپ قىلىش ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىشنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. ئالىم ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى، ئۆزىگە قويغان تەلەپ - مەقسىتى ۋە ئارزۇسى سۈپىتىدە ئۆز - ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ.

•

227 ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.

1335 ھاياتنى زايە قىلما، قىل ياخشىلىق،
كېچەر كۈن ئىچىدىن ئال ئىبرەتنى چىق.

4466 ئۆزۈڭ ئۆلسەڭ ئاخىر بۇ نامىڭ قالۇر،
ئېتىڭ ياخشى بولسا، هايات تەم بېرۇر.

بۇ مىسرالاردا مۇئەللىپ ئەخلاقىي بۇرچىنى ئادەم ئىمە ئۈچۈن ياشاش، كىم ئۈچۈن ياشاش ۋە قانداق ياشاشتىن ئىبارەت غايىۋى نىشان ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەندۈرگەن.

يۈسۈپ خاس هاجىپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ياخشىلىق» نىڭ ئىمە ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلاردىن ئادالەت ۋە توغرىلىقنىڭ سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىكنىڭ بەخت - سائادەت سىمۋولى ئايتولدىنى قىلغان ئەسىھەتى شەكلىدە، ئۆزىنىڭ بۇ هەقتىكى ئالىيجاناپ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

856 ئېلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق سۈپاتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلار يېتۇر.

857 قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۈتۈن ئېلىگە،
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.

858 تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپسىن دىمەس،
يەتكۈزگەن نەپىسچۈن بەدەل كۆزلىمەس.

روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ مىسرالاردا ئالىم

ياخشىلىقنىڭ سۈپىتى، يەنى مەقسىتىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك پەزىلەت بىلەن مەھكەم باغلىغان ھەمدە بۇنداق قىلىش پەقەتلا كىشىلەرنىڭ ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ئېلى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي بۇرچى بولۇپ، بۇ بۇرچنى ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن ھەرگىز تەمەننا قويۇش، مىننەت قىلىش ۋە ھەق تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

پەرزەنتلەرنى ئەدەب - ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەشمۇ ئەخلاقىي بۇرچ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ۋەزىپىنى ھەر بىر ئاتا - ئانا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ياش ئەۋلادلار ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئورتاق بۇرچى دەپ قارايدۇ؛ بالىنىڭ ئەركە - مىشچان، يامان خۇي - پەيىللىك بولۇپ ئۆسۈشىنى ئاتا - ئانىغا باغلىق دەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئەخلاقىي جاۋابكارلىقىنى ئاتا - ئانىغا، بولۇپمۇ ئاتىغا ئارتىدۇ:

1218 ئاتا ئەمگەكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيلى خوپ.

1223 كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى - قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

1224 كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا①،
ئوغۇلدا گۇنا يوق، ئاتاغا جاپا.

---

① ياۋا — بۇ يەردە يەكباش مەنىسىدە.

1225 ئوغۇل - قىز خۇي - پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بوۋلارنى هامان.

يۈسۈپ خاس هاجىپ يەنە، بالىلارنىڭ كىچىك-
دىن تارتىپ خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل، كەمتەر، كىچىك
پېئىل بولۇپ ئۆسۈشىگە دىققەت قىلىش؛ پۇل - بايلىق-
قا هەۋەس قىلماسلىق؛ كىشىنىڭ هەققىگە كۆز قىرىنى
سالماسلىق؛ دۇرۇس يولدا مېڭىش ۋە توغرا قىلىقنى
ئۆزلەشتۈرۈش؛ كىشىلەرگە قارىتا سىلىق - مۇلايىم،
ئەدەب - قائىدىلىك بولۇش؛ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى
بىلىش؛ ياخشى ئادەملەر بىلەن دوست بولۇش، يامان
ئادەم ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش؛ راست سۆز-
لەش، يالغانچىلىق، قوپاللىق، جاهىللىق ۋە قاشقالىقتىن
هەزەر ئەيلەش؛ هاراق - شاراپ ۋە هاۋايى - هەۋەس-
لەرگە بېرىلمەسلىك؛ ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇش،
ئويلاپ سۆزلەش، يېنىكلىك قىلماسلىق، بىهۇدە سۆزلى-
مەسلىك قاتارلىق بالا تەربىيىلەشنىڭ كونكرېت ئۇسۇل
ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «قۇتادغۇ-
بىلىك» تە بۇنداق ئەخلاقىي تەربىيىۋى مەزمۇنلار نا-
هايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ هەممىسى ئاتا - ئانىنىڭ بالا
تەربىيىلەشتىكى دەستۇرى، شۇنداقلا ئاتا - بالىنىڭ ئۆز
ئارا ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي
بۇرچى بولۇپ، بۇ بولۇپمۇ ئايتولدىنىڭ ئۆز ئوغلى
ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىهىتى شەكلىدە كونكرېت گەۋ-
دىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1285 خۇيۇڭنى تۈزەتكىن، يېڭىلما ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىل كىچىك تۇت، چوڭايتما سۆزۈڭ.

1284 ئۆزۈڭ ئۇتقا ئۇرما بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
كىشى مېلىنى ئالما زورلاپ كۈچۈن.

1297 يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقار ئۇ بولۇپ بىر يىلان.

1315 كىشىگە ھەم ئۆزگە قىلما سەن زىيان،
ھەۋەسنى قويۇپ، قىل ياخشىلىق ھامان.

1326 تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.

1505 لاغايلاپ بىھۇدە يۈرمىگىن ئۆزۈڭ،
سىلىق، توغرا بولسۇن قىلىقىڭ، سۆزۈڭ.

1651 چېچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

ئېتىكا نەزەرىيىسىدە ئەخلاقىي بۇرچ شەخسنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە، جۈملىدىن باشقا ئادەملەرگە قارىتا ئۈستىگە ئالغان جاۋابكارلىقىنىمۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ شەخسكە قويغان ئىجتىما-

ئىي تەلىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەخسنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزى ئىشلەۋاتقان خىزمەتكە نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ئۇنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى بىلەن بىر، ياكى ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ كۆز قاراشتىن چىقىپ، ئاۋام پۇقرالارغا قارىتا ئۆز ئېلىگە ياخشىلىق قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئېلىگ ھۆكۈمدارغا قارىتا ئۆز خىزمىتىگە تولۇق جاۋابكار بولۇش، خىزمەتنى ئۆز ۋاقتىدا بىجانىدىل ئىشلەش، ئەلنى ياماندىن ساقلاش، پېقىر - مىسكىنلەرگە ئېھسان قىلىش؛ خۇشامەتچى، ئۇياتسىز كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش ۋە ئېھتىياتچان بولۇش، دۆلەت مالىيىسىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش ھەمدە توغرا قانۇن ۋە ئادىل سىياسەت قوللىنىپ، ئەلنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن خالى قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئالىمنىڭ قارىشىچە، بۇ تەلەپ ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەم ئۇنىڭ كەسپىي (خىزمەتتىكى) ئەخلاقىي بۇرچى، ھەم جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي بۇرچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5503 بۇ كۈنكى ئىشنى ئەتە ئۈچۈن قويمىغىل،
ئەتە ئىش بولسا، ئۇ قالۇر يەنە، بىل.

5528 كۆيۈمچانىنى تۇتقىل ئۆزۈڭگە يېقىن،
ئۇياتسىزنى ئۆزگە يېقىن تۇتمىغىن.

5574 سىنىڭدە يۇقىرىنىڭ ھەققى ئىرۇر ئۈچ،
بۇ ھەققى ئۆتە سەن ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.

5575 بىرى، ئۆز ئىلىگدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن، ئايارىن① كۆزەت.

5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىگە بەر،
بىرىن بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

5577 ئۈچىنچى، ئىمىن قىل پۈتۈن يوللىنى،
يوقاتقىن قاراقچى ئوغرىلىنى.

دەرۋەقە، بۇ مىسرالارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇپىيىلىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەينى فېئوداللىق زاماندا ھۆكۈمدار خان - بەگلەرنىڭ بۇ تەلەپلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى دەپ بىلىپ، كەمبەغەل پېقىرلارنى باي، ئاچنى توق قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرچىنىڭ ئۆزى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغىنى ھالدا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىراق، يۇقىرىدىكى تەلەپلەرنىڭ ئورۇنلىنىش - ئورۇنلانماسلىقىدىن

① ئايار — (ئەرەبچە) ئالتۇن - كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىقى.

قەتئىينەزەر، ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدار خان - بەگلەرنىڭ ئالدىغا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىگە، ئاۋام خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2. ۋىجدان مەسىلىسى: ۋىجدان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭ بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئەخلاقىي جاۋابكارلىقنى ھەمدە ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزان بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى باھالاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى ۋە باسقان قەدىمىگە رازى بولۇش - بولماسلىقى، توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش - ئالماسلىقى، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، پەرزەنت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتنى ئاڭقىرىش - ئاڭقىرالماسلىقى، ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە نىسبەتەن ھايا - نومۇسنى بىلىش - بىلمەسلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر ۋىجدان چۈشەنچىسىگە كىرىدۇ. ۋىجدان بۇرچ بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق ھالدا دائىم ئۆزىنىڭ يېنىدا بىللە تۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بۇ-

مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بايان قىلغان، بۇ بايانلار ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئالىمنىڭ قارىشىچە، توغرا يول تۇتۇش، ھالال ياشاش، ئاۋام خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، پىداكارلىق روھ — تاشقى ئەخلاقىي بۇرچىنىڭ ئادەملەر قەلبىدە ئاڭلىق تەلەپ ۋە پەزىلەتكە ئايلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى ۋىجدانىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گەۋدىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن راستچىل، توغرا بولۇش، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش، ئىچى بىلەن تېشىنى بىردەك تۇتۇش، قەلبىنى خەلققە تاپشۇرۇش، يۈرىكىنى ئاشكارىلىيالايدىغان بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش، باشقىلارغا ئېغىرىنى ئارتماسلىق، ئۆز غېمىنى يېمەي، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش — ئادەملەر ئۆز ئىش - ھەرىكىتىنى باھالاشنىڭ ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ئەخلاقىي بۇرچىنىڭ ئەھدىسىدىن چىققان - چىقمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بىر مىزانى، شۇنداقلا، شۇ ئادەمنىڭ توغرا يول تۇتقان ۋە ھالال ياشىغانلىقىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5077 كىشىنىڭ ياماندۇر ئېيتسا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان ياماندىن يامان.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

6098 ئۆزۈڭ نەپسى كۆتمە، خەلق نەپسى كۆت،
يۈكۈڭنى يۈتتۇرمە ئەلگە، ئۆزۈڭ يۈت.

كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلماسلىق، تۆھمەت چاپلىماسلىق، پىتنە - پاساتتىن يىراق تۇرۇش، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇقتىن خالى بولۇش، خۇشامەتچى، سۆخەنچىلەردىن ھەزەر ئەيلەش — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋىجدان مەسىلىسىدە كىشىلەر ئالدىغا قويغان يەنە بىر مۇھىم تەلىپى؛

4410 بولۇشنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ قەدىرلىك،
پاساتتىن يىراق قاچ، ئى خۇلقى سىلىق.

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا، خارلىق شۇندا، بىل.

4253 ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى - ئۆزى يەپ، سىزەر ئۇ ئاداق.

5308 يېقىن تۇتما ئۇششاق كەپلىك سۆخەنچىن،
پىتنىخور بولسا قاچ، كەلتۈرمە يېقىن.

بۇ مىسرالاردا ئالىم كىشىلەرنى ئۇياتلىق، توغرا، سەمىمىي، تۈز ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇشقا، قەلبىنى پاك

تۇتۇپ، ئۆزىنى دائىم ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ تۇ-
رۇشقا ئۈندەيدۇ.

شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماس-
لىق، پۇل، مال - دۇنيا ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش،
ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك-ئەخلاقىي ۋىجدان چۈ-
شەنچىسىدە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە، ئادەملەردىن ئۆز نەپسىنى
كۆزلىمەي، ئەل نەپسىنى كۆزلەشكە، ئۆزىنىڭ شەخسىي
مەنپەئەتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەش-
تۈرۈشتەك كوللېكتىۋىزملىق روھنى تىكلەشكە، نەپسىي-
مەنپەئەت، ئەمەل، پۇل ۋە بايلىق ئالدىدا ئۆزىنى قات-
تىق تۇتۇۋېلىپ، دائىم سەگەك تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

5353 دىمە ئۆز نەپىنىڭ سەن، ئەل نەپىنى دە،
ئۆزۈڭ نەپى ئەلنىڭ نەپى ئىچىدە.

3933 كۆيۈمچان ئەمەس ئول ئۆزىنى دېگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپىن ئىزلىگەن.

3637 بۇ نەپس بىر يېغى، بەك قۇۋۋەتلىك يېغى،
پۈتۈن يەرمە ئۆلۈمنىڭ تورى - تۇزىقى.

6143 مەس قىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئويغانماس، ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۇنى.

٥. قىلىق ۋە پەزىلەت مەسىلىسى: بۇ، ئەخلاقىي ھادىسىلەردىكى ئىككى چوڭ تەرەپ بولۇپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىپ ۋە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەخلاقىي قائىدە، پرىنسىپ ۋە غايە بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدا قىلىق—پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى، مۇئەييەن پەزىلەت بولسا، قىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە جۇغلىنىش نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەخلاقىي ھادىسىلەردىكى بۇ ئىككى چوڭ مەسىلە ئۈستىدە مۇپەسسەل توختىلىپ، بۇ ھەقتە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ھەم يۈنىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، خەلقنىڭ قەلبى ھەم ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇن ئەقلىگە مۇۋاپىق پىكىر، تەلەپ ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئەخلاقىي قىلىق — بۇ، بەلگىلىك ئەخلاقىي ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان، باشقا ئادەملەرگە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولغان ھەرىكەتتىن ئىبارەت. بۇنداق ھەرىكەت ئەخلاقلىق ھەم ئەخلاقسىزلىقنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاقىي قىلىقنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئۇ بىر شەخسنىڭ باشقا ئادەم ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىنى ئاڭلىق تونۇغان ۋە ئەركىن تاللىۋالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشتىن ئاخىر

توغرا، دۇرۇس ئەخلاقىي قىلىق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى ماختىدى ھەمدە ئۇنى تەرغىب قىلدى. ناتوغرا، ناچار ئەخلاقىي قىلىق ۋە يامان ئادەتلەرنى ئايىماي سۆكتى، ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ھەمدە شەخسكە بولغان زىيانلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئەخلاقىي پەزىلەت — ئۇ، شەخسنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە ئەخلاقىي قىلىقنىڭ دائىملىق ئادەتكە ئايلىنىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭدىن ئىبارەت. ئادەتتىكى ئادەت ۋە ئاڭنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇۋەرمەيدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئۇ ئەخلاقىي ئاڭ بىلەن ئەخلاقىي قىلىقنىڭ بىرلىكى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەخلاقىي قىلىق — ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلسا، ئەخلاقىي پەزىلەت — ئەخلاقىي قىلىقنىڭ بىرلەشكەن ئىپادىسى، شەخسنىڭ ئاڭلىق ئىرادىسىنىڭ قېتىشمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا قىلىق بىلەن پەزىلەتنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشى ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدا ئەخلاقىي ھادىسىنىڭ بۇ ئىككى چوڭ تەرىپى شۇنداق چىڭ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى، مۇناسىۋەتلىك نەزمىنىڭ ھەر بىر مىسراسى كىشىلەر ئالدىغا ھەم ئەخلاقىي قىلىق، ھەم ئەخلاقىي پەزىلەت سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، كاجلىق، جاھىللىقتا ئوخشاش ناچار قىلىقلارنى

قاتتىق تەنقىدلەپ، يالغانچىلىقنى ۋاپاسىزلىق بىلەن باغ-
لايدۇ؛ كىشىلەرنى چىن، راستچىل بولۇش، ئۇياتنى بىلىش-
تەك توغرا قىلىق ۋە پەزىلەتكە باشلايدۇ:

337 بۇ بىر نەچچە نەرسە كىشىگە ياۋۇز①،
بۇنى قىلسا كىشى بۇزار ئۆزىنى - ئۆز.

338 بىرى، يالغان ئېيتماق ئېرۇر سۆزدە،
ئىككىنچى، تۇرماسلىق قىلغان ۋەدىدە.

339 ئۈچىنچى، ھاراققا بولۇش مۇپتىلا،
بۇ ئەر ئۆمرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا.

340 يەنە بىرسى كاجلىق، جاھىللىق قىلىش،
جاھىللىق جاھاندا ياشاتمايدۇ خۇش.

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئۇسالىق قىلۇر.

4297 ياشاي ئابروي بىلەن دېسەڭ سەن ھامان،
يالغاننى چىقارما تىلىڭدىن ھەر ئان.

مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، كىبىر قىلىش، قوپال
سۆزلۈك، سۆرۈن يۈزلۈك — ئەخلاقىي جەھەتتىن يەنە بىر
ناچار قىلىق ۋە پەزىلەت بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ

① ياۋۇز — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) يامان، ۋەھشى.

تەكەببۇر، مەغرۇر، ئۆزەمچىل ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىنى سۇرەتلەيدۇ؛ ئادەملەرنى كەمتەر، ئېھتىياتچان، كىچىك پېئىل ۋە تۈز كۆڭۈل بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

1330 بەختكە ئېرىشسەڭ كىبىر قىلمىغىن،
ھامان ياخشىلىق قىل، يامان بولمىغىن.

4553 غۇرۇرلانما ئارتۇق، لاۋزا بولۇرسەن،
بېخىل بولما ئارتۇق، تىلگە قالۇرسەن.

2077 سۆرۈن يۈز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىنى يىرگەندۇرەر، يۇرۇشمەس ئىشى.

2072 كۈلەر يۈز، چۈچۈك سۆز، خۇلق ئۈز كېرەك،
قىلىقى بۇلارغا ئۇيغۇن، تۈز كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاراقخورلۇقنى ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى، بارلىق ئەخلاقسىزلىق ھەم پىشكەللىكنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ قاتتىق سۆكىدۇ؛ بىر مەملىكەتتە خەلقنىڭ ھاراقخورلۇق يولىغا كىرىپ قېلىشىنى ئەلنىڭ گادايلىققا قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن؛ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىنى دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا قاراپ مېڭىشى بىلەن مەھكەم باغلايدۇ. بۇ شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھاراقخورلۇق «مىڭ گۇناھ»غا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئادەم بەخت ـ سائادەتتىن

مەھرۇم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ھاراقخورلۇق ئادەملەرنى بىكار تەلەپ، ھورۇن ۋە قاشاق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق ھەم پاسىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى بۇ يولغا قەتئىي ماڭماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرى ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا قارىتا ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2097 ھاراق ئىچسە خەلق، يەلگە كەتكەي مىلى،
خان ئولسا ھاراقكەش، تۇرامدۇ ئېلى.

2102 مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەس ئولسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.

1338 ھاراق مىڭ گۇناغا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

بۇ مىسرالاردىن مۇنداق بىر ئىنچكىلىق قائىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇكى، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇش ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغۇر قىلمىشلار قارىماققا شەخسنىڭ «ئىچكى ئىشى»، ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىكى «ئىرادە ئەركىنلىكى» بولۇپ كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەخلاقىي قىلىق ۋە پەزىلەت بىر

خىل ئاڭلىق تاللىۋېلىنغان ھەرىكەت ئىكەن، ئۇ ھالدا بۇنى قانداق تاللاش، يەنى شەخسنىڭ باشقا ئادەم ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى — ئەخلاقىي قىلىق ۋە پەزىلەتكە باھا بېرىش ۋە ئۇنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. شەخسنىڭ «ئىرادە ئەركىنلىكى» ھېچقاچان «خالىغىنىنى قىلىش» دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئەكسىچە بىر قىلىقنى تاللىغاندا، ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا ئادەمنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇشتەك ئاڭلىقلىققا تايىنىش دېگەنلىكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە ئەخلاقسىز قىلىق ۋە پەزىلەت بىر شەخسنىڭ «ئۆزىگە خاس» ۋە ئۆزى بىلەن تۈگەيدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى باشقا ئادەملەرنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، چوڭ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىھۇدە غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش، قىزىققانلىق ۋە ئالدىراقسانلىقمۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي قىلىق ۋە پەزىلىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئەخلاقىي ھادىسىلەر بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» تە بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئالىم ئالدىراڭغۇلۇق، ھولۇقۇش* ھەم قىزىققانلىق كىشىلەرنى يېڭىلىشكە، خىجىللىق ۋە پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئادەملەرنى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، ئەستايىدىل ۋە سەۋر - تاقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

322 ئەي ئاقىل، غەزەپنى قىل ئۆزدىن يىراق،
ئاچچىقتىن يىراق بول، ئال ياخشى ئاتاق.

324 غەزەپلىك ئىشىڭ ئۇ پۇشايمان بېرۇر،
قىزىققانلىق ئۇلساڭ ئىشىڭ بۇزۇلۇر.

334 قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقلىدىن قالۇر.

632 شىبشىپ قىلغان ئىشلار ھامان خام قالۇر،
چالا پىشقان ئاشتىن كېسەللىك كېلۇر.

1310 ھولۇقما ھەر ئىشتا سەۋرلىك زۆرۇر،
سەۋرلىك كىشىلەر تىلەككە يېتۇر.

4. ئەخلاقىي باھا مەسىلىسى: بۇ ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى ئىگىلەش بولۇپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە بۇ ھەقتە كۆپ توختالغان.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بىر ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي نىزام ۋە مىزانىغا ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەر قايسى سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۆز قارىشى ھەمدە ئۇلارنى ئاي-

رىش ئۆلچىمى ئوخشىمايدۇ، بۇ ئوخشىماسلىق كىشىلەرنىڭ سىنىپىي مەيدان ۋە مەنپەئەتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ھېچقاچان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، بىر ئىش - ھەرىكەت ياكى بىرەر ئىجتىمائىي تەشەببۇسنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكىگە قاراش كېرەك. ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىش - ھەرىكەت ياخشىلىق بولىدۇ، ئەكس ھالدا بولسا يامانلىق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان ياخشىلىق ھەم ئۇ قارشى تۇرغان يامانلىق ئۆز دەۋرىدىلا ئاكتىپ، ئىجابىي مەزمۇن ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

3271 خەلققە بېرىش نەپئى — ياخشىلىق ئېرۇر،
بۇ نەپئى بىلە خەلقى تاپقاي ھوزۇر.

3935 كىشى ياخشىسى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.

345 يۈرى، ياخشىلىق قىل ئەي ياخشى كىشى،
ئۇڭۇشلۇق ھامانە ياخشىنىڭ ئىشى.

بۇ يەردە ئالىم ياخشىلىقنى بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭدىن خەلق ھەقىقەتەنمۇ مەنپەئەت ئېلىپ خۇشال بولۇشى بىلەن زىچ باغلايدۇ. خەلققە كۆيۈنۈش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بولسا، ياخشى ئادەمنىڭ ئۈپ سۈپەتلىك بەلگىسى ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى دەپ قارايدۇ.

ئالىم يامانلىقنىڭ نېمىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى يالغانچىلىق، كاجلىق ھەم بېخىللىق بىلەن باغلايدۇ ۋە بۇ قىلىقلار خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ئەمەس، بەلكى شۇ قىلىقتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1676 بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا بەخت كېتەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن ئېتىمۇ يۈتەر.

1668 بىرى، كاجلىق ھەمدە قىلىقتا ياۋۇز،
يەنە بىرى، يالغان قىلار بولسا سۆز.

1669 بىرىدۇر بېخىللىق كىشىن خار ئېتەر،
بۇ ئۈچ ئىش بىلىمسىز كىشىدىن كېلەر.

926 كۆرەرمەن كىشىنىڭ قىلىقى گەر يامان،
ھوزۇرى ئېرۇر ئاز، كۆپى پۇشايمان.

349 تىلەككە يېتەر ياخشى كۆڭلدە يېگى،
كۆڭگە مىڭ ئارتار يامانىڭ مۇڭى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە ياماللىقنىڭ، يەنى دۇرۇس يولدا ماڭمىغان، ئەخلاقىي نىزام ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەختسىزلىك، قايغۇ - ھەسرەت ۋە پۇشايمان بىلەن باغلايدۇ.

ماركسىزملىق ئېتىكا ئىلمى كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىش - ھەرىكىتىگە ئەخلاقىي جەھەتتىن تولۇق جاۋابكار بولۇشنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ئەخلاقىي باھادىكى ئاساسىي مەقسەت — ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرۈش، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە ياخشى ئىش، ياخشى قىلىق ئۈچۈن ئەخلاقىي جەھەتتىن رازى بولىدىغان، يامان ئىش، يامان قىلىقنى ئۆزى تەنقىدلەيدىغان بىر خىل ئىچكى روھىي كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى تاللاش، باھالاش ۋە ئۆلچەشتىكى قىبلىنامىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي باھا مەسىلىسىدە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدىكى بايانى — ياخشىلىقنىڭ ۋە ياخشى ئادەمنىڭ سۈپىتى ۋە خۇسۇسىيىتى، ياخشىلىقنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى، ياخشى ئەخلاق، ياخشى قىلىقنى تاللىۋېلىش ۋە ياخشى ئادەم بىلەن دوست بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەم پايدىسى، شۇنىڭدەك يامانلىقنىڭ ۋە يامان ئادەمنىڭ سۈپىتى ھەم خۇسۇسىيىتى، يامانلىقنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى، يامانلىقنىڭ زىيىنى، يامان

ئادەم ـ يامان قىلىقتىن يىراق تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پايدىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك باي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە بىر قاتار ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە تەشەببۇسلارنىڭ بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن 11 ـ ئەسىردىكى فېئوداللىق دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئالىمنىڭ ئەينى زاماندىكى ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىرىپ يەتكەن ئەخلاقىي مەنزىلىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ۋە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3

ئەخلاقىي تەربىيە مەسىلىسى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا باشتىن ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن مۇھىم بىر ئىدىيە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»نى ھەتتا بىر چوڭ ئەخلاقىي تەربىيەۋى ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئەخلاقىي تەربىيە دېگىنىمىز ـــ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي بۇرچىنى ئورۇنلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مەقسەتلىك، ئۆزۈن مۇددەت ۋە تەكرار ھالدا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەر قەلبىدە مۇئەييەن ئەخلاقىي ئىدىيە ۋە پەزىلەتنى تۇغدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئەخلاقىي ئىدىيىلەر تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەتتە ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي قىلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ھەممە ئادەملەر ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە باھا بېرىشتىكى ئەخلاقىي ئۆلچەمگە ئايلىنىدۇ.

ئالىم داستاندىكى پېرسوناژلاردىن ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ نەسىھىتى شەكلىدە ئاۋام خەلقىمۇ ۋە ھۆكۈمدار بەگلەرمۇ ئەخلاقىي - پەزىلەت جەھەتتىن ئۆزىنى تەربىيىلىشى لازىملىقى، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش — دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە بەخت - سائادەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ:

284 پەزىلەت كېرەك مىڭ، تۇتۇشقا جاھان،
قولان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.

281 جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىك،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

بۇ يەردە مۇئەللىپ بىر تەرەپتىن، ھالال ياشاش ۋە دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇشنى گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەت بىلەن باغلايدۇ، پەزىلەتلىك ئادەمنى قولان تۇتالايدىغان باتۇر ئارسلانغا ئوخشىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، بىلىملىك بولۇش بىلەن باغلايدۇ. بۇنى يەنە بىر قانچە بېيىتلاردىكى بىلىم كىشىگە ئەقىل - پاراسەت بېرىپ، ئۇنى يامان قىلىق ۋە يامان ئادەتلەردىن چەكلەپ تۇرىدىغانلىقى؛ بىلىم ئادەملەرنى يۇمشاق، مۇلايىم، تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، چىداملىق ۋە غەيرەتلىك بولۇشتەك ياخشى قىلىق ۋە ياخشى پەزىلەتكە ئىگە

قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى باياناتلىرىدىن ئېنىقمۇ ئۇچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالىم يەنە داستاندا ھاجىپنىڭ ئايتۇلدىغا نەسىھەتى شەكلىدە، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمدار - بەگلەرنى ئەمەلدار بولۇپ ھوقۇق تۇتۇش بىلەنلا، ئەقىل - ھۇشىنى يوقىتىپ كۆرەڭلەپ كەتمەي، تاكى قېرىپ ئالەمدىن ئۆتكىچە كىچىك پېئىل بولۇش، ئەلگە ياخشىلىق تىلەش ۋە خەلققە ياخشىلىق قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش لازىملىقىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ:

551 ئەي دۆلەت ئىگىسى بۇ دۆلەت بىلە —
تۇراي مەن دېسەڭ سەن، ياخشىلىق تىلە.

552 ساڭا تەگسە بەگلىك، ئۇلۇغلۇق نوقۇل،
ئاقارغىچە باشىڭ كىچىك پېئىل بول.

دەرۋەقە ئالىمنىڭ بۇ تەلەپلىرى ئەينى زاماندا بىر ئۇتوپىيىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە رېئال تارىخنىڭ تەلىپى ۋە خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەملەردىكى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەربىيىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. ئالىمنىڭ نەزىرىدە، بىر ئادەمنىڭ يۈكسەك پەزىلەتكە

ئىگە بولۇشى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ
ئۆگىنىپ، ئەقلىي بىلىش قابىلىيىتىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى
كۆتۈرۈشىگە باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق
پەزىلەت دۆلەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ۋە پۇقرا-
لار ئۈچۈن پايدىلىق خىزمەتلەرنى كۆپلەپ ئىشلەش جەر-
يانىدا شەكىللىنىدۇ ھەم راۋاجلىنىدۇ. ئەسەردە تەشەب-
بۇس قىلىنغان ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇن جەھەتتىن باي،
مەنىسى كەڭ ۋە ئۇسۇلى ھەرخىل بولۇشتەك كۆپ تەرەپ-
لىمىلىككە ئىگە. ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى، بولۇپمۇ
چوڭ دانىشمەن پەيلاسوپ، ئەخلاقلىق ۋە قانائەتچانلىق-
نىڭ سىمۋولى ئۇدغۇرمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ ۋە ئۆگ-
دۈلمىش بىلەن قىلغان بىر نەچچە قېتىملىق سوئال - جا-
ۋاب شەكلىدىكى سۆھبىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بىز
بۇ يەردە ئايرىم نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت
شۇنىلا ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، گەرچە ئەخلاقىي تەربىيە
توغرىسىدىكى بۇ قاراشلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە رېئال
تۇرمۇشتىن ئايرىلغان پەندى - نەسىھەت تۈسىنى ئالغان
بولسىمۇ، لېكىن ئالىمنىڭ ئەينى زاماندا ئەخلاقىي تەربى-
يىگە ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆل-
گەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مۇھىملى-
قى ۋە رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىمىز ئۈچۈن بىزنى
قىممەتلىك ئىدىيەۋى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇدغۇرمىشنىڭ رېئال دۇنيادىن تامامەن قول
ئۈزۈپ، زاھىتلىق يولىغا مېڭىشتەك تەربىيىلىنىش ئۇسۇ-
لىغا كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ قېتىلماي-

دىغانلىقى، ئۇلار ئۇدغۇرمىشنى جەمئىيەت خىزمىتىگە قاتـ
نىشىش ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇ-
نىڭغا ھەقىقىي بەخت - سائادەتنى خەلققە خىزمەت قىلىش-
تىن ئىزلەشتەك ئالىيجاناپ پەزىلەتنى تونۇتقانلىقى — يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە توغرىسىدا يەتـ
كەن مەنزىلىنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئۈستۈن
تۇرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى 11 - ئەسىردە دۇنياغا
كەلگەن بىر چوڭ ئەدەبىي، ئىجتىمائىي ئەسەر: بۇنىڭ مۇ-
ئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ شۇ دەۋردە تونۇلغان
ئاتاقلىق بىر سىياسىي ئەرباب ۋە قاراخانىلار ھۆكۈمدارى
ئۇبۇل ھەسەن بۇغراخاننىڭ خاس ھاجىپى بولغاچقا، پەلـ
سەپە تارىخى ۋە ئېتىنىكا تارىخىدىكى بارلىق ئىدىيۋى
مىراسلارغا ئوخشاشلا بۇ داستاندا بايان قىلىنغان ئىجتىـ
مائىي ئەخلاقىي ئىدىيلەرمۇ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىـ
مىسى ۋە ئالىمنىڭ سىنىپىي ئورنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچـ
رىماي قالمىغان. ئالىم بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى خەلق
ئاممىسىنىڭ غېمىنى يەپ ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش،
خەلققە خىزمەت قىلىشنى ئەڭ چوڭ بەخت ۋە يۈكسەك
گۈزەل ئەخلاق دەپ بىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىـ
نىڭ بۇ ئەخلاقىي تەشەببۇسىغا زىت كېلىدىغان بەزى
ھېسسىي پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

مەسىلەن: ئۇ ئاۋام خەلقىنى «يېنىك ھەم ئالدىراقسان، قوپال ۋە شاللاق» مىجەزلىك كۆرسەتكەن، «خەلقنىڭ رەڭگى قارا، بەگلەر ئاق» بولىدۇ، دەپ ئاممىنى پەس كۆرىدىغان ۋە ھۆكۈمران خان - بەگلەر تەبىقىسىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان خاتا ئىدىيىنى تەرغىب قىلغان. خەلق ئاممىسىنى «قوپال»، «سوغوق»، «قىلىقسىز»، «بىلىمسىز، ئەقلى يوق» دەپ، ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى بولسا قائىدە - يوسۇننى بىلىدىغان، سىلىق - سىپايە، ئەدەبلىك، بىلىملىك ۋە ئەقىللىق دەپ سۈپەتلىگەن ھەمدە ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى ئاۋام خەلقتىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. لېكىن شۇ ئاۋام خەلقنىڭ «ھېچقانداق ئىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقى»نى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە بۇ ھۆكۈمدار - بەگلەرنى «كۆڭۈلدە غەش ساقلىماي» ئاممىغا «ياخشى سۆزلۈك بولۇش» قا نەسىھەت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خەلق ئاممىسىنى «كېلىدىن بۆلەك نېمىنى ئويلىمايدىغان»، «شۇ بىر گال ئۈچۈن» ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان، ھەتتا «چىشى تۇتمىسا، ھاكىم بولۇشقىمۇ ئۇرۇنىدىغان» ياۋايى مەخلۇققا ئوخشىتىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنى بۇنىڭغا «دىققەت قىلىش»، ئۇلارنى «ياخشى كۆزىتىش» ۋە خەلقنى «چىشى تۇتۇش» قا ئاگاھلاندۇرغان، ۋاھاكازالار.

شۇڭا بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، مەسىلىنى ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزىتىپ،

بىر تەرەپتىن، ئۇلى مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئاستىدا قويۇپ كونكرېت تەھلىل قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرنىڭ قىممىتىنى دېگۈدەك باھالاپ، ئۇنى تولۇق قېزىپ چىقىشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ، تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىكىنىمۇ يېتەرلىك مۆلچەرلەپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللىۋېلىشىمىز لازىم.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى توغرىسىدا

مۇھەممەت زۇلۇن

## 1

11 - ئەسىردە قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا شانلىق نامايەندە سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، شائىر قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپە ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسىلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە خاس سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يېڭى يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ

ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىققا ئىگە مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى (13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق)، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق داستانىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشىدا، ئۇنىڭ قاراخانىلار دەۋرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، ساددا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئەدەبىي جەھەتتىكى چېنىقىش قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا، شائىرنىڭ ئىلمىي ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ ماقالىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داستانىدا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆزقارىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 2

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن شائىرنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئۆزىگە خاس بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئىلمىي ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆز قاراشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ پىشىپ يېتىلىپ مۇستەقىل پەنگە ئايلىنىپ، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت

كۆزقارىشىنى تەتقىق قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى تىكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمەي، بۇ ئۇقۇمنى شائىر سۆزى، شائىر تىلى دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ) ئىجتىمائىي رولىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىنىڭ نامى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

350 كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىك.

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنى «ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى»، «بەخت - سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دەپ قارايدۇ. شۇڭا كىتابخانلارغا خىتاب قىلىپ:

359 خۇشاللىقتا يۈرگەن ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايە قىلما ئوبدان ئىشىت.

360 تىرىش، توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمەسۇن بىكار، پايدىلان،

دەپ يازىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت «يول كۆرسەتكۈچى» رولىنى قانداق ئۆتەيدۇ؟

4392 كىلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.

4395 كۆرەرسەن دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە شائىر تۇرمۇشقا چۆكۈپ، تىل ۋاستىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ياخشىلىقنى ماختاپ، يامانلىقنى سۆكىدۇ. كىشىلەرگە گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت تەقدىم قىلىدۇ. شۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، يازغۇچى تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت زىددىيەتلەرنى كۆزىتىدۇ، تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تىپىكلەشتۈرىدۇ. مەدھىيىلەش ۋە پاش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دۆلەت تەقدىرىگە، خەلق مەنپەئەتىگە ئېھتىياجلىق بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا نىسبەتەن ساددا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش بولۇپ، بۇ قاراش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىچ-

كى قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى توغرا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى (بۇ قاراخانىلار خاقانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن دەۋرى) تۇرمۇش دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ توپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ، شۇ دەۋر ئۈچۈن گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت تەقدىم قىلدى.

نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت بولۇپ قالدى؟

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان قاراخانىلار ھاكىمىيىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە سىياسىي جەھەتتىن بىر قەدەر تىنچ مۇھىتقا كۆچكەن، پەن - مەدەنىيەت گۈللەنگەن، ھەر ساھەدە بىلىم ئىگىلىرى كۆپلەپ يېتىلىۋاتقان «ئالتۇن دەۋر» نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىلار دەۋرى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلان خان ھاكىمىيىتىگە كەلگەندە چۈشكۈنلىشىش، يىمىرىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى. ھەسەن ئارسلان خان ئۆزىگە قاراشلىق يەر - زېمىننى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئۇلار ئۆزئارا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، پۇقرالارغا خالىغانچە ئالۋاڭ - سېلىق سالدى، ئەيشى - ئىشرەت سۈردىغان، دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ - چاچىدىغان ئىشلار كۆپەيدى. نەتىجىدە، سىنىپىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى زىددىيىتى كۈچەيدى، دۆلەتنىڭ، خاننىڭ نوپۇزى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتتى.

شائىر «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسەرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى رىياللىقنى جانلىق سۈرەتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرىسى يالىڭغاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۇر.

5245 بىرىپ دورا — داۋاسىن قىلمىساڭ گەر،
سېنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلەر.

5259 غاپىل بولما، بولساڭ بۇ بەگلىك كېتەر،
ھەر ئىككى جاھاندا غاپىل ئاھ چېكەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال ھاياتنى پادىشاھقا ھېسسىداشلىق قىلىش، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ يېمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىككە ئىچىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ پاش قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى چىنلىق بىلەن ئىنكاس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردە ھەسەن بۇغراخان ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ گۈمران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان جىددىي مەسىلە، دۆلەتنى باشقۇرۇش، دۆلەت-

نى تۈزەش جەھەتتە جەمئىيەتكە گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت تەقدىم قىلىش شائىرنىڭ (ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ) ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قارىغان؛ دۆلەتنى قانداق باشقۇ-رۇش مەسىلىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئارقىلىق يول كۆرسەتمەكچى بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن پادىشاھقا «كۈنتۇغدى» دەپ ئات قويۇپ، پادىشاھ ئاغزىدىن؛

831 تۇغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئومۇمغا يورۇقلۇق بىرەر كېمەيمەس.

832 مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىگە تېگەر تەڭ ئۇلۇش.

دەپ دۆلەت ھەممىگە تەڭ نۇر تۆككۈچى قۇياش، ھەممىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قورال بولۇشى كېرەك، دەيدۇ.

دۆلەتنى ئەنە شۇنداق قورالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە؛

817 كېرەك ئوغلۇم ئۆلسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

دەپ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ئاجايىپ شانلىق دېموكراتىك ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.
مەلۇمكى، قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ۋە ماقۇللانغان تۈرلۈك ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ھۆكۈمران سىنىپلار ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىكى مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىنىپ ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق مەۋجۇت جەمئىيەتتە، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن فېئوداللىق زۇلۇم ئەۋجىگە چىققان، سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن ئەينى شارائىتتا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈش — خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ، خەلقپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنىڭ روشەن بەلگىسى.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە يەنە ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى سىنىپ، ھەر قايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەققانىيەتلىك بىلەن ھەققانىيەتسىزلىك، ئادىل بولۇش بىلەن يان بېسىش، سادىقلىق بىلەن ساختىلىق قاتارلىق ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بىلەن باھالاپ ۋە كونترول قىلىپ، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئارقىلىق

دۆلەت قانۇننى تېخىمۇ تولۇقلاپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كۆپ تەرەپلىمە تەكىتلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن ئەخلاق بىر - بىرى بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى چوڭ قو- رال ئىكەنلىكىنى، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىنى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە ئەخلاقنىڭ قانۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدى- غانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىگە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، شەرەپ بىلەن نومۇسنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان ئەخلاق كۆزقارىشى باشتىن ئاخىر بىر قىزىل يىپ بولۇپ سىڭگەن. شائىر:

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.

821 ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

دەپ، بىر تەرەپتىن، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ

خەلققە نىسبەتەن ئادىل بولۇشنى، زالىملىق، زوراۋانلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭمۇ پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن:

2767 كۆيۈمچان خىزمەتچى ۋاپالىق بولۇر،
ۋاپالىق خىزمەتچى بېگىنى باي قىلۇر.

2875 ئەقىللىق، ۋاپالىق ئەر ئىسىل ئېرۇر،
كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ جان پىدا قىلۇر.

2307 ئازاد - ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.

دېگەندەك سەممىي، سادىق، ۋاپادار بولۇشنى، ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىدۇ، روناق تاپىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەخلاق مەسىلىسىدە لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ كەلگەن، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى بارلىق تەمسىللەردە تەكرارلىنىپ كەلگەن ئەقەللىي جامائەت پرىنسىپلىرى مەۋجۇت ئىدى»①. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ساقلىنىپ كەلگەن جامائەت پرىنسىپلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى پەلسەپە سەۋىيىسىگە كۆ-

① ۋ. ئى. لېنىن: «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»

تۇرۇپ خۇلاسىلەيدۇ. شائىرنىڭ ئەسىرىدە مەردلىك، سېخىيلىق مەدھىيىلىنىپ، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك سۆكۈلۈپ، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق مەدھىيىلىنىپ؛ مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىللەتلىرى كۆرسىتىلىپ، ئۇلارغا نەپرەت ئوقۇلىدۇ. كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق، قانائەتچانلىق مەدھىيىلىنىپ، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەت - شىكايەت سۆكۈلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىلى بىلەن تىلى، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بولۇشنى، ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ۋاپا - ساداقەت، ياخشىلىق مەدھىيىلىنىپ، ۋاپالىق كىشىگە يامانلىق قىلىش ئەيىبلىنىدۇ. غەيرەت - قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق مەدھىيىلىنىپ، قورققاقلىق كەمسىتىلىدۇ. ياخشى پەزىلەت بىلەن نام قالدۇرۇش، ھايالىق بولۇش، ئاتا - ئانىلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەر تەرغىب قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت، ئەقەللىي جامائەت پرىنسىپلىرى ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئورتاق بولغان جامائەت پرىنسىپلىرىنى، ئەقەللىي پەزىلەتلەرنى شېئىرىي تىل بىلەن خۇلاسىلەپ ۋە ئۇنى بېيىتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىنجۇ، ياقۇت مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر ئۇلۇغ نەتىجىسى.

شائىر تۇرمۇش دېڭىزى ئىچىدىكى ئىنجۇ، ياقۇتنى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟

4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

4394 نەپىس ھەم تىرەن سۆز دېسەڭ ئۇقايىن،
بۇلاردىن ئىشىتكىن، ئۇقۇلۇر كېيىن.

4396 ئۇلار ماختىسا، ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سېسىيدۇ ئېتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: شائىر توپ ئىدىيىسى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدىنى قۇرۇق ئەمەس، بەلكى تىل ۋاستىسى ئارقىلىق نازۇك تەپەككۇر ئۇسۇلى (ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى) نى قوللىنىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازدىن ئىبارەت خىلمۇ خىل ئوبراز يارىتىپ، ئۈلگە تىكلەيدۇ، بۇ ئۈلگىلەر كىشىلەر قەلبىدە ئۈن - تىنسىز ئاستا - ئاستا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسەر كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچلۈك رول ئوينايدۇ دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىنى توغرا ئىگىلەپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە كۈنتۇغدى ئېلىگ (خان)، ئايتولدى (ۋەزىر)، ئۆگدۈلمىش (خان ئوغلى)، ئودغۇرمىش (ئالىم) تىن ئىبارەت تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتتى. ئەنە شۇ پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق شۇ زامان كىشىلىرىگە ئۈلگە تىكلەپ، بەخت - سائادەت يولىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

158 سۆزۈم ئۇشبۇ لۆت لەرسە ئۈستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنا ئاچىلۇر.

دەپ ئاشۇ لۆت پېرسوناژغا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى، ئارزۇ - ئۈمىدى سىڭدۇرۇلگەنلىكىنى كىتابخانلارغا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ لۆت پېرسوناژ بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ھەم رېئال، ھەم غايىۋى شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ لۆت پېرسوناژ ئوبرازىدىن شائىرنىڭ ئۆتكۈر رېئالىست ھەم رومانتىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۈنتۇغدى ئېلىگ ئوبرازى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوبرازى ئادىل پادىشاھ ئوبرازى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئوبراز خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ، كۈنتۇغدى ئېلىگ خۇددى شائىر تەسۋىرلىگەندەك تەدبىرلىك، زېرەك، قابىل پادىشاھ بولۇپ، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇپ شۆھرەت قازانغان ئىدى. لېكىن خۇددى ئۆدغۇرمىش ئېيتقاندەك: «جاھان يىققىنىڭدىن نە پايدا بولۇر». ئۇ خەلققە زۇلۇم سالىدۇ، مال - دۇنياغا بېرىلىدۇ. پەزىلەت جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن مەغرۇر.

ئەمدى شائىر قەلبىدىكى ئۆگدۈلمىش ئوبرازى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ غايىۋى پادىشاھ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت قاتارلىق ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك

بولغان بارلىق ئىسىل پەزىلەتلەر بۇ ئوبرازغا يىغىنچاقلان-
هان. شائىر بۇ ئوبرازنى ئادىل پادىشاھلارنىڭ نەمۇنىسى
قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇنداق پادىشاھ بولسا، دۆلەت
بىر قۇياشقا ئايلىنىپ ھەممىگە تەڭ نۇر چاچالايدۇ، بۆ-
رە بىلەن قوزا بىللە ئوتلايدىغان زامان كېلىدۇ،
دەپ ھېسابلايدۇ. ئايتولدى ئوبرازى بىر مۇكەممەل
پاك ئەمەلدار ئوبرازى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ
بىر ئالىم، ئەڭ مۇھىمى توغرا نىيەتلىك، كىچىك پېئىل،
مېهرىبان؛ ھەسەت، غەيۋەت، ھاۋايى - ھەۋەستىن خالى
بولغان پاك، ساپ ئەمەلدار؛ ئادىل قانۇنىنىڭ ئىجراچى-
سى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ تەرغىباتچىسى، بىلىم تارقاتقۇچى
باغۋەن. ئايتولدى ئوبرازىنى دەل شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبرازى
دەپ قاراش مۇمكىن. ئودغۇرمىش ئوبرازى ئىنسانپەر-
ۋەر ئالىم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ ئاما ئىچىدە
ياشايدۇ، جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ، مەنسەپتىن تاما-
يى يوق؛ پادىشاھ، ئەمەلدارلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلى-
رىنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئىسلاھاتچىلىق غايىلىرىنى پادىشاھ-
قا دادىل ھالدا بايان قىلىدۇ ۋە ئۇنى مەرىپەتكە، ئادا-
لەتكە، خەلقپەرۋەرلىككە ئۈندەيدۇ. ئەسەردىكى ئودغۇر-
مىشنىڭ تىلى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى شائىرنىڭ تىلى بو-
لۇپ، ھەم ئەقىل كۆرسەتكۈچى، ھەم سۆككۈچى رولىنى
ئوينايدۇ. ئايتولدى پادىشاھقا ئوردا خادىملىرى بىلەن قان-
داق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا كۆپرەك مەسلىھەت بەرسە؛
ئودغۇرمىش ئالىملار، شائىرلار، دېهقانلار، چارۋىچىلار،
ھۈنەرۋەنلەر ۋە پۇقرالار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش؛

ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا ئادالەت ۋە شەپقەت
يەتكۈزۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇدغۇرمىش — شا-
ئىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ئىنساپپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئوب-
رازلىق كۆرۈنۈشى دەپ قاراش مۇمكىن.

شائىر بۇ تۆت پېرسوناژنى بىر-بىرىنى ھىمايە
قىلىدىغان، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، كەم
جايلىرىنى تولدۇرىدىغان ئىنسانىي پەزىلەتكە تولغان ئالىيجا-
ناپ جاھان پەرىشتىلىرى، ئاشۇنداق ئادىل پادىشاھ، پاك
ئەمەلدار، بىلىملىك، پەزىلەتلىك ئەربابلار بىلەن جاھان
تۈزىلىدۇ، دۆلەت گۈللىنىدۇ، بۆرە بىلەن قوزا بىللە
ئوتلايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرنى تۇرمۇش دېڭىزى
ئىچىدىن گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت تەرگۈچى، ئوبراز ئارقى-
لىق ھاياتقا يول كۆرسەتكۈچى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن،
شائىرغا نىسبەتەن تولىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. شائىر-
نى ئالىم، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تەجرىبە توپلىغۇچى،
پەزىلەت ئىگىسى دەپ باھالايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داس-
تانىدا تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى، پەلسەپىۋى، نازۇك پى-
كىرلەرنى كۆپىنچە شائىرنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىدۇ.

شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرنىڭ ھەر تەرەپ-
لىمە تەربىيىلىنىشى، چېنىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات
تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇپلا قالماي، شائىر يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شائىر-
يازغۇچىلارغا نىسبەتەن بىر شانلىق ئۈلگە. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىڭ، قانۇنشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجىلىرىنى ئۆزگە سىڭدۈرگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۇخىل شەكىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغدىغان، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچقان. ئەڭ مۇھىمى، شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر ئۇلۇغ ھاجىپ، شائىرنىڭ ئەسىرىدە، ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي گۈزەللىكى جەۋلان قىلىندۇ. شائىرنىڭ ئەسىرى دەل شائىرنىڭ ئۆزى. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر خەلقىمىز تارىخىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلۇغ ئۇستاز سۈپىتىدە خاتىرلىنىپ كەمەكتە.

3

يولداش ماۋزېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا: «بىز بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ،

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم» دېگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر، نۇقسانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مىراسنى قالدۇرۇپ كەتتى. شائىرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆزقاراشلىرى زامانىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە بىر مۇھىم ئەينەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھاياتنى ئوبراز ئىچىدە پەلسەپە نۇقتىسىدىن، دۇنيا قاراش يۈكسەكلىكى بىلەن باھالايدىغان، خۇلاسىلەيدىغان بۇ ئىسىل ئەنئەنىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. ئۈلگە خاراكتېرلىك باي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يارىتىپ، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھەتتا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىر پۈتۈن سىستېما دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ شەكلى، تۈرى خىلمۇ خىل

بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، كىشىگە بېرىدىغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، ھاياتىي كۈچىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى كۆپىنچە ئاجايىپ قىزىقارلىق، ئاجايىپ نازۇك، مەزمۇنلۇق، چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى، كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپە سەۋىيىسىگە، دۇنيا قاراش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ يىغىنچاقلىشى ۋە ئۇنى جانلىق ئىپادىلەش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولغان بەدىئىي ئەسەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. دەۋر، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەنمۇ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەنە شۇنداق ئەسەر. بۇ ئەسەردىكى:

6532 قىيىندەك بوييۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس — تۇز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېگىلمىشتىم.

6605 بىلىم بىل، ئۆزۈك بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6636 نىچە مىڭ ياشسا، ئاخىر ئۆلگۈلۈك،
نىچە يەغسا دۇنيا قالۇر ئارقارا①.

① ئارقارا — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئارقىدا.

دىگەن يالقۇنلۇق پىكىرلىرى ھازىرمۇ كىشى قەلبىدە
چوڭقۇر ھاياجان قوزغايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەس-
رىدە نامايەن قىلىنغان ئىلغار ئەدەبىيات-سەنئەت كۆز
قاراشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مىللىي، ئىلمىي ئەدەبى-
يات-سەنئەت نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ بىخلىرى ئال-
لىقاچان شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىي مىراسلارغا
تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ئاساس سالغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئې-
سىل ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇ-
نىڭ ئىلغار ئەدەبىيات-سەنئەت كۆزقاراشلىرىنى ئۆ-
زىمىزگە ئەينەك قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيا-
لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت
شانلىق ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلىشىمىز لازىم. بۇ،
ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئانا ماكانى بولغان ئېلىمىزدە «قۇ-
تادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا، شېئىرىي شە-
كىل بىلەن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغانلىقىنى ئەڭ ياخ-
شى خاتىرلەش بولىدۇ.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا

شەرىپىدىن ئۆمەر

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەدەبىيات — ھاياتنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتە باشقا پەنلەردىن پەرقلىق ھالدا ئوبرازلىق تەپەككۈرنى ئۆزىگە قورال قىلىدۇ.

«ئوبرازلىق تەپەككۈر» ئاتالغۇسىنى بىرىنچى بولۇپ ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن كىشى — نېمىس پەيلاسوپى گېگېل بولۇپ، ئۇ: «پوئېتىك تەسەۋۋۇرنى بىز ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر دەپ بەلگىلەيمىز. چۈنكى، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئابستراكت ماھىيەت ئورنىغا ئۇنىڭ كونكرېت رېئاللىقىنى قويىدۇ»① دەيدۇ.

ئىجتىمائىي تەپەككۈر تىپىنىڭ بۇ خىلىنى رۇس ئىنقىلابىي دېموكراتلىرىدىن بىرى بولغان ۋ. گ. بېلىنىسكىنىڭ ئالىم بىلەن يازغۇچىنى سېلىشتۇرۇپ ئېيتقان

① «گېگېل ئەسەرلىرى» 14-توم، 194-بەت، رۇسچە.

مۇنۇ سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئوچۇق بايقىۋالالايمىز: «پەيلاسوپ سىللوگىزملار① بىلەن، شائىر بولسا ئوبرازلار، كارتىنا (مەنزىرە) لار بىلەن گەپ قىلىدۇ. ھەر ئىككىسىمۇ بىر نەرسە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ... بىرى ئىسپاتلايدۇ، ئىككىنچىسى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككىسى ئىشەندۈرىدۇ. پەقەت بىرى مەنتىقى پاكىتلار بىلەن ئىشەندۈرسە، ئىككىنچىسى كارتىنا بىلەن ئىشەندۈرىدۇ»②.

ئەگەر بۇنى ئىش ئېلىپ بېرىش جەريانى بىلەن سېلىشتۇرساق، كۆز ئالدىمىزدا مۇنداق مەنزىرە پەيدا بولىدۇ: پەن ئەربابى توختىغان جايدا يازغۇچى ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر شەرتلىك رەۋىشتە تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى «$A$» بىلەن، شۇ تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئالىم ۋە يازغۇچى چىقارغان خۇلاسىنى «$B$» بىلەن بەلگىلىسەك، ئالىم بىلەن يازغۇچى (سەنئەتكار) ئارىسىدىكى پەرق مۇنداق بولىدۇ: ئالىمنىڭ يولى $A — B$ شەكلىدە تاماملىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىشى بولسا، $A — B — A$ شەكلىنى ئالىدۇ. ياكى بۇ سخېمىنى $A_1 — B — A_2$ تەرىقىسىدە ئىشلەتسەك، مەقسەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغ لېنىن «پەلسەپە دەپتەرلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىنساننى رېئال ھايات قانائەتلەندۈرمەيدۇ، ئىنسان ئۇنى مۇكەم-

---

① سىللوگىزم — لوگىكىدا ئىككى پىكىرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى بولغان ئۈچىنچى بىر پىكىرنى چىقىرىش.

② «ۋ. گ. بېلىنسكى» 3- توم، 397- بەت، رۇسچە.

مەللەشتۇرۇشكە ئىنتىلىدۇ. ئىنسان ئىچكى دۇنيانى ئەكس ئەتتۇرىدۇلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانى يارىتىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تىپىكلەشتۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، بەدىئىي ئەسەر ھاياتنى مېخانىك رەۋىشتە تەكرارلىمايدۇ، بەلكى ئۇنى تىپىكلەشتۇرگەن ھالدا تەسۋىرلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، يۇقىرىقى سىخېمىدىكى دەسلەپكى «A» بىلەن ئاخىرقى «A» ئارىسىدا بىرلىكلا ئەمەس، بەلكى پرىنسىپال پەرق بار. چۈنكى، بىرىنچى «A» ھاياتنىڭ ئەسلى — رېئال ھايات بولغان بولسا؛ ئىككىنچى «A» ئەسلى ھاياتتىن، رېئاللىقتىن تىپىكلەشتۇرۇپ يارىتىلغان، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «بەدىئىي» رېئاللىقتۇر. بىزنىڭ بەدىئىي چىنلىق دېگىنىمىز ئەنە شۇ.

لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە مەنتىقىي خۇلاسىگە ئېلىپ كەلگەن ھاياتنىڭ كۆپ خىللىقى، جانلىقلىقى، كونكرېتلىقى، رەڭمۇ رەڭلىكى، ئومۇمىي ھايات مەنزىرىسىنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قايتا تىكلەش يازغۇچى - سەنئەتكار ئالدىدا شەرت قىلىپ قويۇلىدۇ. شۇڭا، ل. تولستوي: «كىشى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھېسنى (پىكىرلەرنى) باشقىلارغا ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇنى ئۆزىدە قايتىدىن ئويغاتقاندا ۋە بۇنى مۇئەييەن تاشقى بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىگەندە، سەنئەت باشلىنىدۇ»①

---

① تولستوي: «رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى ئەمگىكى» 3- توم، 450- بەت، رۇسچە.

دېسە، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى م. گوركى: «يازغۇچىنىڭ ئىشى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇ خىيال قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىدىن كەچۈرگەنلىرى، تەسراتلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئوبرازلار، كارتىنىلار ۋە خاراكتېرلاردا مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ ۋە جايلاشتۇرىدۇ»① دېگەن ئىدى.

جۈملىدىن، گېيوتېنىڭ «نەزەرىيە رەڭسىز بولسا، تۇرمۇش دەرىخى ھەمىشە ياپ - يېشىل تۇرىدۇ» دېگەنىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ جانلىق ئىسپاتى بولالايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئوبرازچانلىق ئىنسانىيەتنىڭ باشلانغۇچ تەرەققىيات دەۋرىدىن بۈگۈنگىچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بولۇپ كەلدى.

ئەمما، ھەممە خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا، نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبراز يارىتىش پرىنسىپلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلگە ئېشىشىغا دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە يېقىن دەۋرلەرنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرى، ھەتتا بىر ۋاقىتتا ياشىغان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىجادىدىمۇ چوڭ پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى سەزگىلى بولىدۇ. ئىجادىي مېتود دائىرىسىدە ئوبراز يارىتىش پرىنسىپلىرىنىڭ

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە.

كولكرىت ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، ھەتتا بىر زاماندا ياشىغان يازغۇچىلارنى قايسى مىللەت، قايسى خەلقتىن بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشمىغان گۇرۇھلارغا ئايرىيدۇ ياكى ئوخشاشمىغان دەۋر يازغۇچىلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۈيۈك يۇنان دراماتورگى سوفوكىل ئۆز زاماندىشى ئېۋرىپىدنىڭ ئىجادىدىن ئۆز ئىجادىنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ئادەملەر-نى ئۇلار قانداق بولۇشى لازىم بولسا، شۇنداق تەسۋىر-لەيمەن؛ ئۇ بولسا، ئادەملەرنى ئۇلار ئەسلىدە قانداق بولسا، شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ».

مۇنداق پەرقنى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇئەييەن ئوخشاشلىقنى تۆۋەندىكى مىساللاردىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ:

15 - ئەسىرنىڭ ئىككى بۈيۈك شائىرى ئەلشىر ناۋايى بىلەن ئابدۇراھمان جامى ئەسەرلىرىدە بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بار. ھەر ئىككى شائىر تارىخىي شەخس ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالېكساندىر ماكېدونسكى) نى ناۋايى «سەددى ئىسكەندەر»، ئابدۇراھمان جامى «خىراتنامەئى ئىسكەندەر» داستانلىرىدا، تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ئەمەس تەسۋىرلەشتىن كۆرە، بۇ تارىخىي شەخستىن پايدىلىنىپ، مەرىپەتپەرۋەر، ئادىل پادىشاھنىڭ غايىۋى ئوبرازىنى يارىتىشنى ئۆزلىرىگە ئىجادىي مەقسەت قىلىدۇ.

ناۋايى ۋە ئابدۇراھمان جامىلارنىڭ ياش زاماندىشى

زوھۇرىددىن بابۇر بولسا، ئۆز ئىجادىي پرىنسىپلىرى بويىچە ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇر نامە» سىدە ئۆز زامان كىشىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىنى ئەڭ كىچىك دېتاللىرىغىچە تارىخىي، ھەققانىي، چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالنى ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى كلاسسىك شائىرلىرى لى بەي، دۇفۇ، پەي جۈيىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىنمۇ كۆرۈشىمىز مۇمكىن.

دېمەك، قەدىمدىن بۇيان يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدە ئىككى خىل يول مەۋجۇت: بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىدا، ھاياتنى يازغۇچى ئۆز ئارزۇسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، بىلىشكىنىڭ تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا، ئىدېئاللاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولسا، بەزى يازغۇچىلار ھاياتنى «ئەسلى قانداق بولسا، شۇنداق» تەسۋىرلەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا بىرىنچى خىل بەدىئىي تەپەككۇر «رومانتىك تەپەككۇر تىپى»، ئىككىنچى خىل تەپەككۇر «رېئالىستىك تەپەككۇر تىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى يىرىك يازغۇچىلار پۈتۈن يەر شارىغا چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى گورۇھلارغا بۆلۈپ، بىر - بىرىسىگە يېقىنلاشتۇرغان ياكى يىراقلاشتۇرغان نەرسە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەدىئىي تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان بەدىئىي ئىجادىيەت مېتودىدۇر.

ئۇنداقتا، ئەمدى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ

ئەڭ يىرىك نامايەندىسى جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ دۇردانىلىرىدىن بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» نى قايسى ئىجادىي مېتودنىڭ مەھسۇلى دەپ كۆرىمىز؟

ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت مېتودى ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز تەتقىق قىلىندى. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىقاتى ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. مۇنداق شارائىتتا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قايسى خىلدىكى ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشتا، ئالدى بىلەن بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن رېئال ھاياتقا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، جاھان ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ھەر قانداق كلاسسىك بەدىئىي ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدىن، دەۋر روھىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاپتورنىڭ ئۆزى بەرگەن مەلۇماتى بويىچە «قۇتادغۇ بىلىك» مىلادى 1069 — 1070- يىللىرى قەشقەردە يېزىلىپ تاماملىنىپ، شۇ چاغدىكى قاراخانىلار ھۆكۈمرانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلىنغان.

پرتساك ۋە ئا. يۇ. داۋىدوۋىچنىڭ تۈزگەن قاراخانىلار نەسەبنامىسىغا ئاساسلانغاندا، ھەسەن بۇغراخان ئىبنى سۇلايمان شەرق قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد سەردارى، ئارسلان سۇلايماننىڭ چوڭ ئوغلى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 30 - ھۆكۈمرانى بولۇپ، مىلادى 1074 — 1075- يىللىرى ھاكىمىيەتكە چىققان.

كەچۈرگەن دەۋرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، راسا گۈللىنىۋاتقان ۋاقتى ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋرى ئىدى. بۇ چاغدا شەرقىي قاراخانىلار بىلەن غەربىي قاراخانىلار ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى جىددىي كېتىپ باراتتى. ھەتتا ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، 1089- يىلى قاراخانىلارنىڭ جەڭگە - جېدەللىرىدىن پايدىلىنىپ، شۇ چاغ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدە ھۆكۈمرانلىققا كۆتۈرۈلۈۋاتقان سالجۇقى تۈركلىرىنىڭ شاھى مالىك غەربىي قاراخانىلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، شەرقىي قاراخانىلار خانى ھەسەن بۇغرا خان ئىبنى سۇلايماننى ئۆزىگە بېقىندى قىلىۋالغان ئىدى. بۇ ھالنى ھەتتا شائىرنىڭ ئۆزى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاخىرىدىكى شائىرنىڭ ئېپىلوگىدىمۇ يۇقىرىقى ھال ناھايىتى ئوچۇق بېرىلىدۇ:

6452 بىلىملىك خار ئولدى، چەتلەتتى ئۆزىن،
ئەقىللىق كاچا بولدى، ئاچماس تىلىن.

6458 ھالالنىڭ ئېتىلا قالدى، ئۆزى يوق،
ھارام بولدى قاراقچى، تويغۇچى يوق.

6459 قىبنى بۇ ھارامنى ھارام دېگۈچى،
ھارامنى قويۇپ بىر ھالال يېگۈچى.

6466 ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا غولدىدى،
ئىشەنچ قىلغۇدەك بىر كىشى قالمىدى.

6467 ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا ئالدى ئىز،
ئىشەنچ ۋە تايانچقا لايىق كىشى قىز①.

6471 ئامانەت ئېتى بار، قېنى قىلغۇچى،
نەسىھەت سۆزى بار، قېنى تۇتقۇچى؟

6472 قېنى ئەمىر - مەرۇپ② قىلغۇچى كىشى،
قېنى ئۇ يامانلىق توسۇچى كىشى.

6476 كىشى بارچە يارماق قۇلى بولدىلەر،
كۆمۈش كىمدە بولسا بويۇن ئەگدىلەر.

6480 جاھان باشتىن ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كۆرۈپ تاڭ قالغۇچى ئەر بارمۇ مۇنى؟

6489 ئاخىرلاشتى دۇنيا، بۇزۇلدى قانۇن،
يامانىنى كۆرۈپ ھەم ياخشىلار بۇگۈن.

6492 ئۆزگەردى جىمىكى نىزام ۋە قانۇن،
قارا بىرلە ئاق بولدى پەرقسىز پۈتۈن.

---

① قىز — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قىس.
② ئەمىر - مەرۇپ — (ئەرەبچە) ياخشىلىققا بۇيرۇماق.

مانا بۇ قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ بەدىئىي رېئالىس-
تىك كارتىنىسىنىڭ مەركەزلىك كۆرۈنۈشىنىڭ بىر قىسمى
ئەمەسمۇ؟

ئەمدى «قۇتادغۇ بىلىك» تە يارىتىلغان بەدىئىي
ھاياتچۇ؟ يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، «قۇتادغۇ بىلىك» ھا-
ياتنى ئىنسان ئەقلىي كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا قايتا قۇ-
رۇش غايىسى بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. راتسىئونالىست شا-
ئىر پادىشاھقا «كۈنتۇغدى» ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن يار-
دەمچىسى بولغان دانا ۋەزىرگە «ئايتولدى» دەپ نام
بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇياش ۋە ئاي ھايات ئۈچۈن
قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ھاكىمىيەت بىلەن ئىلىم ئىتتىپاقى-
نىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن شۇنچىلىك زۆرۈرلۈكىنى بەدىئىي
ئۇسۇلدا ئىپادىلەيدۇ. داستاندا يارىتىلغان غايىۋى جەم-
ئىيەتنىڭ دۆلەت بېشىدا بىلىملىك، ئادىل شاھ كۈنتۇغدى،
دانىشمەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش تۇرىدۇ. بۇ دۆلەتتە «قا-
نۇن ئالدىدا شاھمۇ، قۇلمۇ باراۋەر»؛ ئۇنىڭ دۆلەت
خادىملىرى بىلىمدە ئالىم، ئەخلاق - پەزىلەتتە يۇقىرى
كامالەتكە يەتكەن، جەمئىيەتتە ئىلىم - پەن گۈللەپ
ياشىغان، خەلقى باي، دۆلىتى كۈچلۈك، ئۇنىڭ خەلقى
شۇنچىلىك ئىتتىپاقلاشقانكى، شائىر تىلى بىلەن ئېيتقاندا،
«بۆرە بىلەن قوزا بىللە ياشايدۇ». شۇڭا، كۈنتۇغدى
ئېلىگ ۋە ئۇنىڭ دۆلەت خادىملىرى، قاراخانىلار شاھ-
لىرى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت خادىملىرىنىڭ رېئالىستىك بە-
دىئىي تىپى ئەمەس، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» تە يارىتىل-
غان بەدىئىي ھايات قاراخانىلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى ھا-

ياتنىڭ رېئالىستىك بەدىئىي ئىنكاسى، قايتا تەكرارلىنىشى
ئەمەس. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» شائىرنىڭ بەدىئىي
غايىسىگە (ئىدېئالىغا) ئاساسەن، ھاياتنى قايتا ياراتقان
رومانتىك ئەسەردۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر
تارىخىدا بىزگە مەلۇمكى، ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى
«غايىۋى شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى» دېگەن داڭلىق
ئەسىرىدە «بىلىملىك، ئادىل شاھ»، «ھەممە خەلق ئې-
زىش - ئېزىلىشسىز باراۋەر ياشايدىغان جەمئىيەت» غا-
يىۋى ئوتوپىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەبۇنەسىر
فارابىدىن بىر ئەسىر كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ مۇ-
تەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى كۆزقاراشلىرى-
غا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنە شۇ
روھ سىڭگەن غايىۋى «بىلىملىك، ئادىل شاھ»، «بىلىم،
ئادالەتلىك قانۇن ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەت»، «بەخت-
سائادەتلىك، گۈللەپ ياشنىغان بىر مەركەزگە ئۇيۇش-
قان جەمئىيەت» نىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى. بۇ، ئۆز
دەۋرى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىلغارلىق ئىدى. ماركس
«... مىللىي دۆلەتلەر تەشكىل قىلىشقا ئىنتىلىشنىڭ بارغان-
سېرى ئايدىڭراق ۋە ئاڭلىقراق كۆرۈنۈۋاتقان تېندېن-
سىيىسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئامىل-
لىرىدىن بىرى»① دېگەن ئىدى.

ئەنە شۇ يۇقىرىقى غايە گەۋدىلەنگەن «قۇتادغۇ بى-
لىك» نى قاراخانىلار خاقانى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1- توم، 44- بەت، رۇسچە.

قىلىشتىكى شائىرنىڭ مەقسىتى، بۇ «جاھاننامە» ئەينىكىدە شاھ ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى كۆرۈپ، پارچىلىنىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتتۇۋاتقان دۆلىتىدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، قاراخانىلارنى مەركەزلەشكەن بىر فېئودال دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، «بىلىملىك، ئادىل شاھ» رەھبەرلىكىدە خەلققە بەخت يارىتىشنى ئارزۇ قىلىش ئىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

رومانتىزمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى بىخ ھالىدا بولسىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى باسقۇچلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇلار كېيىن رومانتىزمنىڭ ھۆكۈمران مېتودى بولۇپ قېلىشىغا ئاساس بولۇپ قالدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رومانتىك بەدىئىي تەپەككۇر تىپىنىڭ باش خۇسۇسىيىتى — يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ۋەقەلەردىن قانائەتلەنمەي، باشقا ھاياتنى — رېئال ۋەقەلىكتىن يۇقىرىراق ۋە ساپراق ھاياتنى سېغىنىش ۋە ئىزلەش ھەمدە ئۇنى تاپالماسلىق نەتىجىسىدە رېئال ھاياتنى تەسۋىرلەشتىن ۋاز كېچىپ، ئارزۇ قىلغان ھاياتنى تەسۋىرلەش يالى مەۋجۇت رېئال ھاياتنى ئاتايىن كۆپتۈرۈپ، غايىۋىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ھادىسە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاستۇر. بېلىنىسكى ئېيتقاندەك: «ئىنسان رو-

ھىغا ھەممە خەلقلەردە ۋە ھەممە زامانلاردا ئومۇمىي بولغان ھادىسىدۇر»①.

رومانتىزم بۇ رومانتىك تەپەككۇر تىپى ئەدەبىيات-سەنئەتتە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىزم، سىمۋولىزم، رېئالىزم قاتارلىق بەدىئىي ئېقىم، مېتودلاردىن خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. رومانتىك تەپەككۇر ئېلېمېنتلىرى ياكى ئۇنىڭ ئەنئەنىلىرى قەدىمىي يۇنان، رىم، جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئالغاندا، فېئودالىزم دەۋر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى نوقۇل بىر رومانتىك ئەسەر دېسەك، ئۇنىڭدىكى رېئالىزم ئامىللىرىنى ئىنكار قىلغان بولىمىز. بىر ئەسەردە پەقەت رېئالىزم ياكى رومانتىزملا بولۇشى ناتايىن. گەپ شۇ ئەسەردە قايسى روھ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىق مەسىلىسىدۇر.

بىر يازغۇچى ئىجادىيىدا بىرەر ئىجادىي مېتودنىڭ (مەسىلەن، رومانتىزمنىڭ) ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى مۇشۇ يازغۇچى ئىجادىيىدا باشقا ئىجادىي مېتود ئېلېمېنتلىرىنى رەت قىلمايدۇ. مەسىلەن: بۈيۈك رېئالىست يازغۇچى بالزاكنىڭ «چىگرىن بۇلغارى» رومانى رومانتىك ئەسەر. بۇنىڭدا رېئالىزم ئېلېمېنتلىرى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە ياق! جۈملىدىن، ئەلىشىر ناۋائىي ئىجا-

---

① ۋ. گ. بېلىنسكى «تولۇق توپلىمى» 7 - توم، 154- بەت، رۇسچە.

دىدا ھۆكۈمران مېتود رومانتىزم ئىكەنلىكى ئۈلگىدا رېئالىستىك ئېلېمېنتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ناۋايى ئىجادىدا رومانتىزم بىلەن رېئالىزم ئېلېمېنتلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كىرىشىپ كەتكەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەمىلىي پاكىت.

بۈيۈك تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى سەدرىدىن ئەينى ناۋايى ئىجادى ئۈستىدە توختالغاندا، «خەمسە» دە ناۋايى سەلبىي تىپلارنى ئۆز زامانىسىدىن ئالغان، ئەمما ئۇلارغا قارشى قويۇلغان ئىجابىي تىپلارنى بولسا، ئۆز فانتازىيىسى ۋە ئىدېئاللىرى (رومانتىزم ئاساسىدا) ياراتقان ۋە «ئادىل شاھ» غايىسىنى ئالغا سۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە رومانتىزم مېتودى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغىنىدا گەپ يوق. ئەمما، ئۇنىڭدا رېئالىزم ئېلېمېنتلىرى خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەپ، رومانتىزم بىلەن گىرەلىشىپ بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى رېئالىزم ئېلېمېنتلىرى داستانىنىڭ باش قىسمىدىكى ئاسترونومىيىگە ئائىت ئىلمىي چۈشەندۈرۈش، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى، تىلنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، قەھرىمانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرى، ھەرىكەت تەسۋىرلىرى ۋە شائىرنىڭ لىرىك چېكىنىشلىرىدە، ھەممە داستاننىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمە شەكلىدە بېرىلگەن قاراخانىلار جەمئىيىتىگە قارىتا كۆزقاراشلىرى ھەم ئۆزى ھەقىقىدىكى ئېچىنىشلىق ئەپسۇسلىرى

قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىسىنى تا-
پىدۇ. بولۇپمۇ داستاندىكى تەبىئەت تەسۋىرىدە ناھايىتى
كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، باھار
تەسۋىرى مۇنداق بېرىلىدۇ:

63 كىرىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر① كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65 چاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دەۋلەت ياسىن.

66 قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا②.

---

① كافۇر — ئاق، خۇشپۇراق ۋە تەبىئىتى سوغۇق بىر خىل دورا. شائىر بۇ مىسرادا قارا يەرنى ئىپارغا، قارنى كافۇرغا ئوخشىتىدۇ.

② ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇنەججىملەر ئاسماننى 12 بۇرجقا بۆلگەن. بۇنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى: ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇل، مىزان، ئەقرەپ، قەۋس، جەدى، دەلۋە، ھۇت؛ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى: قوزا، ئۇي، قوشكېزەك، يولۋاس، تىمساخ، بۇغداي بېشى، تارازا، چايان، ياچاق، ئوغلاق، سوغا، بېلىق، دېمەك، بېلىق قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، قوزا باھارنىڭ باشلىنىش ئېيى. شائىر بۇ يەردە «قىش كېتىپ باھار كەلدى» دېگەن ئۇقۇمنى شائىرانە تىلدا «بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا» دەپ كىنايە سەنئىتى بىلەن ئىپادىلىگەن

67 قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن①، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68 قوڭغۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 دالا، تاغ، قىر، ئويمان تۆشەندى يېيىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

70 تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71 ئېسىپ تاڭ شامالى قەلەمپۇر پۇراق،
ئىپار بويىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72 غاز، ئۆدەك، قىل، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى - تۆۋەن.

73 ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئوينىپ، ئىچەر سۇ بىرى.

يۇقىرىدىكى باھار تەسۋىرىدە تەبىئەتنىڭ ئويغىنىشى، ئۇنىڭغا ماس ھايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەنكى، بۇنى ناھايىتى چىۋەر رېئالىستىك رەس-

① يىپۇن — (قەدىمكى ئويغۇرچە) توق قىزىل رەڭ.

ـامىنىڭ باھار توغرىسىدىكى بىر پارچە بايى مەزمۇنلۇق
ۋە ئوتتۇقلۇق چىققان گۈزەل رەسىمى بىلەن سېلىشتۇرۇش
تامامەن مۇمكىن.

كەچكى شەپەق مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

3283 قۇياش ياندى يەرگە ھەم قويدى بېشىن،
يورۇق دۇنيا مەڭزى قىزارتتى تۈسىن.

3284 يېپىپ ساچىن ساما، ياپتى نۇر يۈزىن،
گۈزەل زۈلپى قاپلاپ كەتتى يەر يۈزىن.

ئەمدى ئۆگدۈلمىش ئۆچۈن ئەنسىز كېچىنى ئۇنىڭ
روھىي ھالىتىگە باغلاپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

3836 قۇياش يەرگە ياندى، يوشۇردى يۈزى،
پۈركەندى قامىغا پەلەكنىڭ مەڭزى.

3837 جاھان سۈردى يۈزگە كۆمۈردەك بوياق،
كۆرەر كۆز يۇمۇلدى، ئۇخلىدى ئويغاق.

شائىرنىڭ بۇ يەردە قوللانغان بىر ئالاھىدىلىكى
شۇكى، پېزاژنى ئىنسان پسىخولوگىيىسىگە ماسلاشتۇرۇپ
تەسۋىرلەيدۇ. ئەدەبىياتتىكى مۇنداق تەسۋىرلەش ئۇسۇلى
جاھان ئەدەبىيات تارىخىدا 16 — 17- ئەسىرلەردە
مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا 11 -

ئەسىردىلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئۆگدۈلمىش نىڭ ئۇدغۇرمىش ئالدىغا بېرىش ۋە قايتىشىدا پەيدا بولغان دەككە - دۈككە روھىي ھالىتى بىلەن باغلاپ تەسۋىرلەنگەن مۇنۇ ئاجايىپ گۈزەل مىسرالاردىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

3948 يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،
جاھاننىڭ تۈسى بولدى زەڭگى يۈزى.

3949 ھاۋا ئالدى پۈتكۈل قارا قۇش ئۆگى،
جاھانغا تولدى ھەم قارا قۇش يۈگى.

3953 قۇياش قوپتى يەردىن كۆتەرىپ بېشىن،
ئوچۇق يۈز كۈلەردەك كۆرسەتتى چىشىن.

4958 ئۇ چىقتى، ئاتلاندى ئۆيىگە يانا،
چۇشۇپ، كىردى ئۆيىگە، يېشىندى مانا.

4959 قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سېرىغ،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدەك ئېرىغ.

4960 قۇياش سۇرتتى يۈزگە سېرىق زەپىران،
ھاۋارەڭ شېشىگە پۈركەندى جاھان.

4961 مەشۇقلار قېشىدەك بولۇپ ئاسمان،
ھەبەش - زەڭگى تۈسىگە كىردى جاھان.

4965 قىچىپ ئۇيقۇسى بەك ئۇزاردى كېچە،
تەقەززا بولدى تاڭغا يورۇپ بولغىچە.

4966 پەلەك يىرتتى كىيگەن قارا كۆڭلەكىنى،
كۆتەرىپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىنى.

4967 كۈلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورىدى جاھانىڭ ھەر ئىككى يۈزى.

4968 قۇياش چىقتى ئۆرلەپ، كۆرسەتتى ئۆزىنى،
يورۇتتى ۋادى ھەم دەريالار يۈزىنى.

4970 ئاتىن تۇتتى، مىندى بىر ئوغلان بىلە،
قايىشى ياققا ماڭدى خۇشال كۈلە.

ئەسەردە رېئالىزم ياكى رومانتىزمنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا چىقىشى يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئىستېتىك غايىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق.

ئەمما بەدىئىي ئىجادىيەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ئىجتىمائىي ھايات دىئالېكتىكىسىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مېتودىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىجتىمائىي ھايات (تەبىئەتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت مېتودىدا ماركسىستىك ئىنكاس نەزەرىيەسىنىڭ قۇدرىتىدە يورۇتۇلۇپ، ئاڭلىقلىققا كۆتۈرۈلگەن. بىزنىڭ زامانىمىزدا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك رېئالىزم دەپ نام ئالدى.

# «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مائارىپ ئىدىيىسى توغرىسىدا

## تۇرسۇن قۇربان

### 1

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشاپ ئىجاد قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئەدەبىيات ھەممىلا ئەلدە تەڭلا شەكىللىنىپ بولمىغان بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كېلىپ، يازما ئەدەبىياتنىڭ بىر يىرىك نەمۇنىسى ۋە نامايەندىسى بولۇپ قالغان ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشى يالغۇز ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتىدا يىرىك يازما ئەدەبىياتنىڭ باشلانغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يىرىك يازما ئەدەبىياتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەينى تارىخىي شارائىتتا ئىقتىساد ۋە

مەدەنىيەتتە، بولۇپمۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولغان مائارىپتا بەلگىلىك ئىلغار سەۋىيىدە بولمىغان بولسا، ئىلىمنىڭ خېلى نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان بۇنداق يېرىك ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر ئالاھىدە شەخس، «قۇتادغۇ بىلىك» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يازما ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان بۈيۈك مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارىدى. داستاندا مائارىپ ۋە مائارىپشۇناسلىققا (پېداگوگىكىغا) ئائىت مەزمۇنلارمۇ ئاز ئەمەس.

مەلۇمكى، «مائارىپ ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە»①. پېداگوگىكىنىڭ ماھىيىتى، مەقسىتى، مەزمۇنى، رولى ۋە ئۇسۇلى تامامەن ئادەملەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان. دېمەك، ئادەملەرنى تەربىيىلەش ئىشى — مائارىپ دېمەكتۇر. «پېداگوگىكا — مائارىپ ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن»②. مائارىپنىڭ ماھىيىتى، مەقسىتى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى، تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش يوللىرى پېداگوگىكا ئىلمى تەتقىق قىلىدىغان مەزمۇنلاردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى پېداگوگىكا ئىلمى نۇقتىسىنەزىرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، داستاندىكى بىر قىسىم

① «پېداگوگىكا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.
② «قىسقىچە ئىجتىمائىي پەن لۇغىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 1982 - يىل، 912 - بەت.

مەزمۇنلار، شائىرنىڭ پىداگوگىكلىق قاراشلىرى بولۇپ، خېلى روشەن ئىلمىيلىككە ئىگە. بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلغار كلاسسىك مائارىپ ئىدىيولوگىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، داستاندا:

40 يەنە ئەلنى مەھكەم تۇتۇچى كىشى،
ياراملىق كىشىگە بۇيۇرسۇن ئىشى.

41 ئەقىللىق ۋە لايىق كىشىلەر كېرەك،
گويا ئاي چىراغتەك ئېھسان ئۇلغاندەك.

152 بىلىمنى بۇيۇك بىل، ئۇتتۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى يۇكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

دېگەن ئاساسىي ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە يورۇتۇلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئىلگىرى سۈرگەن مائارىپ ئىدىيىسى «بىلىم — بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر، دۆلەت ۋە خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، ياراملىق كىشىلەر كېرەك. دۆلەت، ھاكىمىيەت ۋە ھوقۇق مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك، پەزىلەتلىك كىشىلەر قولىدا بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا دۆلەت، خەلق ۋە ئەل - يۇرت روناق تېپىپ بەختكە ئېرىشەلەيدۇ» دېگەن قاراشلىرى گەرچە ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى ئىدىيىۋى قاراش بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ۋە خەلقنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش، مەملىكەتنى

كۆچلەندۈرۈش، غايىۋى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتا بەلگە-
لىك ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا مۇنداق بىر قانچە
پېداگوگىكىلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدا تەربىيىلەش
ۋە تەربىيىلىنىش مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دۆلەتنى تۇتۇشقا، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئىپى بار
كىشىلەر تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق مەيدانغا
كېلىدۇ...

بىلىم بەخت كەلتۈرىدۇ. بىلىملىك بولۇش — بەخت-
كە ئېرىشىشنىڭ يولى. بىلىم ئەھلى ئەزىز بولىدۇ، خار
بولمايدۇ.

ھەممە پۇقرالارنى تەربىيىلەش لازىم، ھەممە پۇقرا-
لار تەربىيىلىنىشى كېرەك، بولۇپمۇ پەرزەنتلەرنى تەربىيە-
لەش ئىشى چىڭ تۇتۇلۇشى زۆرۈر. چۈنكى، ئادەم كىچى-
كىدە «ياۋا قالسا» چوڭ بولغاندا چاپا بولىدۇ.

مەملىكەت ۋە خەلقنى باشقۇرۇۋاتقان خادىملار
(شاھلار، ۋەزىرلەر، سەردارلار ۋە باشقا ئەمەلدارلار)
مۇ ئۆزىنى داۋاملىق تەربىيىلەپ تۇرۇشى، جىسمانىي ۋە
مەنىۋى سۈپىتىنى ياخشىلاپ مېڭىشى كېرەك.

ھەربىر ھۈنەر - كەسىپ ئۆز يولى بويىچە ئېلىپ
بېرىلىشى، ھەربىر ئادەم ئۆز كەسپىدە مەخسۇسلىشىشى، ئۆز
كەسپىگە ماھىر بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيە-
لىنىشى لازىم. چۈنكى، كەسپتە ماھىر بولمىغان ھۈنەرۋەن

ياراملىق ماتېرىيال ئىشلىيەلمەيدۇ. ياخشى ئىشلەنمىگەن ماتېرىيال باشقىلارغا يارىمايدۇ.

ھەممە ئادەم دانالار (بىلىملىكلەر) سۆزىنى ئاڭلىشى، دانالار سۆزى بويىچە ئىشلىشى زۆرۈر.

پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىلىمنى بۈيۈك بىلىپ، ئوقۇشنى (مائارىپنى) ئۇلۇغلاش كېرەك. بىلىملىكلەر قەدىرلىنىشى، نادانلارغا يول قويۇلماسلىقى لازىم.

ئەقىل - ئىدراك تەبىئىي بولىدۇ، ئەمما بىلىم بولمىسا قۇدرەت تاپقىلى بولمايدۇ... قاتارلىقلار.

ئۇلۇغ پېداگوكنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىلغار چۈشەنچىلىرى «پەزىلەت، بىلىم، خۇلۇق ياكى ساغلاملىق» دېگەن ئوقۇملار ئارقىلىق كۆپ بابلارغا دېگۈدەك سىڭدۈرۈلگەن. داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ياراملىق كىشىلەرنى تاللاش، ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇش، بىلىملىك - ئەقىللىق بولۇش، ياخشى خۇلۇقلۇق، ساغلام بەدەن بولۇپ، ھەممە ئادەم كەسپلىشىش ۋە كەسپتە مەخسۇسلىشىش قاتارلىق پېداگوگىكىلىق قاراشلار ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەملىكەت ۋە خەلقنى ئىدارە قىلىشتا ئىككى خىل كۈچكە تايىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

2711 ئەل - يۇرتنى تۇتماقلىق قىلىچلە بولۇر،
بۇ ئەلدە ھۆكۈملەر قەلەملە يۇرۇر.

دەيدۇ.

ئۇ كۆرسەتكەن ئىككى كۈچنىڭ بىرى قىلىچ، يە-

لى ئەلەم؛ يەنە بىرى قەلەم. بۇ ھەربىي خادىملار بى-
لەن مەلىكىلىك خادىملار مەملىكەت ۋە خەلقنى ئىدارە قى-
لىشتىكى رەھبەرىي كۈچ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ؛ مەيلى
قىلىچ تۇتقانلار (ھەربىي خادىملار) بولسۇن، مەيلى قەلەم
تۇتقانلار (مەلىكىلىك خادىملار) بولسۇن مەخسۇس تەر-
بىيە كۆرگەن، پەزىلەتلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك كىشى-
لەردىن بولۇشى شەرت دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئەقىل-
بىلىمنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىنىشنى مۇھىم ئورۇنغا
قويغان؛ پەزىلەتلىك، ئەقىللىق - قابىلىيەتلىك بولۇشنى
ياخشى تەربىيىلەنگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ۋە بەلگىسى دەپ
بىلگەن.

ئۇ داستاندا:

5253 بىلىم بىرلە ئىشلە پۈتۈن تۈرلۈك ئىش،
پۈتۈنلەي ئىلىمدىن كېلۇر كۆركلۈك ئىش

327 ئەقىل كۆپ كېرەكتۇر، تاللاشقا كىشى،
بىلىم بەك كېرەكتۇر، قىلىشتا ئىشى.

دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە خەلق تۇرمۇشى-
نىڭ كۆڭۈلدىكىدەك روناق تېپىشىنى تەلىم - تەربىيىگە
باغلىنىشلىق دەپ تونۇپ، داستاندا مەزمۇنى ئىلغار، ئى-
لاھاتچانلىق روھى خېلى كۈچلۈك بولغان پىداگوگىكىلىق
قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك»

لى ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئىلغار ناما-
يەندىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2

مائارىپ ئادەملەرنى، يەنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى بولغان سۈپەتلىك ئېنېرگىيىنى تەيارلايدىغان مەنىۋى ئېنېرگىيە بازىسى. شۇڭا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشكە، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك دائىملىق ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا دۆلەت ۋە خەلققە ئېھتىياجلىق لاياقەتلىك خادىملارنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇندىن 900 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەلىم - تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىرسىيەتلىك ۋە پسىخىكىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى خىزمىتىنى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان، ئۇ مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيلى خوپ.

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.

پىداگوگلار ۋە پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئەسلىدە

ئادەم بالىسىنىڭ 99 پىرسەنتى بىجىرىم تۇغۇلىدىكەن، لېكىن، تەلىم - تەربىيىنىڭ (بۇ جىسمانىي تەربىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تولۇق، دۇرۇس ۋە دائىملىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن خېلى كۆپ بالىلار چوڭ بولۇش جەريانىدا ھەر خىل جىسمانىي ۋە روھىي ئىللەتلەرگە دۇچار بولىدىكەن. دۆتلۈك، ھورۇنلۇق، نادانلىق، جىنايەت ۋەھاكازالار مائارىپنىڭ چەك تۇتۇلماسلىقى، توغرا تەربىيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىنسان ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان ئەڭ زور ئىللەتلەردۇر. بەزى مىللەتلەرنىڭ قاششاقلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەبمۇ دەل ئۇلارنىڭ مائارىپىدا ۋە مائارىپ ئۇسۇلىدا. ئەگەر مائارىپ چەك تۇتۇلۇپ، ئادەملەر كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، مۇقەررەركى، ئۇلار ئىرسىيەت پسىخىكىلىق تەرەققىياتتا ئۇكۇشلۇق يول باسالايدۇ، جىسمانىي ۋە روھىي ئىللەتلەردىن خېلى زور دەرىجىدە ساقلىنالايدۇ، ئەقىل - پاراستى ئېشىپ، ئىقتىدارى كۈچىيىپ، كەلگۈسىدە يېڭى ئىقتىدارلارنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ. مۇبادا، بىر بالا كىچىكىدە ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئۆسۈش جەريانىدا ئۇنۇملۇك تەربىيىگە ئېرىشەلمىسە، مۇقەررەركى ئۇ دۆتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ھازىرقى دۇنيادا بەزى مىللەتلەرنىڭ نەسىل ۋە پسىخىكىلىق سۈپەت جەھەتتە مىسلىسىز ياخشىلانغانلىقى ئۇلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك مائارىپىنىڭ نەتىجىسى. دېمەك، ئادەمنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن ياخشى - يامان سۈپەت-

لىك بولۇشى مائارىپقا باغلىق. شۇڭا ئۇلۇغ پېداگوگ ئۆز داستانىدا ئادەملەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن:

1822 يەنە بىر شەرت: گىلىم تىلەسە ئوغۇل،
كىچىك چاغدا قويغاي بىلىمگە كۆڭۈل.

1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈنچە ئۇنۇتماس ئۇنى.

مۇئەللىپ داستاندىكى خېلى كۆپ بېيىتلاردا «ئۇقۇملۇق» ۋە «ئۇقۇتماق» نى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىپ ئادالەت، دۆلەت، ئەقىل ۋە قانائەت چۈشەنچىلىرىنى، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ بۇ تۆت جەھەتتىكى سۈپەتلىرىنى تەلىم - تەربىيىگە (مائارىپقا) باغلاپ ئىزاھلايدۇ. شۇڭا داستاندا پېرسوناژلارنىڭ سۆھبەتلىرى، بولۇپمۇ ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەر، شۇنداقلا مۇئەللىپنىڭ دىداكتىك بايانلىرىمۇ دەل ئوقۇماق (بىلىم ئالماق)، بىلىم بىلەن دۆلەت ۋە ئەلنى باشقۇرماق، بىلىم بىلەن ئادالەتكە ئېرىشمەك، بىلىم بىلەن سائادەتلىك - دەۋلەتلىك بولماق، بىلىم بىلەن قانائەت ھاسىل قىلماقتىن ئىبارەت يادرولۇق مەسىلىگە مەركەزلەشتۇ...

3

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىرىنچىدىن، ئارىستوتېلنىڭ

پېداگوگىكا قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلسا، ئىككىنچىدىن،
ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇيغۇر پېداگوگلىرىنىڭ،
بولۇپمۇ فارابىنىڭ ئىلغار پېداگوگىكا قاراشلىرىنى ئى-
جادىي راۋاجلاندۇردى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزى چوڭقۇر ئىز-
لىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بىر مۇنچە ئىلغار پېداگوگىك-
لىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»
تە غايىۋى گۈللەنگەن دۆلەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ پادىشاھ-
ۋەزىرلىرى بىلەن مەدەنىي پۇقرالىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرا-
زىنى يارىتىپ، بۇ ئوبرازلارنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر-
لەر، باي تەسەۋۋۇرلار بىلەن جانلاندۇرۇپ بەردى. بىز
داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا، مۇئەللىپنىڭ غايىسىدىكى گۈزەل
جەمئىيەتنى، بۇ جەمئىيەتتىكى پەزىلەتلىك، بىلىملىك، ساغ-
لام ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.
مۇئەللىپ: «مانا شۇنداق گۈللەنگەن، ئادالەت، دۆلەت،
ئەقىل، قانائەت روناق تاپقان جەمئىيەت ئوقۇش (مائارىپ)
بىلەن قۇرۇلدى. ئۇنىڭ بىلىملىك، پەزىلەتلىك پۇقرال-
رى ئوقۇش (مائارىپ) ئارقىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈ-
لدى» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

1824 پەزىلەت، بىلىم ھەم ياخشى خۇي پېئىل،
ئۆگەنسە، تۈزۈلەر كىشى خۇلقى، بىل.

بۇ يەردىكى پەزىلەت چۈشەنچىسى ئەخلاقىي سۈ-
پەتنى، بىلىم چۈشەنچىسى ئەقلىي قابىلىيەتنى، خۇي-
پېئىل چۈشەنچىسى جىسمانىي سۈپەتنى كۆرسىتىدۇ. شائىر
ئادەم بالىسىنىڭ بۇ ئۈچ سۈپىتى پەقەت ئوقۇش (ما-

ئارىپ). يەنى تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق يې-
تىلىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئوقۇش ھەققىدە:

1825 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ تۇركچە ماقال.
ئوقۇپ سەن، ئۆزۈڭگە بۇندىن پايدا ئال.

دەپ يېزىپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەكىتلەيدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مېڭىنىڭ ئەقلىي پائالىيەت-
تىكى فىزىئولوگىيىلىك رولىنى ۋە خىزمىتىنى ئالاھىدە
تىلغا ئالغان:

1836 ئەقىل ئورنى ئۈستۈن مېڭىدە تۇرۇر.
قىممەتلىكتىن ئورنى باشتا بولۇر.

بۇ ئىككى مىسرا بېيىتتە ماتېرىيالىستىك روھ بار. مۇئەللىپ ئەقلىي قابىلىيەتنى ئىلاھىي قۇدرەتكە باغلاپ چۈشەندۈرسىمۇ، لېكىن ئايرىم مىسرالار ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى — شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان. دېمەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىدە زىددىيەتلىك تەرەپلەر ئاز ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ پەزىلەت (ئەخلاقىي)، بىلىم (ئەقلىي)، خۇي - پېئىل (جىسمانىي) تەربىيە قاراشلىرىنى ھەممە بابلاردا دېگۈدەك قەيت قىلىپ بۇ ئۈچ خىل تەربىيىنىڭ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك،

مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك پېداگوگىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپ
دۇنيا مائارىپ تارىخىدا ئارىستوتىل، فارابىلاردىن كېيىن
پۇقرالارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي تەربىيىگە
ئىگە قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنى سىمۋول-
لۇقى كۈچلۈك بولغان كونكرېت، جانلىق، غايىۋى ئوب-
رازلاردا يورۇتۇپ بەرگەن كىشىدۇر. ئۇ، ئۆز غايىسىدىكى
دۆلەت ئۈچۈن كېرەكلىك خادىملارنى تەييارلاشتا يۇقىرىقى
ئۈچ جەھەتتىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشنى ئالاھىدە
جېكىلىگەن. شۇڭا ئۇ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۈيۈك تارىخىي
شەخس، ئاتاقلىق قوماندان ئالىپ ئەرتوڭانى پەزىلەت،
بىلىم، خۇي - پېئىل جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن قابىلىيەت-
لىك، نەمۇنىلىك سەردار دەپ مەدھىيىلەش بىلەن بىللە،

278 ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلىلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.

دەپ تەرىپلەپ شاھلارنى، سەردارلارنى، ئەمەلدارلارنى
ۋە خەلق ئاممىسىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۈچ خىل تەربىيە مەزمۇن-
لىرىنى كۆپ بابلارغا سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئورگانىك
ھالدا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش
لازىمكى، بۇ تەربىيە دائىرىسى، مەزمۇنى ۋە تەربىيە
ئوبيېكتى جەھەتلەردە ئارىستوتىلغا قارىغاندا بىر قەدەم
ئىلگىرىلىگەن. ئارىستوتىل پۇقرالارنى ئۈچ خىل تەربىيە-
گە ئىگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسا، يۇسۇپ خاس

ھاجىپ ئارىستوتىلنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە پادىشاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭمۇ تەربىيىلىنىشىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ۋە تەربىيە ئوبيېكتىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان. شۇنداقلا ئۇ، تەلىم - تەربىيىدە باللار ۋە ياشلارنى تەربىيىلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچ خىل تەربىيىنىڭ بىرى بولغان پەزىلەت (ئەخلاقىي) تەربىيە مەزمۇنلىرىنى داستاننىڭ كۆپ بابلىرىدا ئۇچرىتىمىز. مۇئەللىپ پەزىلەتنى ئادەمنىڭ ئالتۇن تاجىسى، ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان. شۇڭا داستاندا پەزىلەتنىڭ خىسلىتى توغرىسىدا خېلى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان.

مەلۇمكى، ئادەملەرنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئادەملەردە ساغلام، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش — مائارىپنىڭ مەڭگۈلۈك ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى. ئادەم بالىسى، بولۇپمۇ ئەل - يۇرتنى باشقۇرغۇچىلار ئەل ئىچىدە ئەخلاقىي جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتسە، ئاندىن ئۇنىڭ خىزمىتى نەتىجە قازىنىدۇ. ئەخلاقىي جەھەتتە چىرىكلىشىش جىمىكى يامان ئاقىۋەتنىڭ مەنبەسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدا بۇ مۇھىم مەسىلىنى ھېس قىلالىغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلالىغان.

1824 پەزىلەت، بىلىم ھەم ياخشى خۇي - پېتىل،
ئۆگەنسە، تۈزىلەر كىشى خۇلقى، بىل.

شائىر بىلىم بېرىشتىن ئىبارەت ئەقلىي تەربىيە
مەسىلىسىنى بەك كۆپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئەقلىلىق (بى-
لىملىك) بولۇشنى بىر پۈتۈن تەربىيىنىڭ جېنى، پە-
زىلەتلىك، خۇش پېئىل بولۇشنىڭ ئاساسى، ئەل - يۇرت-
نى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ
قارايدۇ.

224 جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل - يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

ئۇنىڭ ئايتولدىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىشىمۇ
دەل ئەقلىي تەربىيە كۆز قارىشىنى يورۇتۇش ئۈچۈندۇر.
مەلۇمكى، «ھەرىكەتلىك — ھاياتلىقتۇر». بۇ يەر-
دىكى «ھەرىكەتلىك ئۇقۇمى» جىسمانىي تەربىيىگە قارى-
تىلىدۇ. ئادەمنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى
ياخشى بولمىسا، ئۇنىڭ قالغان ئىككى جەھەتتىكى تەر-
بىيىلىنىشىمۇ مۇكەممەل بولمايدۇ. جىسمانىي تەربىيە —
ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ماددىي ئاساسى.

ھەقىقەتەن، بۈيۈك پېداگوگىمىزنىڭ ئىلمىي ھۆك-
مىدەك، دۆلەت خادىملىرى ئۈچۈن بىرىنچى شەرت —
ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ساغلام، روھىي جەھەتتە تىتىك
بولۇشتۇر. شۇ شەرتنى ھازىرلىغاندا، ئۇ بىلىمنى ئىگى-
لەپ، ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ
كېتەلەيدۇ. ھوقۇقنى مەھكەم تۇتالايدۇ، خەزىنىنى (ئىق-
تىسادنى) ئوبدان باشقۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا

كاپالەتلىك قىلالايدۇ. شۇڭا مۇئەللىپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

484 ئاشۇ چاغدا خىزمەت يارىملىق بولۇر،
ئۇنىڭغا ئېتىكلىك ئىشىك ئېچىلۇر.

شائىر ساغلام بەدەن، قابىل، كېلىشكەن كىشىلەرنى خەلقىنىڭ غۇرۇرى ۋە ئۈمىدى دەپ بىلگەن.

ئۇ، ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئوۋ قىلىشقا، ئات مىنىشكە، قىلىچۋازلىق قىلىشقا، تاغلارنى ئارىلاپ، تاغلارغا چىقىشقا دەۋەت قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم (ئەقلىي)، پەزىلەت (ئەخلاقىي) ۋە خۇي - پېئىل (جىسمانىي) تەربىيىلىرى ھەر قاچان بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز - ئارا باغلىنىشلىق، دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەزىلەت، بىلىم، خۇي - پېئىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى يالغۇزلا تارىخ ئېتىبارى بىلەن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بۈگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقىمىزدىمۇ بەلگىلىك ئېجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تارىخ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تەرەققىيات پاراۋوزى. بۇ پاراۋوز ئېنېرگىيىگە مۇھتاج. بۇ ئېنېرگىيە دەل ئادەمدىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر. مائارىپ — تارىخ پاراۋوزىنى ماگدۇرلىدىغان ئېنېرگىيە، ئادەمنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازا. ئادەمدىن ئىبارەت ئېنېرگىيە —

ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتە يۇقىرى سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەندە، ئاندىن تارىخ پاراۋوزى بىمالال ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. شۇڭا ماتارىپنى چىڭ تۇتۇپ، ئادەملەرگە قارىتا، بولۇپمۇ باللار ۋە ياشلارغا قارىتا تەربىيىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. «ئوقۇشنى ئۇلۇغلاش»، «بىلىملىكلەر باشقۇرۇش»، «دانالار سۆزى بويىچە ئىشلەش»، «پەزىلەتلىك، بىلىملىك، خۇش پېئىللىق كىشىلەرنى خىزمەتكە قويۇش» ھېلىمۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ جىددىي تەلىپى، كەلگۈسىنىڭ تەقەززاسى.

4

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا «ئائىلە تەربىيىسى»، «جەمئىيەت تەربىيىسى» ۋە «مەكتەپ تەربىيىسى» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمىگەن. لېكىن شۇ ئۈچ خىل تەربىيە كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بىر قاتار چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى خېلىلا روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنداقلا بۇ ئۈچ خىل تەربىيە كاتېگورىيىسىنى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا بايان قىلغان.

ئۇ، ئائىلىدىن ئىبارەت تەبىئىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى — ئاتا - ئانىنى ياخشى تەربىيىچى بولۇشقا، باللارنى ئوبدان ئوقۇتۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئوغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل، 4504
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت، ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.

1491 ئۇنى قويمىغىن بوش، قاتتىق تۇت سىقىپ،
ئوتتۇلسا ئوغۇل چىلىك تاپار قۇت بېرىپ.

1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتاسى - ئاناسى بەختلىك بولۇر.

1226 قىسىپ تۇتسا ئوغلىن ئاتا ئۆگىتىپ،
ئوغۇل - قىز سۆيۈنۈر چوڭايسا تولۇپ.

1220 ئەگەر چىلىك تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.

1225 ئوغۇل - قىز خۇيى - پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بولارنى ھامان.

بۇ يەردە، ئادەم بالىسىنىڭ پەزىلەتلىك، خۇش پەئىل بولۇپ يېتىلىشىدە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ۋە ئاتا - ئانا پەزىلىتىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان پېداگوگىكا ئىلمى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئائىلە تەربىيىسى، ئادەم خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدىغان، خاراكتېرنىڭ پۈتۈن تەرەققىياتىغا ئاساس يارىتىدىغان 1 - قېتىملىق تەربىيە باسقۇچى-

دۇر. بۇ باسقۇچ ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە قارىتا ياخشى - يامان تەسىرى، ئادەملەرنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ ئادەملەرگە قارىتا چوڭقۇر تەسىرىنى تەكىتلەپ جەمئىيەتتە تەسىرى بار كىشىلەرنىڭ — شاھلارنىڭ ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئەدەبلىك، قائىدىلىك بولۇشىنى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كىشىنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتتە سەممىي، ئادىل بولۇشى، سۆزدە مۇلايىم بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

816 بۇ قاشىم تۈرۈكى، بۇ كۆركسىزلىكىم،
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

817 كىبىرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

مەلۇمكى، ئىلمىي تەربىيە ۋە پەننى سۆيۈش تەربىيىسى مەدەنىيەتلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق تەربىيە مەزمۇنى. م. گوركى: «مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە نىسبەتەن ئەڭ ياردىمى بولىدىغان ئىككى خىل كۈچ بار. ئۇ بول-

سىۋ سەنئەت ۋە پەن» دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. ئادەملەرنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىپ تەسىرلىنىشى، كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىدۇ. پلاتون مۇزىكا تەربىيىسى (سەنئەت تەربىيىسى دېمەكچى) نىڭ تەسىرى ۋە رولىنى ئىزاھلىغاندا، مۇزىكا ۋە رىتىمنىڭ ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇزىكا (سەنئەت) تەربىيىسى جەھەتتە پلاتونىڭكىدىن ئېنىقراق ۋە ئىلمىيرەك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئېستېتىك تەربىيىسىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ئارستوتىل ئىلىم - پەننى ئۈچ خىلغا ئايرىغان ئىدى. بىرى، نەزەرىيە خاراكتېرىدىكى پەن؛ يەنە بىرى، تەجرىبە خاراكتېرىدىكى پەن؛ ئۈچىنچى بىرى، ئىجادىيەت خاراكتېرىدىكى پەن. ئارستوتىل تەربىيىلەنگۈچىلەرگە مۇشۇ پەنلەر بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئىگىلەشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

كلاسسىك پېداگوكلارنىڭ قارىشىچە، پەننىي بىلىم تەربىيىسى ماتېرىيىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. ئادەملەرنى ئەقلىي جەھەتتىن كامالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاساسى. ئارستوتىل پېداگوك قارىشىدىكى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەش — دەل پەننىي بىلىم تەربىيىسىگە قارىتىلغان.

بىلىم، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە بىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. تەجرىبە — بىلىشنىڭ ئېپتىدائىي ھالىتى. پەقەت سىستېمىلاشقان ئىلمىي نەزەرىيىلەرلا ھەقـ

قىي بىلىم بولۇپ، ئۇ مۇكەممەل بىلىش شەكلىدۇر. بىلىم تەبىئىي پەن بىلىملىرى، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىلىم ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى قۇدرەتلىك قورالى.

ئادەملەرنى ئەقىل - ئىدراك جەھەتتىن تەربىيەلەش — دەل ئادەملەرنى شۇ قۇدرەتلىك قورالغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا پىداگوكلار ۋە ئالىملار بىلىمنىڭ ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقان. 16 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيە ئالىمى بېكون «بىلىم — كۈچ» دېگەن ئۇلۇغ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن بېكوندىن 500 نەچچە يىل بۇرۇنلا «بىلىم — بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر» دېگەن شانلىق ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بىزنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز ۋە پەداگوگىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ. ئۇ، بىلىم ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالىي سۈپەت. بىلىملىك ئادەم يېڭىلمەس. جاھانغا بىلىملىكلەر ھۆكۈمران بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ. مۇئەللىپ ئۇلۇغ ھۆكۈمران ئالىپ ئەرتوڭانى تەرىپلىگەن چاغدا مۇنداق دەيدۇ:

ئىدى ئۇ سەرە - خىل، زېرەك ئەر ئوغلان، 279
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

شائىر، ھۆكۈمەت خىزمەتكارلىرىنى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى، قانۇنشۇناسلىق ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا

ئالماستىن، يەنە ھېساب، گېئومېتىرىيە، ئالگېبرا، مۆنەججىم (ئاسترونومىيە) ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان. 2632-، 2633-، 2634-، 2635- بېيىتلاردا ھېساب، مۆنەججىم ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش؛ 2799-بېيىتتىن 2803- بېيىتكىچە سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى ئۆگىنىش تەكىتلەنگەن. دېمەك «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىلىمنىڭ خېلى كۆپ خىللىرى سۆزلەنگەن.

پەننىي بىلىم تەربىيىسى ئادەملەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىرقى زامان مائارىپ پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، بالىلار يەسلىدىنلا باشلاپ پەننىي تەربىيىگە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ، بولۇپمۇ ئادەملەرگە بالىلىق دەۋرىدە ئۆگىتىلىدىغان تىل ۋە ھېساب دەرسلىرىنىڭ ئەھمىيىتى زور. ئەزەلدىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا تىل دەرسى بىلەن ھېساب دەرسى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا تىل ۋە ھېساب ئۆگىنىشنى جىددىي تەكىتلىگەن. مەلۇمكى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بالىلارنىڭ تىل (سۆزلەش)، تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن ھېسابلاش (سانلىق) قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئادەمدە بۇ ئىككى ئاساسلىق قابىلىيەت يېتىلگەندىلا، ئاندىن باشقا ئىلىملارنى ئۆگىنىش تېزلىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە مەسىلىنى بۇنداق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا بەك يېقىن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ 55-باپتا، 2781-، 2782-، 2783- بېيىتلاردا ھېساب ئۆگىنىش ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

4377 يىل، ئاي، كۈن ھېسابى بۇلاردىن بولۇر،
كېرەكلىك ئېرۇر بۇ ھېساب، ئەي جەسۇر.

4379 تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالىغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.

2782 ئىگەللەپ تۆت ئەمەلنى چىڭ، غەزىندار،
ھېسابتا كۆڭۈلنى تۇتسۇن بەر قارار.

4383 بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئىشىنى ئىشەن،
قىلۇر بۇنى ئالىم ھېسابلاش بىلەن.

4384 بۇزۇلسا ھېساب گەر، ئەي ياخشى كىشى،
بۇزۇلغاي ھەر ئىككى دۇنيانىڭ ئىشى.

تىل، ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئالاقىلىشىش قورالى. شۇڭا ئادەملەرنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش — ئەقلىي تەربىيىنىڭ بىر مەزمۇنى. ئوشى-نىسكى ئۆزىنىڭ پىداگوگىكىلىق ئەسەرلىرىدە ئوقۇغۇچىلار-نىڭ تىل ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ئانا تىلنى ئۆگىنىش مەسى-لىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئا-نا تىل كىتابلارمۇ، مەكتەپلەرمۇ يوق ۋاقىتتا ئوقۇتقان... ھەر بىر يېڭى ئەۋلاد ئانا تىلنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مىڭلىغان ئەۋلادلارنىڭ پىكرى ۋە ھېسلىرىنىڭ يېشىملىرىنى ھېچبىر قىينالماي

ئوغايلا ئۆزلەشتۈرۈۋالايدۇ.» «... تىل بالىنىڭ روھى-
دا ئاھەمدە سۆزلى هاسىل قىلىنىدىغان ۋە ئادەمنى هايۋان-
لاردىن پەرق قىلىدىغان قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ،
روھنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ»①. ئۇشىنسكىنىڭ قارىشىچە،
بالىلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دې-
گەن سۆز — ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مەنتىقلىقىنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. يۈسۈپ خاس هاجىپ تىل ئۆ-
گىنىش هەققىدە مۇنداق ناهايىتى ئىلمىي قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويمىغان. لېكىن، ئۇ تىلنىڭ سۈپىتى ۋە تىل
ئۆگىنىش هەققىدە يازغان كۆپ بېيىتلىرىدە خېلى ئىلغار
ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ لاياقەتلىك
ئادەملەرنى تاللاشتا تىل قابىلىيىتىگە قاراش لازىملىقى،
تىلنى توغرا، رەتلىك، مەنالىق، گۈزەل سۆزلەش لازىم-
لىقى توغرىسىدىكى هېكمەتلىك بېيىتلىرىنىڭ چوڭقۇر پې-
داگوگىكىلىق مەزمۇنى بار، ئەلۋەتتە.

## 5

داستاننىڭ ئىلغار پېداگوگىكىلىق قاراشلىرى — قارا-
خانىلار سۇلالىسىنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش سې-
ۋىيىسىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تە-
سىرىنىڭ ئىنكاسى. بولۇپمۇ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تە-
رەققىياتىنىڭ مائارىپقا نىسبەتەن تەقەززاسىنىڭ ئىنكاسى.

① د. ئۇشىنسكىي: «تاللانغان پېداگوگىكىلىق ئەسەرلەر» 2- توم، تاشكەنت نەشرى.

شۇنداقلا ئۇنى ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى بەزى ئاكتىپ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا بىز «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادىلەنگەن پىداگوگىكىلىق چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ: (1) ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مائارىپى خېلىلا تەرەققىي قىلىپ ئومۇملىقتا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى؛ (2) مەكتەپ مائارىپى ۋە كەسپلەشكەن مەخسۇس مائارىپنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ خىل مائارىپنىڭ ئۆز زامانىسىغا يارىشا تەرەققىي قىلغانلىقىنى؛ (3) بۇ مەزگىلدە قاراخانىلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا ۋە پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا ھەرخىل بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتتە ۋە مەدرىسىلەردە خېلى كۆپلىگەن ئىلىم دەرسلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى؛ (4) بۇ دەۋردىلا ئىمتىھان تۈزۈمى بارلىقىنى ۋە بۇ تۈزۈمنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى؛ (5) يۇقىرىدىكىدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، قاراخانىلار مەملىكىتىدە ئىلىمنىڭ خېلى كۆپ ساھەلىرى بويىچە ئىقتىدارلىق كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ۋە باشقا تەرەپلەرنى ھېس قىلالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلغار پىداگوگىكىلىق قاراشلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كومراجىۋا، ئالىم پورتىندىن، پىرخويلان، فارابى قاتارلىق پىداگوگلار

داۋام ئەتتۈرگەن دېموكراتىك خاھىشتىكى ئىلغار قاراشلارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى؛ ئىككىنچىدىن، يۇنان، ئەرەب، پارس، ھىندى ئەللىرىنىڭ ئىلغار مائارىپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا تەتبىقلىنىشى ۋە ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلۈشى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىسلام پېداگوگىكىسى قاراشلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە يېڭىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، داستاندىكى ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسى، بىرىنچىدىن، مۇئەللىپىنىڭ ئەسلىدە ئىلغار پىكىرلىك مۇئەللىم (ئۇستاز) بولغانلىقىنىڭ؛ ئىككىنچىدىن، مۇئەللىپىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى، مائارىپ قاراشلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى مائارىپى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى توغرىسىدا كۈچلۈك تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ داستان، ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا يول باشلىغۇچى ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا ئاتقان ئۇلۇغ دەستۇر. ئۇ كلاسسىك مائارىپىمىزنىڭ مول مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايەن قىلىدىغان سەھنە، ئىلغار پېداگوگىكىلىق قاراشلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پېداگوگىكىلىق قاراشلىرىنى ئىلغار دېيىشىمىز ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. ماركسىزملىق پېداگوگىكا تەلىماتى بويىچە ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى: (1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار پېداگوگىكا قاراشلار فېئو-

دال ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلق راپىغا باققۇچى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتچىلىق قارىشىدىن ئىبارەت. ئومۇمىي خاھىش جەھەتتىن ئېيتقاندا. بۇ قاراشلار قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. (2) «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقى، بۇ ئەسەر ئىسلام ئەقىدىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تارىخىي شارائىتتا يېزىلغاچقا، ئاپتورنىڭ قاراشلىرىغا ئىسلام ئەقىدىلىرى خېلى چوڭقۇر سىڭگەن، شۇڭا مۇئەللىپ ئادەملەرنىڭ پەزىلەتلىك، بىلىملىك ۋە ياخشى خۇي - پېئىللىق بولۇشىنى تەقدىرگە باغلاپ قويىدۇ، بۇ سۈپەتلەرنى ئاللا ھەدىيە قىلغان دەپ ئېيتىدۇ. (3) مۇئەللىپنىڭ بەزى قاراشلىرىدا تۇغما قابىلىيەت تەكىتلەنگەن. (4) داستاندا تەربىيە ئۇسۇلى ۋە شەكلى جەھەتتە بەزى قوپال نەرسىلەر، مەسىلەن، تىللاش، ئۇرۇشلار تەكىتلەنگەن. لېكىن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئىللەتلەر داستاننىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە تۆتىنچى شەخس— ئودغۇرمىش ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر

ئابلىمىت روزى

«قۇتادغۇ بىلىك» 11 - ئەسىر ئىسلام شارائىتىدا قاراخانىلار جەمئىيىتى ۋەقەلىكىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ھادىسىلىرىنى ئۇقۇملار گۇرۇپپىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن بىر قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈپ غايە— ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسى بولغان «بەخت - سائادەت» ئۇقۇمىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ مەزمۇنى، خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى، مەۋجۇت بەخت - سائادەتنى قانداق ساقلاپ قېلىش، مۇقىملاشتۇرۇش ياكى غايىۋى بەخت-سائادەتنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتنى (يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈشەنچىسىدە) ئۈچ ئاساسىي مۇقىم، قوزغالماس تۈۋرۈك ئۈستىگە ئورنىتىپ «قۇتادغۇ بىلىك» غايىسىدىكى ھەيۋەتلىك شەھەر قۇرۇلۇشىنى بىنا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ، چىرىكلىك ۋە زاۋاللىقنىڭ ئالدىنقى بېشارىتى مەلۇم بولغان مەۋجۇت قاراخانىلار خاندانلىقى ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىيا-

جى قىلدى. شۇ ھالەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھرىبان ئانـ
سى، ئۇلۇغۋار تەببى ھازىق① يۇسۇپ خاس ھاجىپ
تەربىيەدىن يېتىشىپ بېرىلگەن كېسەلمەن كىشىنىڭ دەردىگە
داۋا، رەنجىگە شىپا دورا قەغىزى — «قۇتادغۇ بىلىك» ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق تارىخىي، پەلسەپىۋى،
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەبىئەت كۆز قاراشلىرىنىڭ
يەكۈنى بولغان ئىلمىي چۈشەنچە ۋە مەلۇم نەزەرىيە
سىستېمىلىرىنى ئادەتتىكى ئەسەرلەردەك باشتىن ئاياغ
دەبدەبىلىك رىتورىك (نۇتقى) بايانلار ئارقـ
لىق ئىپادىلىگەن بولماي، بەلكى كۆڭۈل ۋە
كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتكە
ئىگە ئەدەبىيات ۋاستىسى، يەنى «مەنتىق دائىرـ
سىگە كىرىدىغان شېئىرىي تىل»②، ئەقىل - پاراسەتتىن ئۇسـ
تۈن تۇرىدىغان بەدىئىي ھېسسىيات (لىرىكا) ۋە دراماتىك
پېرسوناژلار مۇنازىرىسى ئۇسۇلىدا بايان قىلىدۇ.

بەلگىلىك بىر دۇنيا قاراش، بىر قاتار پەلسەپىۋى سىياسىي
چۈشەنچىلەرنى ئەدەبىياتنىڭ مۇنداق ئىخچام سيۇژېت لىـ
نىيىسى ۋە سىمۋوللۇق «مەنىۋى شەخس» لەر ئارقىلىق
بايان قىلىش ئاشۇ كۈنگىچە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا
كەم كۆرۈلگەن ھادىسە ئىدى. گەرچە قەدىمكى زامان
مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي پەلسەـ
پىۋى كۆز قاراشلىرىنى سوئال - جاۋاب③ ياكى دىئالوگلار

① تەببى ھازىق — ئوتتۇرا ئەسىر تىبابەت ئىلمىدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە ئەلا ماھىر، ھەممىنى بىلەرمەن ئۇستا تېۋىپلەرگە بېرىلگەن ئۇنۋان.

② ئەبۇ نەسىر فارابى «شېئىر كىتابى» رىسالىسى.

③ «رۇھنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا»، فەن جېن، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» ١٩٨٤- يىلى ٤- سان.

ۋاستىسى ئارقىلىق بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەر بىر ئۇقۇملار تۈركۈمىدىن ئابستراكسىيىلەنگەن كۆز قاراشلار ئۈچۈن بىر شەخسنىڭ نامىنى سىمۋول قىلىپ بەلگىلەش، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىكى باغلىنىشلارنى زىددىيەتلەر ئاساسىدا ھەل قىلىشتەك مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك بەدىئىي ماھارەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئۆز دەۋرىدىكى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىسىدە: «...بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى»① دېسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان نەزمىي مۇقەددىمىسىدە:

24 مۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار مۇنىڭدەكنى دەل؟

25 كىم ئولسا مۇنىڭدەك يازارمۇ، قېنى؟
يازۇچى بار ئولسا، مەن ماختاي ئۇنى.

---

① «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 5- بەت

دەيدۇ. بۇ سۆزلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەغرۇر، ھېسسى-ياتقا بېرىلگەنلىكىدىن بولماي، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ خەلقئا-را جامائەت پىكرىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى، سىياسىي پەلسە-پەۋى، ئىلمىي كۆز قاراشلارنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم شەكىللىرى ئارقىلىق ئىستېتىكىلىق بايان قىلىشىنىڭ يۈك-سەك نەمۇنىسى دېيىش مۇمكىن.

× × ×

پەقەت ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ-بىلىك» نىڭ 13 مىڭ 280 مىسرالىق شېئىرىي تىل، ۋەقە-لىكلەر سىزىقى بويلاپ قاتناشقان پېرسوناژلارنىڭ سانى توققۇز كىشى. ئۇلاردىن «كۈنتۇغدى ئېلىگ» (قانۇن-ئا-دالەتكە سىمۋول قىلىنغان شەخس)، «ئايتولدى» (بەخت-سائادەت ياكى دۆلەت، ئىقبالنىڭ سىمۋولى)، «ئۆگدۈلمىش» (بىلىمنىڭ ۋە ئەقىلنىڭ سىمۋولى)، «ئودغۇرمىش» (ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى) تىن ئىبارەت تۆت شەخس يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنىڭ ئاساسىي نېگىزى. قالمىش بەش نەپىرى بولسا، ئىككىنچى دەرىجىلىك يانداش كۆلەڭگە شەخسلەر بولۇپ، تۈپ ئاساسىي ئۇقۇملار تۇركۈ-مى سىمۋوللىرىنىڭ ۋەقەلىكنى تولۇقلىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، پايتەخت شەھىرىدە مۇساپىر ئايتولدىنىڭ بىرىن-چى بولۇپ تونۇشقان كىشىسى ئاق نىيەتلىك كۆسەمىش

بولۇپ، ئۇ، ئايتولدىنىڭ مەقسەتكە باي دانىشمەن كىشى ئە-
كەنلىكىنى ئوردا ھاجىپىغا تونۇشتۇرغۇچى. ئىككىنچىسى، بىلىم-
لىك ئايتولدىنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى كۈنتۇغدى ئېلىك
خانغا تونۇشتۇرغۇچى ئىسمى ئېيتىلمىغان تۈز كۆڭۈل ئوردا ھا-
جىپى. ئۈچىنچىسى، قۇمارۇ ناملىق خىزمەتچى بوۋاي — ئود-
غۇرمىشنىڭ مۇرىتى. تۆتىنچىسى، ئىسمى نامەلۇم ئاتباقار
يىگىت. بەشىنچىسى، ئىسمى ئېيتىلمىغان ياش ئوغلان (خىز-
مەتچى).

مانا بۇلار پۈتۈن داستانىنىڭ سيۇژېت لىنىيىسىدە
ئۇچراپ تۇرىدىغان بەدىئىي پېرسوناژلاردىن ئىبارەت.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى،
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئالدىنقى تۆت شەخس ئادەتتى-
كى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان بەدىئىي قەھرىمانلار-
دىن بولماستىن، بەلكى تارىخ، ھادىسە، تەپەككۇرنىڭ مەلۇم
ئۇقۇملار تۈركۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىمۋوللار ۋە
كېيىنكىلىرى ئۇلارنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى راۋانلاشتۇر-
غۇچى ياردەمچى پىگۇرلاردىن ئىبارەت.

دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپ-
نىڭ تۆت نەپەر سىمۋوللۇق شەخس نامى بىلەن ئوت-
تۇرىغا قويغان بۇ تۆت ئۇقۇملار تۈركۈمىدىن ئابستراك-
سىيىلەنگەن كۆز قاراشلىرى، ئۇنىڭ تەبىرىچە، بىر-بىرىگە
چەمبەر - چەس باغلانغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان
ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئامىللار ھېسابلانغان.
گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ۋەقەلىكىنىڭ تۈزۈ-
لۈش نۇقتىسىدىن سۆز بېشىنى قانۇن - ئادالەتنىڭ سىم-

ۋولى بولغان كۆنتۇغدى ئېلىكتىن باشلىغان بولسىمۇ،
مەسىلىنىڭ ئۆزگۈنىنى بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان
ئايتولدىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنىڭ
تەپەككۇر دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. تۆت شەخسنىڭ ئىچىدە
«ئايتولدى» پۈتۈن كىتابتىكى ئاساسىي غايە ۋە مەقسەت؛
كۆنتۇغدى ئېلىك، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلار بولسا سە-
ۋەب، نەتىجە. يەنى، بىر ئۇلۇغۋار غايە ۋە مەقسەتنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان كۆپ
قىرلىق تۈۋرۈك، ئاساسىي ھۆل دەپ ھېسابلانغان.
شۇڭا بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدىنىڭ ئىس-
مىنى «تولغان ئاي» غا ئوخشىتىپ ئاتاپ، ئاينىڭ خۇ-
سۇسىيىتى، مەزمۇنى، خاراكتېرى، تۇراقسىزلىقى، نەدە تۇ-
رۇپ نەدە تۇرمايدىغانلىقى، قاچان يوقىلىپ، قاچان پەيدا
بولىدىغانلىق شەرتلىرىنى تىرەن مەنا، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار
بىلەن شەرھىلىگۈچىدۇر. ئۇ مۇنداق كېلىدۇ:

730 بۇ ئايتولدى ئېيتتى، مېنىڭ بۇ ئېتىم،
خۇيۇم ئوخشىتىپ ئايغا قويمىش ھېكىم.

731 ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

732 تولۇن بولسا تولۇپ، جاھان يورۇتار،
جاھان خەلقى ئۇندىن يورۇقلۇق ئالار.

733 تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن—
كېمىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734 يورۇغى ئاز - ئازدىن يەلە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

735 مېنىڭ بۇ ئۆزۈمۇ شۇنداق ئېرۇرمەن،
بەزى بار، بەزىدە يوقاپ كېتۇرمەن.

ئايتولدى ئۆزىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇندىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە، يەنى كىتابىنىڭ 15 - بابىدىكى 620 -، 621 - بېيىتلار مەزمۇنىچە كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۇچراشقاندا، يېنىدىن بىر دۈگلەك توپىنى چىقىرىپ كىنايە سۈرىتىدە ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان (622 - بېيىت) ئىدى، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن رەنجىپ سەۋەبىنى سورىغاندا،

666 بۇ ئەردى كۆرسەتمەك ئۆزۈمنى ساڭا،
دېمەك مەن تۇراقسىز، ئىشەنمە ماڭا.

668 گۈۋەنمە بۇ بوش بەختكە، قۇتلۇق كىشى،
ئىشەنمە بۇ بەختكە ئاتاقلىق كىشى.

669 ئاقار سۇ، گۈزەل سۆز، بۇ بەخت توختىماي—
كېزەرلەر جاھاننى يۈرۈپ تىنىمغاي.

670 ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز بەخت بىقارار،
يۈرەر ھەم ئۇچار تېز، ئاياغى تايار.

دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىك بىلەن سۆھبەت جەريانىدا، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك تۇراقسىزلىقى، مۇقىم بولالماسلىقىدەك ئەيىبلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى قانداق قىلغاندا تۇراقلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلىدۇ:

686 تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزۈمگە يېڭى نەرسە، بەس.

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەخت ـ سائادەت» ئۇقۇمىنى شەخسنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئومۇمىي خەلق جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىن ئىبارەت ئىككى مەنىدە ئىشلىتىدۇ ۋە ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ، ئايتولدى ئاغزىدىن؛

700 مېنى تۇتسا چىڭ گەر كىشىلەر تېپىپ،
سۆزۈم شۇكى، ئۇنىڭدىن كەتمەيمەن تېچىپ.

دېگەن شەرتنى قويىدى. شۇ چاغدا:

701 دېدى خان: نەدۇر سېنى باغلاش يولى،
كېرەك نە كىشەن سېنى چەڭ تۇتقىلى؟

ئايتولدى بۇ سوئالغا شەخسنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ساقلاپ قىلىشنىڭ شەرتى مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ:

703 تاۋازۇلۇق ئۇلسۇن مېنى تاپقۇچى،
كىچىك پېئىل ھەم سۆزنى يۇمشاق قىلغۇچى.

704 ئۆزنى تۇتسا ئۇ ئاشماي ھەددىدىن،
يامان ـ ئەسكى ئىشلارغا بارماي يېقىن.

705 يىغىلغان مېلىنى بۇزۇپ چاچمىسا،
تۇزەپ خۇلقىنى ئۇ، پەيلىن بۇزمىسا.

706 ئۆزىدىن ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا ئۇز،
ئۆزىدىن كىچىككە چۇچۇك قىلسا سۆز.

707 كىشىنى كېبىر بىرلە رەنجىتمىسە،
كىچىكلەر كۆلۈپ ھەم بوزەك ئەتمىسە.

708 بىكاردىن ھاراققا بېشىن تىقمىسا،
بىكاردىن بىكارغا مېلىن چاچمىسا.

٧٠٩ ئويۇنغا بەرمسە تلۇ ـ قولنى،
دۇرۇس قلسا دائىم خۇيى ـ پەيلنى.

٧١٠ تۇراقسز بەختكە شۇلاردۇر كشەن،
مۇشۇ خلدا باغلانسا، قاچماس، چۈشەن.

٧١٣ تۇتۇشنى بلسە دەۋلەت قاچماي[1] تۇرۇر،
قىچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز كېزەك.

يۇقىرىدكىلەر شەخسنىڭ بەختى ـ سائادىتىنى ساقلاپ قىلىشتىكى بىر قىسىم ئەخلاق ئۆلچەملىرى، لېكىن كىتابنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تۈرلۈك ئىلمىي ۋە مەجازى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ شەخسنىڭ بەختى ـ سائادىتى ھەققىدە يەنە بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئەتراپلىق بايان قىلىدۇ.

ئەمما جەمئىيەت ۋە ئومۇمىي خەلق، دۆلەتنىڭ بەخت سائادىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىنى غايەت زور ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا ھەل قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بەخت ـ سائادەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى ئۈچ نۇقتىدۇر، بىرىنچىسى، جەمئىيەتتە قانۇن ئادالەتلىك بولۇش (بۇ مەنا دائىرىسىگە دۆلەت[2] ـ ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ساغلام، قانۇنى ئادىل، كىشىلەر باراۋەر، پەسكەشلىكتىن خالى، ئەمەلدارلار ئەخلاقى پاك، ھەربىي ئىش-

لار مۇكەممەل بولۇش قاتارلىقلار كىرىدۇ). ئىككىنچى شەرتى، «بىلىم - ئەقىل (بۇ مەنا دائىرىسىگە پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىلىم بىلەن باشقۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، جەمئىيەتنى ئىلىم - مائارىپ بىلەن نۇرلاندۇرۇش كىرىدۇ)، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە مۇۋازىنەتلىك بولغان «قەلەم ۋە ئەلەم» دۇر. ئۈچىنچى شەرتى، ئاقىۋەت ۋە قانائەت (بۇ مەنا دائىرىسىگە نۇرغۇن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پىكىر ئېقىملىرى تۇتاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ راتسىئونال مېغىزى ئەخلاق مەسىلىسى، يەنى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بىلىش، شەخسىي مەنپەئەتكە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلمەسلىك كىرىدۇ). يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ ئۈچ شەرت — ئامىل تولۇقلىنىپ كامالەتكە يەتكۈزۈلسە، «بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى بۇ خىل غايىۋى كۆز قاراشلىرىدا، ھەل قىلغۇچ ئامىل ماددىي ئاساسقا تايىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت، ئىسلاھات ئارقىلىق بەخت - سائادەتنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن دەپ قارايدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ماددىي بايلىق يارىتىش — شەخس بىلەن جەمئىيەتنى بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ھەرگىز كۆزدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ.

× × ×

ف. ئېنگېلس: «ئەڭ دەسلەپكى يۇنان پەيلاسوپلىرى

ئەينى ۋاقىتتا يەنە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىدى»① دېگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى، شائىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە، يەنە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا تارماقلىرى ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزلەنگەن، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى پىششىق بىلىدىغان تەبىئىي پەن ئالىمى ئىكەنلىكىگە مەلۇم ئاساسىمىز* بار. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تۆت تادۇ» (تۆت زات) كۆز قاراشلىرى يەر ۋە قۇياشنىڭ دەۋر قىلىش ھەرىكىتى، تۆت پەسىل، 12 بۇرج، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن خېلى ئەجابىي بولغان پىكىرلەر سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بولۇپمۇ ماتېماتىكىدا «ئۈچ نۇقتىدىن بىر ۋە بىرلا تەكشىلىك ئۆتىدۇ» دېگەن ئاكسىئوما (پەندە ھېچقانداق ئىسپات تەلەپ قىلىنمايدىغان ھەقىقەت)، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتىنىڭ بىر مۇقىملىقنى ساقلىيالايدىغانلىقى ھەققىدىكى قانۇنىيەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىغا، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) كىتابىغا ئاساس بولغان، پۈتكۈل «قۇتادغۇ بىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى مانا شۇ تەبىئىي پەن — ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتا بىر

① ف. ئېنگېلس، «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» 1979 - يىل نەشرى، 316 - بەت.

تەكشلىكىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدىغانلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي پەندىكى مۇھىم بىر تىپى «بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇش چۈشەنچىسىگە تەتبىق قىلىنىشىدۇر. شۇنداقلا، بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى مۇقىملىقىنىڭ ئاكسىئومىسىنى تونۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىشتىن ئىبارەت تەبىئەت چۈشەنچىسىنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشتىكى ئالامەتلىرىدىن كەۋدىلىك ھالدا پايدىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تەبىئەتشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ خىل قانۇنىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا پايدىلانغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن:

1. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە قەدىمكى كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىن قالغان بىر خىل ئۈچ پۇتلۇق قازان بار. بۇ قازان ھازىرقى تەلەپپۇزدا «داڭقان» دېيىلىدۇ. قازاق خەلقىدە بولسا، «ئوچاق» دەپ ئاتايدۇ. مۇنداق قازاننى مەيلى دالىدا، مەيلى بورانلىق قىيالاردىمۇ ئىشلەتكەندە، ئوخشاشلا ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ، دالىدا ئاش پۇشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپلىك ۋە ئىشەنچلىك.

2. ئۇيغۇر خەلقىگە بەش قولدەك تونۇش بولغان ئىلى دەرياسى، ئېرتىش، تارىم، توشقان، تۇمەن، قاراقاش، يورۇڭقاش دەريالىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا

بەزى كەلكۈننىڭ قىرغاقنى سۇ ئېلىپ كېتىش هادىسىلىرى پات-پات بولۇپ تۇراتتى. ئۇلۇق سۇنى توختىتىش مۇمكىن بولمىغان چاغلاردا، توپلانغان جامائەت ئۈچ پۇتلۇق بۇقا ① ياساپ، ئۈچ پۇت ئارىلىقىغا شاخ، تاشلارنى تولدۇرۇپ، دەريانىڭ تېشىپ كېتىۋاتقان خەتەرلىك ئورنىغا ئورنىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۈچ پۇتلۇق بۇقا سۇ ئىچىدە ئىنتايىن مۇقىم بولۇپ، كەلكۈننىڭ بەڭباش ئېقىنىنى توختىتالايدۇ. قىرغاقتىكى يەر، ئۆي، جايلارنى ئاغدۇرۇلۇشتىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، تولاراق جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانچىلىق يېزىلىرىدا «يالغۇز ئوغۇل» ناملىق بىر دېھقانچىلىق قورالى بار. بۇنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ، تاغارنى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا ئىلغاندا ئاغزى ئېچىلىدۇ-دە، بىر پۇتى تاغارنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئائىلىدە باشقا ئەمگەك كۈچى بولمىغان يالغۇز كىشى، ماتېماتىكىلىق قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ ياسالغان بۇ ئۈچ پۇتلۇق قەھرىماننىڭ ياردىمى بىلەن يالغۇز تاغارنى تولدۇرۇپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. يۇقىرىدىكىلەر يۈسۈپ خاس هاجىپ گەۋدىلەندۈرگەن ئىدېئولوگىيە قانۇنىيىتىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئاساسى.

① بۇقا — «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «بۇكا» سۆزىگە يېقىن بولۇپ، «بۇكا — كۈچلۈك، باتۇر، ئەجدىها مەنىسىدە كېلىدۇ» دەپ ئىزاهلانغان. بۇ يەردىكى ئۈچ پۇتلۇق كاچۇا — بۇقا يۇقىرىقى مەنىدە قوللىنىلغان بولسا كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇقىملىقنىڭ قانۇنىيەتلىكى گە-
سەرلىك ھەر خىل تېمىلىرىدىمۇ مۇۋاپىق سۈرئەتتە تەتبىق
قىلىدۇ. ئۇ، قانۇن — ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان «كۈن-
تۇغدى ئېلىگ» نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ يەنە شۇ ئۈچ
نۇقتا بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئايتولدى بىر قېتىم كۈنتۇغدى
ئېلىگ بىلەن كۆرۈشكىنىدە:

823 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئېلىگ قۇتى،
نىچۈن بولدى كۈنتۇغدى ئېلىگ ئېتى؟

دەپ سورىغىنىدا، كۈنتۇغدى ئېلىگ مۇنداق جاۋاب بې-
رىدۇ:

824 ئېلىگ دېدى: ئالىم بۇ قىلىقىم كۆرۈپ،
قويدى بۇ ئېتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ.

825 قارا كۈن ئۇۋالماس — ھەمىشە پۈتۈن،
يورۇقى بىردەكلا ۋە پارلاق تولۇن.

826 مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى، كەم بولمىدى.

827 ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئومۇمغا چاچار نۇر، كىمە يەمەس ھامان.

828 مېنىڭمۇ هۆكمۈم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بېرەڭ قىلىقىم سۆزۈم.

829 ئۈچىنچى، ئىسسىدۇ يەر، تۇغقاندا كۈن،
چېچەك ئاچىلۇر ئاندا تۈمەن مىڭ تۈسۈن.

830 قايۇ ئەلگە كىرسە، مېنىڭ قانۇنۇم،
ئۇ ئەل تۈزىلەر بولسا تاش يا قۇرۇم.

832 مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىگە تېگەر تەڭ ئۈلۈش.

يوقىرىقى مىسرالاردا يۇسۇپ خاس هاجىپ قۇياشنىڭ خۇسۇسىيىتىگە تەبىر بېرىپ، ئۈچ خىل، يەنى پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن، ئالەمگە، ئومۇمغا تەكشى نۇر چېچىپ يورۇتىدىغان، پۈتۈن ئالەمنى ئىسسىتىپ، باهار چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرىدىغان، دەپ تەرىپلەيدۇ.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، يۇسۇپ خاس هاجىپ نازۇك تەبىئەتلىك شائىر، مۇتەپەككۇر بولۇشتىن باشقا، هۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئالدىدا قورقماس جەڭچى، جاسارەتلىك قەهرىمان ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. فېئودال ئوتتۇرا ئەسىر هۆكۈمران گۇرۇهى، پادىشاھ، خانزادە، ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر بىلەن نەتىجىلەنگەن

ئىدى. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدىكى ھەر بىر پېرسوناژنى (ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۈرسى) ــ دا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۆز تىلىدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئىدى. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدىكى ھە
رىنچى شەخس كۆنتۇغدى ئېلىگىنىڭ ئەمەلىيىتىنى سۈرەت
لىگەنــدە، ئەدەبىياتنىڭ كىنايە، ئىستىئارە ۋاستىلىرىدىن
پايدىلىنىپ، « ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۈرسى » ( ئورۇن
دۇق ) دا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۆز تىلىدىن مۇنداق
بايان قىلىدۇ:

801 مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۈرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803 قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياغنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى، ئولتۇرچى چۈشەر.

804 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق توغرا، تۈز تۇرۇر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر، بىر ئەگرى بولۇر.

805 نېمىكى تۈز ئولسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نېمىكى ئۆز ئولسا، دېمەك تۈز بولۇر.

806 نېمىكى ئېگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى، يامانلىق ئورۇقى بولۇر.

807 قايسى تۈز ئېگىلسە، تۈرماس، يىقىلار،
نېمىكى تۈز ئولسا، يىقىلماي تۇرار.

808 مېنىڭ ھەم قىلىقىم ئېگىلمەس ئېرۇر،
ئېگىلسە دۇرۇسلۇق قىيامەت بولۇر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

يۇقىرىدىكى مىسرالار پادىشاھ، ۋەزىر، ھۆكۈمران تەبىقىگە بېرىلگەن تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇچ ئۇقتىنىڭ بىر تەكشىلىكتىكى مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدىغان-لىقىنىڭ ئۇچ پۇتلۇق كۇرسىدا كىنايە قىلىنىشىدۇر.

«بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئىككىن-چى تۈۋرۈكى (داستاندىكى ئۈچىنچى شەخس) ئۆگ-دۈلمىش. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ھەل قىلغۇچ ئامىل بول-غان بىلىم ۋە ئەقىلدۇر. ئىنسانىيەت دۇنياسى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تاكى «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلىۋاتقان دەۋر-گە قەدەر ئۈزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەر-ياندا دۇنيانى بىلىشنىڭ ھېسسى سەۋىيىسىدىن تەد-رىجىي يۈسۈندا، ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ كەلدى. ئەقلىي بىلىشنىڭ يېتىلدۈرۈلۈش جەريانى ئۈزلۈكسىز سىناق، تەجرىبە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆگىنىشتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە ئىنتايىن كەڭ توختىلىپ، تەخمى-

لەن 1 مىلك 500 مىسرا ئەتراپىدا تەپەككۇر ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بېيىتلار مەزمۇنىدىن يىغىنچاقلىغاندا، ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىش ئۈچ شەرتىنى تەقەززا قىلىدۇ:

1. كىچىكتىن چوڭ، ياشتىن قېرىغىچە ھارماي - تالماي ئۆگىنىش، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى تونۇش ۋە خىيالدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىش.

2. بىلىم، ئەقىل ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەيدۇ، جاپا چېكىش، رىيازەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

3. مەيلىنى بېغىشلاش، ئىجتىھات قىلىش، بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. شۇڭا بەخت - سائادەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىككىنچى تۈۋرۈكى بولغان ئۆگدۈلمىش غايەت زور ساھەنىڭ مۇنازىرە ماۋزۇسى، ئۇلۇغۋار غايىلىرىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلانغان.

«بەخت - سائادەت» نىڭ ئۈچىنچى تۈۋرۈكى ھېسابلانغان تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىش خېلى مۇرەككەپ ماۋزۇ، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن «ئاقىۋەت ۋە قانائەت» لەرنىڭ بىرى شەيئىلەرنىڭ تارىخى، ئىككىنچى ئەخلاقىي ئۆلچەم — ئىنساپ بولۇپ، ئاچكۆز، شەخسىيەتچىلىكنىڭ تىزگىنى.

«قۇتادغۇبىلىك» مۇنازىرە ماۋزۇسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنى ھەر تەرەپلىمىلىك نۇرغۇن مۇناسىپ تەرىپلەر بىلەن ئاتاش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ھەرقايسى ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي

تەھلىل، مەنتىققە ئۇيغۇن مۇھاكىمە بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى ۋە مەلۇم ئىزلىنىش نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. مەن كۆپچىلىككە ياندىشقان ھالدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇمۇمىي گەۋدىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچىلىرىمنى قويۇپ ئۆتتۇم. تۆۋەندە مۇرەككەپ ۋە مۇھىمراق بولغان تۆتىنچى شەخس «ئۇدغۇرمىش» ھەققىدىكى بەزى مۇلاھىزەمنى قويۇپ ئۆتىمەن.

× × ×

تۆتىنچى شەخس «ئۇدغۇرمىش» ئاقىۋەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت كاتېگورىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن، مۇشۇ خىل پىكىرنىڭ ئاقىۋەت مەزمۇنىغا تەئەللۇق بولغان قىسمى دىئالېكتىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات، ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، شەيئىلەرنىڭ يېمىرىلىشى مۇقەررەر ھادىسە. ئادەم ئۇچۇز ئېيتقاندا مال - بايلىق، دۇنيا - دەپىنە، راھەت - پاراغەت، بەخت - سائادەتلەرمۇ مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ. «ئاقىۋەت» بۇ بىر قانۇن ئىكەن، ئۇنىڭ بىردىن بىر شەرتى مۇقەررەرلىكنى تونۇشتۇر. تونىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر شەرتى ئادەم ئۆزىنى تىزگىنلەش، «قانائەت» تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى ئارقىلىق شەخسىي مەنپەئەت، ئاچكۆزلۈك، دۇنياغا ھېرىسلىق، پايدا مەنپەئەتنىڭ كەينىگە كىرىپ بارلىق ھاۋايى ھەۋەس، بۇزۇقلۇقلارغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى توختىتىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتۈشىگە قانائەت قىلىش، ئۆلۈمنى ياد ئېتىش دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەخلاق ئۆلچىمى

ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ مال - دۇنيا-
غا تويماس يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا
خېلى ئىلغارلىققا ئىگە.

ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئاقىۋەت بىلەن قانائەت
چۈشەنچىسى قوشكېزەك، بىر - بىرىگە مۇئەككەل
دەپ تونۇلۇپ، ئەنئەنىۋى دىنلار، يەنى بۇددا، خرى-
ستىئان دىنلىرى، كېيىنرەك ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم پرىن-
سىپلىرى دەپ قارالغان ئىدى. بۇ ئىككى ئەقىدە پرىن-
سىپلىرىنى تونۇپ يەتكەنلەر سەگەك، ئويغاق ھېسابلىن-
نىپ؛ «ئاقىۋەت» نىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشەنمەي، «قا-
نائەت» نى يېتەكچى قىلمىغانلار «بىغەم»، «غەپلەتتى-
كى»، «غاپىل» لار ھېسابلىناتتى. غاپىللىق بىلەن سەگەك-
لىكنىڭ ئىلاھىيەتچىل مەزمۇنى ۋە ئۆزىگە خاس چۈشەن-
دۈرۈشلىرى بار.

غاپىللىق بىلەن سەگەكلىك كېيىنكى مەزگىللەردىكى
تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى.

قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا
ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان سامانىلار ① دۆلىتىنىڭ دى-
نىي زاھىتلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايون-
لارغا كېلىپ ئىسلام دىنى تەرغىباتى ۋە بەزى پائالىيەت-
لەر ئېلىپ بارغان ئىدى. كېيىنرەك 10 - ئەسىرنىڭ 60 -

① سامانىلار — 844 - يىللىرى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەت ئىبنى ئەسەد
ئىبنى سامان ئاملىق كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇلالە بولۇپ، 999 -
يىللىرى قاراخانىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

يىللىرى ئىراندا ئەۋجىگە چىققان سۇبىيېكتىپ پانتېئىزم (ۋەھدە تەۋۋۇجۇت) — يەككە بارلىق پىكىر ئېقىمى (تەركىدۇنياچىلىق) قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىلىرىگىچە يېتىپ كەلدى. بەزى تەزكىرە خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، 1032 - يىللىرى خوتەن رايونى تامامەن ئىسلاملاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىدا 778 - يىلى ۋاپات بولغان كۇپىلىق ئەبۇ ھاشىم، 875 - يىللىرى ۋاپات بولغان ئىرانلىق ئەبۇ يېزىد تەيخۇر ئەل بەستىمى، 922 - يىلى ئىراندا ئىسلام سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىرانلىق ھۈسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاھى، 910 - يىللىرى ۋاپات بولغان ئىرانلىق جۈنەيدىل باغدادى① قاتارلىقلارنىڭ تەرەپدار، مۇرىت - مۇخلىسلىرى يېتىپ كېلىپ كەڭ كۆلەمدە تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان، ھەتتا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئودال خانلىقلارنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم تەرىقەت پىشىۋالىرى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىلى تېخى ئۇزۇن بولمىغان قاراخانىلارنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا كېلىپ خان، شاھزادە، ئەمىر، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ياشلار، ھۈنەرۋەن كەسىپ ئىگىلىرىنى ئۆز يوللىرىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان. ھازىر-

---

① جۈنەيدىل باغدادى — ھازىرغىچە يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا «جۈنەيدىل باغدادى» دېيىلگەن مازارلار بار. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەم شىنجاڭغا كەلمىگەن. «غېرىب - سەنەم» داستانىدىمۇ جۈنەيدىل باغدادى دەرتمەنلەرنىڭ ھامىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

غېچە قەشقەر، خوتەندىكى بەزى مازار تەزكىرىلىرىنىڭ بىشارەت بىرىشىچە، بۇنداق تەسەۋۋۇپ دولقۇنى قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خانى سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ بىرىنچى ئىز باسارى بايتاش بۇغراخان (مۇسا بۇغراخان) دەۋرىدە باشلانغانلىقى مەلۇم. «تەزكىرەئى سەيد ئارسلانخان» ناملىق تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى بۇ نۇقتىنى مەلۇم پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ (سەيد ئارسلانخان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى تۇركەن خاتۇن — ئەرەبچە ئىسمى ئەلا نۇرخاننىڭ ئوغلى ئىدى دېيىلگەن). ھازىرغىچە قەشقەردە مازىرى بار دەپ تونۇلۇۋاتقان سەيد جالالىدىن باغدادى، شەيخ ھەبىبى ئەجەم قاتارلىق كىشىلەرمۇ تەرىقەت مۇرىشىدلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەرگىمۇ كەلگەنلىكى ھەققىدە بەزى رىۋايەتلەر بار. بۇ ھال جەمئىيەتتە كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئىش - ئەمگەكتىن ئايرىلىپ، ئائىلە بالا-چاقىلىرىنى تاشلاپ، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، تاغلارغا چىقىپ، يېگانە - خىلۋەتتە ئىستىقامەت يولىغا كىرگەنلىكى ئەلۋەتتە. جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، ئىلىم - مائارىپىنىڭ راۋاجى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، ھاكىمىيەتنىڭ تىنچ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئېغىر تەسىر قىلماي قالمىدى.

ھەرقانداق بىر كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر ئۆز زامانىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتمەي قالمىغىنىدەك «قۇتادغۇ بىلىك» مۇ چوڭ تىپتىكى بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغان-

لىقتىن، ئۆز دەۋرىنىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنى ئەكس ئەت-
مەي قالمىغان. چۈشىنىشىمىزچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
«كىتابىمغا «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىش-
تۈرگۈچى بىلىم) دەپ ئات قويدۇم. ئۇنى تۆت ئاساس
ھۆل ئۇستىگە ئورناتتىم» دېگىنىدە كۆزدە تۇتقىنى ھەر-
گىزمۇ بىر پۈتۈن كاتېگورىيىگە سىمۋول قىلىنغان تۆتىن-
چى شەخس ئودغۇرمىشنىڭ ئاقىۋەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان
تەركىدۇنيالىق قىلمىشى، جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ تەن-
ھا ئىستىقامەت يولىغا مېڭىشتەك پاسسىپ خۇسۇسىيەتلىرى
ئەمەس. بەلكى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن قىممەن ئىجابىيلىق
خاراكتېرىنى ئالغان ئاقىۋەت، قانائەتتىن ئىبارەت ئەخ-
لاق ئۆلچىمى.

ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئەقىدە تۈ-
رى جەھەتتە «ئەھل قال» ۋە «ئەھل ھال» دېيىلگەن
ئىككى ئېقىم، ئىككى گۇرۇھ شەكىللىنىپ ئۆزئارا كەس-
كىن تالاش - تارتىشلار باشلانغان ئىدى. «ئەھل قال»
دېيىلگەنلەر قۇرئان، ھەدىس، كىتابلارنىڭ سۆز - ئىبارى-
لىرىنى يادلىۋېلىپ دوگما ئاساستا تەڭرىگە سېغىنغۇچىلار؛
«ئەھل ھال» دېيىلگەنلەر ئالەمنى «ۋەھدە تەۋۋۇجۇت»
(يەككە بارلىق) چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىپ، ئەقىل
يەتمىگەن ساھەلەرگە پەقەت ھېسسىي يول بىلەن ئېرىشىش-
كە بولىدۇ، قەلب كۆزى، سەزگۈ، خىلۋەتتە پىكىر يۈر-
گۈزۈش يولى بىلەن تەڭرىگە ئېرىشىشكە بولىدۇ دەپ
ئىشەنگۈچىلەر، دەپ ئىككىگە ئايرىپ كىتاب سۆزى بىلەن
ئىش كۆرگۈچىلەر «زاھىرىي»؛ سەزگۈر ھېسسىي يول

بىلەن ئىش كۆرگۈچىلەر «باتىنىي» دېيىلەتتى①، كېيىن-كى باتىنىي يولىنى تۇتقانلار ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇپ تەرى-قەتچىلەر دەپ ئاتاشقان. ھەتتا ئۇلار بەزى ئىسلام مەم-لىكەتلىرىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولغانلىقى، جەمئىيەت ئىقتىسادى، ئىشلەپ-چىقىرىش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق تەقىپ قىلىنغان. كۆپچىلىك ئىسلام ئۆلىمالىرى-نىڭ قارىشىچە «بىر قولدا بۇ دۇنيا، يەنە بىر قولدا ئۇ دۇنيانى تۇتۇش لازىم. ئىككى قول، ئىككى پۇتنى ئۇ دۇنياغىلا قارىتىش ساپ ئىبادەت ئەمەس» دېيىلەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدا تەركىدۇنيا-چىلىقنى قاتتىق رەت قىلىدۇ. ۋەقەلىك مۇنداق باشلىنىدۇ: ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆزىگە تەڭداشسىز ھەمرا، سابىق يول-داش، بىلىملىك مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان كۈنتۇغدى ئېلىگ بىر كۈنى ئۆگدۈلمىشكە:

ئەي خۇلقى ئۆز، ئاران تاپقانتىم سېنى، 3133
يۈتتۈرسەم سېنى مەن ئۆزگىسى قېنى؟

مېنى ئەنسىرەتتى بۇ يالغۇزلۇقىڭ، 3134
يەنە بولسا كاشكى، بۆلەك ھەمرىيىڭ.

كۆر، بارمۇ، سەن ئىستە قېرىنداش ئارا، 3136
يولۇقدىن ماڭارلىق مۇناسىپ ساڭا.

① ئابدۇكېرىم قوشەيرىنىڭ «رىسالەئى قوشەيرىيە» دىن.

ەپ يىگىدىن بىر قابىلىيەتلىك، دۆلەت ئىشلىرىغا يارىغىدەك بىلىملىك بىر كىشى تېپىشنى بۇيرۇدى. كۆن-تۇغدىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئۆگدۈلمىش چوڭقۇر مۇلاھىزىدىن كېيىن، ئەخلاقى ياخشى، پەزىلىتى يۇقىرى بولغان بىر ئۇرۇق - تۇغقىنى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى كۆن-دە يىراق بىر تاغدىكى غاردا تائەت - ئىبادەتكە مەش-غۇل ئىكەنلىكىنى؛ ئەگەر ئۇ خالىسا، تەكلىپ قىلىپ دۆ-لەت - خەلق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرساق دېگەن مەسلىھەت-نى بېرىدۇ، كۆنتۇغدى ئىلىگ خۇشال بولۇپ غايەت گۈزەل بىر تەكلىپنامە ۋە نەسىھەتلىك خەت يېزىپ ئۆگ-دۈلمىشتىن ئەۋەتىدۇ:

3197 ئېلىگدىن سالام، ھال سوراش بۇ بىتىك
پۈتۈدۈم ئىسەنلىك تىلەي ئەي تىتىك.

3198 تېنىڭ ساق - سالامەت، ئىسەندۈرمىكىن،
نىچۈكرەك يۈدۈرسەن زامانە يۈكىن؟

3203 يېقىن قەۋم - قېرىنداشتىن قېچىپ سەن ئۆزۈڭ،
يۈرۈپسەن يۇرت - ئەلدىن ئۆرۈپ سەن يۈزۈڭ.

3229 ئۆزۈڭ ئالدىڭ ئەمدى زاھىت ئېتىنى،
بەلا ئىچرە سالدى بۇ تائەت سېنى.

3236 تائەت قىل شەھەر - كەنت ئارا، بېرى كەل،
ئىشىك ئاچسۇن ساڭا ياخشىلىق تۈگەل.

3237 خەلققە بىرىپ نەپ، مۇڭغا يارا،
قېرىنداش دىلىن ئاچ، يېقىنلاش ئاڭا.

3248 كىشى ياخشىسى ئەلگە پايدا بېرۇر،
بۇ ياڭلىغ كىشىلەر خەلققە زۆرۇر.

3249 تائەتكە ئىشەنىپ يۈرەر بولسا قۇل،
تاپالماس خۇدانىڭ سۆيۈنچىگە يول.

3259 خەلققە ياخشىلىقچۇن، قىچاردىم سېنى،
بۇ — خەلق نەپئى، زورلاپ سەن بۇزما ئۇنى.

3214 ئەگەر بارغان ئولساڭ تائەت قىلغىلى،
تائەتنى قىل كەنتتە①، شۇدۇر دىن يولى.

3216 ئىبادەتكە ئاۋۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بى پايدا، چۈشەن.

ئەمما جاھىل ئودغۇرمىش دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى
266 مىسرا سۆز بىلەن كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت-
تىن يىراقلىشىپ ياشىماقنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلەيدۇ.
ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇنازىرىلەشكەندىن كې-
يىن «دۇنيا ۋاستىسى بىلەن ئاخىرەتنى تېپىش مۇمكىن»
لىكىنى نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئاخىر

① كەنت — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) شەھەر، يۇرت.

گودغورمىش خانغا بىر پارچە نومۇسسىز خەت يېزىپ
مۇنداق تەلەپ قويىدۇ:

3754 تائەت قىل خۇداغا ھامان، تاپارسەن—
كېچە يۇ- كۈندۇزى ئوچۇق ئىشىكىن.

3755 بۇ تۆت ھاجىتىم، خان، راۋا قىل ماڭا.
ئۆپۈپ يۈز-قولۇڭ، خىزمەت ئەيلەي ساڭا.

3756 تىلەرمەن تىرىكلىكنى ئۆلمەيدىغان،
يىگىتلىك تىلەيمەن قېرىمايدىغان.

3757 ھەمىشە كېسەلسىز، مېنى ئەيلە ساق،
باي ئەت، ئەيلە يوقسۇل بولۇشتىن يىراق.

3758 بۇ تۆت نەرسە بەرسەڭ ساڭا ئىش قىلاي،
تۇتۇپ بۇيرۇغۇڭنى پىدايىڭ بولاي.

3759 ماڭا بەرسەڭ ئەگەر شۇلارنى ئەي خان،
بېرىپ قول ساڭا قۇل بولاي مەن ھامان.

ئۇ ھەتتا دۇنيا، راھەت، پاراغەت دېگەنلەر ئاخىر
پۇشايمان كەلتۈرىدۇ، دۇنيانىڭ راھىتى مانا شۇ:

3573 جاھان تاتلىقىكىم بۇ ئۈچ نەرسىدۇر،
بۇ ئۈچىنىڭ لەززىتى باراۋەر تۇرۇر:

يېمەك ـ ئىچمەك ئېرۇر بۇ ئۇچىنىڭ بېرى. 3574
خوتۇندۇر ئۇ بەرسى سۆيۈنسە ئېرى.

3575 ئۇچىنچى، تەن ساقلىق، تىرىكلىك شۇدۇر،
بۇ ئۇچ ئىچرە بۇ بەك كېرەكلىك ئېرۇر.

دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى
مۇنازىرىلەر ئارقىلىق قايىل قىلالماي قايتىپ كېتىدۇ. بىر قانـ
چە قېتىم بېرىپ ـ كېلىشلەر ئارقىلىق ئاخىر دەرۋىش ئودغۇر-
مىش ئۆزىنىڭ خان ئالدىدا خىزمەت قىلىش لاياقىتى يوقلۇ-
قىنى، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ھەربىيلەر، ئالىملار، شەھەر ـ
يېزا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى بىلمەيدىغانـ
لىقىنى ئېيتىپ سەۋەب كۆرسىتىدۇ. ئۆگدۈلمىش پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقە، ھەر خىل ئادىمى، دېھقان، ھۈ-
نەرۋەن، سودىگەر، كاتىپ قاتارلىقلار بىلەن قانداق مۇئا-
مىلىدە بولۇش ھەققىدە ئىنتايىن كەڭ، تەپسىلىي چۈشەنـ
دۈرىدۇ ۋە ساۋاق بېرىدۇ. ئودغۇرمىش ئاخىر نائىلاج
كۈنتۇغدى ئېلىگ خان ئالدىغا كېلىدۇ. كۆپ مۇنازىرىلەر-
دىن كېيىن يەنە تاغقا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي
ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىدۇ. كۈنتۇغدى ۋە ئۆگدۈل-
مىشلەر ئۇنىڭ جەمئىيەت خەلقتىن ئايرىلىپ، تەنھا رىيازەتـ
تە ئۆتكەن ھاياتىغا، جەمئىيەت ھايات يولىدىن ئايرىلىپ
پۈتۈنلەي ئىبادەت يولىغا مېڭىش توغرا ئەمەسلىكى ھەققىـ
دە ئۆزئارا سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ماتەم بىلدۈر-

دۇ. كىتاب ئاخىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز-
ئۆزىگە ئېيتقان بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىشلىرى ھەققىدى-
كى پىكىرلىرى، ھەمدۇ - سانا بىلەن تۈگەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ھېس قىلىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىدە ئىسلاھات - مۇرەسسە يولىنى تۇتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشاۋاتقان فېئودال ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى سوپىزم تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭلىكى، نادانلىق ۋە جاھالەت ھاۋاسىنىڭ قويۇقلۇقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداق-تىمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلغار قاتلىمى تەشەببۇس قى-لىپ كەلگەن تەركىدۇنياچىلىقتىن قول ئۈزۈش چاقىرىقى-لىرىغا ئوخشاش ئادەتتىكى دەۋەت، ۋەز - نەسىھەت بىلەن-لا ئەمەس، خېلى ئېنىق پاكىت پەلسەپىۋى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق «تەركىدۇنياچىلىق» نىڭ نەقەدەر خاتا، زىيان-لىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ.

ئويلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە «ھالال ئەمگەك بەندىنى خۇداغا يېقىن-لاشتۇرىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ ئىشلىرى، ھالال ئەمگەكتىن قول ئۈزۈپ، تەر-كىدۇنيالىق يولىغا ماڭغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ ئۇدغۇرمىشنى تەركىدۇنياچىلىقتىن قۇتۇل-دۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ نەتىجە بەرمەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلىپ دەل 50 يىلدىن كېيىن (1125 - يىللىرى) قاراخانىلار جەمئىيىتى زاۋاللىققا يۈز

ئۆتۈپ قىتانلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. تارىخنىڭ بۇ كەلمىشىنى ئۆتكۈر كۆزلۈك خاس ھاجىپ ئالدىن كۆرەلىگەن ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا سالجۇقلار، غەزنەۋىلەر، خارەزم شاھلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا 180 يىللار ھۆكۈم سۈرگەن تۆمۈرلەر ۋە ئۇلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغبەگدەك ئىلىم - مەرىپەت ھامىيلىرىنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، خانلىقنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى شەيخ ئەھمەتتەك جاھان كەشتى دەرۋىش، تەركىدۇنياچىلارنىڭ چېكەتكىدەك پىتراپ كەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدىمۇ دەل شۇنداق بىر تارىخ، يەنى 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە — يەكەن خانلىقى خوجا ئەخمەد كاسانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان تەسەۋۋۇپچى خوجا ئاپئاق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرىگە تۇتۇپ بېرىلگەنلىكى تارىخ بېتىدە يېزىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىڭ يىللار بۇرۇنلا زاھىت (تەركىدۇنياچى) لىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى ئالدىن كۆرگەن ئىدى.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دانالىقتا كامالىغا يەتكەن ئەقىل - پاراستى، پايانسىز دېڭىزدەك كەڭ بىلىمى، ھىكمەت ۋە پەلسەپىگە تولغان كۆكرەك - سىنەسى، توغرا ۋە ھەققانىيلىقتا ۋايىغا يەتكەن ئۆتكۈر بەدىئىي تىلى كىشىنى قايىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئالغا سۈرگەن تەشەببۇس ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىي شارائىتى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغاندا، غايەت

زور ئىلغارلىقتا ئىگە. ھەتتا بەزى كۆز قاراشلىرى زامان ئۈچۈن دائىملىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەتتە بىر تەقۋادار مۇسۇلمان، ئىسلام ئۆلىماسى، جامائەت ئەربابى ۋە شائىرى بولىدىغان بولسا، شۇنچىۋالا جەمئىيەت بىلىملىرىنى قانداق قىلىپ ئۆگىنىپ بولالىغان؟ مەيلى خان، لەشكەر بېشى، مەيلى بەگ، ئەمەلدار، مەيلى كاتىپ، خەزىنىچى، چەكچى، دېھقاندىن چارۋىچىغىچە، سودىگەردىن ھۈنەرۋەنگىچە بولغان جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - ھېسسىيات، ئارزۇ - تەلەپ، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، پسىخولوگىيەسىنى قانداق ئۆگىنىپ بولالىغان؟ دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ئىلگىرى ھاكىم، ئەمەلدار، قوماندان، چەكچى بولغانمۇ؟ دېگەن ئويغىمۇ سالىدۇ. بۇ، كەلگۈسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات يولى، ئىجادىيەت جەريانى، تەرجىمىھال - تەزكىرىسىنى ئىزلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى قەسىدىلەر توغرىسىدا

### ماھمۇت زەيدى

«قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى (شېئىرىيىتى) نىڭ تۈرلىرى جەھەتتىن بىزنى باي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمى مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە يېزىلغان، بېيىتلار ئارىسىدا بولسا كۆپلىگەن تۆتلىكلەر، تەجنىسلەر، قەسىدە ژانىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس نەمۇنىلىرى ئورۇن ئالغان، بۇ ماقالىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى قەسىدىلەر ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ھەممىسى بولۇپ ئۈچ قەسىدە بار، بۇلارنىڭ بىرى، يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى؛ ئىككىنچىسى، زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدىكى قەسىدە؛ ئۈچىنچىسى، كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە پەندى ـ نەسىھەت بەرگەنلىكى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەسىدىلىرىدە بۇ ژانىرنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلىمۇ ۋە ئۆزىگە خاسلىق تەرەپلىرىمۇ بار. بۇ

پەردە دەسلەپ ئۇلارنىڭ ئاپتوبىئوگرافىك① خاراكتېرىنى قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ «يىگىتلىككە ئېچىنىش، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ماۋزۇسىدىكى قەسىدىسى خاراكتېرلىكتۇر:

6521 ئۆتكۈچى بۇلۇتتەك، يىگىتلىكنى ئىدتىم،
بوران - يەل ئۆتەردەك ھاياتنى تۈگەتتىم.

مەلۇمكى، قەسىدىدە ئەنئەنىگە ماس ئۆز روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەش، تەقدىردىن، ھاياتتىن شىكايەت قىلىش غايىسى ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ نەرسە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى قەسىدىلىرىدە ئۆزگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ يىگىتلىكنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق قايغۇرىدۇ. قېرىلىقتىن شىكايەت قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ غايىۋى يۆنىلىشىدە ۋە ئوبرازلار سىستېمىسىدا ئۆزىگە خاسلىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەسىدىلىرىدىكى بەدىئىي قۇرۇلما قەدىمكى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ۋە بەدىئىي مىراسلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ قەسىدىلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىق، شۇ دەۋر پەلسەپىسى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭدىكى مەلۇم دىنىي خاھىشنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ پەلسەپىسى — دىداكتىك قاراشلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندۇر.

① ئاپتوبىئوگرافىك ئەسەر — يازغۇچىنىڭ ئۆز شەخسىي ھاياتى بىلەن باغلىق ۋەقەلەر ماتېرىيال ئاساسىدا يارىتقان بەدىئىي ئەسىرى.

بۇنىڭدا ئەرەب، پارس، تاجىك ئەدىبلىرىنىڭ پەلسەپىلىك قاراشلىرىنىمۇ بايقاش مۇمكىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ دىداكتىكىسىدا ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ گۇمانىستىك غايە ۋە پىكىرلىرىنى ئادەتتىكىچىلا داۋام ئەتتۈرمەستىن، بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى، ئەينى زاماننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىگە نارازىلىق، ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي غايىلەر، شۇنىڭدەك ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار ھېسابلانغان باشقا ماتىۋ ① لارنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يۇقىرىدىكى قەسىدىنىڭ ئاساسىي تېمىسى — لىرىك قەھرىمان شائىرنىڭ ئۆز ھايات ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنكى ھالەت شائىرنىڭ قەسىدىلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىنى — دىداكتىك يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن.

شائىرنىڭ قەسىدىلىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئوبرازلار سىستېمىسىدا مەلۇم رېئاللىق بار. ۋاھالەنكى، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ژانىردا مۇھىم قاراشلار ۋە پوئېتىك② (بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى) ئوبرازلاردا ئاللىگورىك مەنىلەر بېرىش ئاساسىي ئورۇن تۇتقان

---

① ماتىۋ — ئاھاڭ، كۈي، مۇقام مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتى. ئەدەبىي ئەسەردە ماتىۋ — ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن پەرقلىنىدىغان قوشۇمچە، 2- دەرىجىلىك تېمىسى.

② پوئېتىك — ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى. بۇ، بىر يازغۇچى ئوسلۇبىنىڭ خۇسۇسىيىتى، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى يىغىندىسىنى ئاڭلىتىدۇ.

ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەسىدىلىرىنىڭ مەركىزىدە شائىرنىڭ ئۆزى دانىشمەن ئىنسان قىياپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ لىرىك «مەن» ى — قەسىدىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى. شائىرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانىنى، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «شائىر قەلبىنىڭ ئەينىكى» دېيىش مۇمكىن.

مەلۇمكى، لىرىكىدا بارلىق ۋەقەلەر ۋە كەچۈرمىلەر شائىرنىڭ شەخسىيىتى تەرىپىدىن ئىپادىلىنىدۇ. شائىرنىڭ «مەن» دېگىنى لىرىك قەھرىمان ئوبرازىغا تەڭ. لېكىن، ئۇ شائىرنىڭ شەخسىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان شەخسلا ئەمەس، بەلكى دەسلەپ تېگىشلىك دەۋر كىشىسىنىڭ پسىخولوگىيە ۋە خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي شەخستۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قەسىدىلەردە ئۆز دەۋرى ئىدېئولوگىيىسى بىلەن باغلانغان ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى، يۈكسەك تۇيغۇسىمۇ ئىپادىلەنگەن. بۇ قەسىدىلەردىكى لىرىك قەھرىمان ئادالەتسىزلىكتىن تەشۋىشتە، ھاياتنىڭ ناتوغرا قۇرۇلغىنىدىن نارازى ئىنساندۇر. بۇ خۇسۇسىيەتلەر شائىرنىڭ «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك قەسىدىسىدە تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ. بۇ شۇنداق باشلىنىدۇ:

6565 قوپايمەن، ماڭايمەن، جاھان كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئىرۇركىم، تاپاي مەن.

6566 كىشى قىسلىقى بولدى، ئىستەي قەيەردىن ؟
تىلەپ تاپقالى بولسا ئىستەپ كۆرەي مەن.

6567. جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمىدىم، مەن،
بۇ ئارزۇنى تاپسام، يۈزىگە باقاي مەن.

6569. ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىق، سىخى ئەر،
يۈدۈپ ئۇنى يەلكەمدە، كۆزگە سۈرەي مەن.

يۇقىرىدا شائىر قەسىدىلىرىدىكى ئاساسىي غايىۋى مەزمۇننىڭ ئۆز دەۋرىدىن، بىۋاپا دوست - يارلاردىن شىكايەت تەرزىدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ چىقتۇق. ھالبۇكى، مۇئەللىپنىڭ ئىجادىي بولسا زىددىيەتلەردىن ۋە مەلۇم چەكلىمىلەردىن خالى بولمىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىدىكى زىددىيەت ۋە چەكلىمىلىك رېئال مەۋجۇدىيەتنىڭ — شائىر ياشىغان زاماننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىكى تەرتىپسىزلىك ۋە باش - باشباشتاقلىقنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەسىدىلىرى مەلۇم مەنىدىن رېئاللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەزمۇنلارنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدىدۇر، شائىر قەسىدىلىرىدىكى ھەر بىر بېيىت ئۆزىنىڭ مەلۇم فۇنكسىيىسى بىلەن قەسىدە كومپوزىتسىيىسىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن: «يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دېگەن قەسىدىسىدە، شائىر دەسلەپكى قۇرلىرىدا يىگىتلىك پەسلىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىدىكەن، كېيىنكى بېيىتلاردا بۇ

ھېكەر ئۆزىنىڭ يۈئىتىك راۋاجىنى تاپىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەپسۇس، نادامەت، قايغۇ ئاھاڭلىرى سىڭىپ كەتكەن.

ئەگەر ئوخشىتىشلار ساھەسىدە گەپ قىلىنىدىغان بولسا، بۇ ئوخشىتىشلار لىرىك قەھرىمان خۇسۇسىيىتىنى، ئۇنىڭ روھىي كەچۈرمىلىرىنى، ئوي - ھېسسىياتلىرىنى بەكمۇ ئېنىق، روشەن ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان. مۇئەللىپ يىگىتلىكىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى يازغان چېغىدا ئوخشىتىشلاردىن مانا شۇنداق پايدىلىنىدۇ:

6529 قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغۇۋاندەك،
بۇگۇن ئاڭا زەپەر ئۇرۇغىن سۇرۇتتىم.

6530 ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۈركۈدۈم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531 يورۇق يازدەك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532 قېيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس - تۈز،
بولۇپ ئەگرى، يادەك ئېگىلدىم، ئىڭىشتىم.

6533 ئىست، زايە قىلدىم ئىرىكلىك ئاۋۇنچىن،
پۇشايماندا قان ياشنى كۆزدىن ئېقىتتىم.

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ ماھارىتىنى كۆرىمىزكى، ئۇ،

قىرى كىشى ئوبرازىنى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى بىلەنلا ئاچقان. يىگىتلىك ۋە قىرىلىقتىكى زاھىرىي بەلگىلەر شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تاللانغانكى، بۇ بەلگىلەر ئارقىلىق كىتابخان خۇددى ئالتۇن ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەكلا بولىدۇ.

دەسلەپ يۈز تەسۋىرى بېرىلگەن. يىگىتلىك دەۋرى ئۈچۈن قىزىل، قېرىلىق مەزگىلى ئۈچۈن زەپىران رەڭلىرى تاللاپ ئېلىنغان. خۇددى شۇ تەسۋىردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي ئىجادىي — قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنىڭ يارقىن تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇيغۇر فولكلور ئەسەرلىرىدە قىزىل يۈز — ياشلىقنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ؛ سېرىق يۈز بولسا، قېرىلىقنىڭ — ئەينى ۋاقىتتا دەرت - ئەلەمگە، قايغۇ غەمگە مۇپتىلالىقنىڭ سىمۋولىدۇر.. بۇ جايدا مۇنداق ئوخشىتىشلارنىڭ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇنسىز بولمايدۇ:

قىزىل ئالما قىزارغاندەك، قىزىل يۈزلۈك،
ناۋات بىرلە يۇغارغاندەك شېرىن سۆزلۈك.

سارغىيىپتۇ - سارغىيىپتۇ، شول جۇگاننىڭ دەردى بار. ساماندەك سارغىيىپ سولدۇم، ۋاھاكازا. ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىدىكى بۇنداق ئەنئەنىۋى ئوخشىتىشلارنى ئەسەر سەھىپىلىرىدە خېلى كۆپ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كېيىنكى مىسرالاردا ئىككى دەۋر باشتىكى چاچ ئارقىلىق قىياسلىنىدۇ. بۇ مىسرالار بولسا، بۇ ئىككى دەۋرنى

پۈتۈن كۆلىمى بىلەن تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ، شائىر ئۆز مەقسىتىنى تولاراق ئىپادىلەش ئۈ-
چۈن ئەدەبىياتتا ئۆزئارا زىت قويۇلىدىغان ئىككى پەسىل-
دىن: يىگىتلىك ئۈچۈن باھار، قېرىلىق ئۈچۈن كۈز-
دىن پايدىلىنىدۇ. پارچىنىڭ ئاياغىدىكى مىسرالىرىدا قەد-
دى قامىتى قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرى بېرىلگەن.
بۇ يەردە يىگىتلىكتىكى قەدنىڭ توغرىلىقى، قېيىندەك تۈز-
لۈكى ئوققا ئوخشىتىلغان؛ قېرىغان چاغلىرى بولسا، ئوقياغا
نىسبەتلەشتۈرۈلگەن. «ئوق» بىلەن «يا»نىڭ ئەنئەنىلىك
ئوبرازلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتمىسەكمۇ چۈشىنىش-
لىك بولسا كېرەك.

× × ×

بۇ يەردە شۇ بىر نۇقتىنى روشەن كۆرۈشكە بول-
دۇكى، شائىرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يىگىتلىك بىلەن قې-
رىلىقنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا قەيت قىلىشتىن ئىبارەت
ئەمەس، بەلكى مانا شۇ تاشقى كۆرۈنۈش — تەسۋىرلەر
ئارقىلىق ناھايىتى كاتتا غايىۋى بەدىئىي «يۈك»نى
كۆرسەتكەن. مانا بۇ بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
بۈيۈكلىكى ۋە شائىرلىق تالانتىدىن ئىبارەت. تاشقى كۆ-
رۈنۈش (ھادىسە) بىلەن ئىچكى باغلىنىش (ماھىيەت)
نى كىتابخانىنىڭ يەم - پاراستىگە قالدۇرغان. تەكىتلەش-
كە بولىدۇكى، سېرىق يۈز — لەرىك قەھرىمان تەلبىدىكى
نازۇك تۈيغۇلارنى، تەمكىنلىك، كۈچلۈك ئىزتىراپ، ئە-

لەم، قايغۇ قاتارلىقلارنى كۆرسەتسە؛ ئاياغدىكى مىسرالار-
دىكى «يا» ئوبرازى لىرىك قەھرىماننىڭ مۇشەققەتلىك
ھاياتىغا ئىشارەتتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىسىدىكى بۇ ئۈچ قەسىدىنى
بىر قاتار كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، بۇلاردىكى
ھەر بىر بېيىتنىڭ يۇقىرىقىدەك چوڭ جەلپ قىلىش كۈ-
چىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، قەسىدە كومپوزىتسىيىسىنىڭ خاس-
لىقى ۋە ئۇلاردىكى ئاھاڭدارلىقنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ما-
ھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىسىدىكى قەسىدىلەر ھەققىدە
پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئەسەرنىڭ «پارلاق ياز پەسلى ۋە
ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى» ناملىق قىسمى كىشىنىڭ
دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ماۋزۇدىكى
تەسۋىر ۋە مەدھىيىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەسىدى-
لەردىن پەرقلىق (ئا ئا، ب ب، د د... شەكلىدە) يېزىلغان
بولسىمۇ، پوئېتىك خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن ئەينەن قەسىدىگە
ئوخشايدۇ. 61 بېيىتتىن ئىبارەت بۇ قەسىدىنىڭ باشلىنىشى،

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

قەسدىنىڭ كومپوزىتسىيسىگە قارايدىغان بولساق،
گاۋۋال باھار تەسۋىرى، گۈزەللىك لىرىكىسى، بۇغراخان
مەدھىيىسى، ئاپتورنىڭ ھىكمەتلىك خۇلاسىسى، تىلەك ۋە
ئارماندىن ئىبارەت بىر قانچە قىسمىدىن بىر پۈتۈن قە-
سىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى،
شائىر بۇغراخان تەسۋىرىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تەبىئەت-
نىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى جاي - جايىدا تەسۋىرلىگەن.
ئۇنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ يېقىملىق، ئەينى ۋاقىتتا ك-
ىشىنىڭ روھىنى ئاچىدىغان ۋە ھېس - تۇيغۇسىنى قوز-
غايدىغان تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مۇنداق ئىجابىي،
كۆتۈرەڭگۈ ۋە كۆركەم قىياپەتلەر بۇغراخان قىياپىتىنى
تەسۋىرلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇلغان. بۇ لىرىكىدا شائىرنىڭ
بىزنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك
ھادىسىلەر ۋە نەرسىلەرنى ئىلغاشتىكى ئۆتكۈر قابىلىيىتى
ۋە زېرەكلىكى نەقەدەر ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتكۈ-
زۈلگەن — ھە! نۆۋەتتىكى بېيىتلاردا بۇغراخان ئىزگۈ،
ئادالەتپەرۋەر كىشى (ھۆكۈمدار) سۈپىتىدە تەسۋىرلەن-
گەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىجابىي خۇسۇسىيەتلىرى ساناپ
ئۆتۈلگەن. بىراق، بۇ سۈپەتلەردە بۇغراخان تارىخىي
كونكرېت شەخس سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي
قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، بۇ قەسىدە ژانىرىغا
قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ يەردىكى تەسۋىر
ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەمدۇ-سانا بۇغراخاننىڭ ئەقىل-پا-
راستى، ئەدلۇ-كارامىتى قاتارلىقلارنى تەرىپلەشكە بوي-
سۇندۇرۇلغان. بۇ جەھەتتىن بۇ قەسىدىنى كلاسسىك ئەدە-

بىياتىمىزدىكى بىر گۈزەل دېمەكچە بىلدۇز.

ماختاش ئوبيېكتىدىكى تۈرلۈك ئەجايىپ خىسلەتلەرنى ئىدېئال (غايىۋى) دەرىجىدە كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەش قەدىمكى يادىكارلىقلاردا، خۇسۇسەن ئورخۇن - يەنسەي يادىكارلىقلىرىدا، شۇنىڭدەك مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. تەسۋىرلەشنىڭ مۇنداق پرىنسىپى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەر ئېپوسلىرى ئۈچۈنمۇ خاس بىر خۇسۇسىيەتتۇر. بۇ ھالنى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلاردا ئوچۇقراق كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» يادىكارلىقىنى مىسالغا ئالساق، بۇ خىل مۇبالىغە، مەدھىيەلەرنىڭ كۆزگە ئايرىمچە تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

تېكىستى:

«...بىلگە قاغان ئەرمىش، ئالىپ قاغان ئەرمىش. بۇيرۇقى يەمە بىلگە ئەرمىش ئەرەنج، ئالىپ ئەرىش ئەرەنج، بەگلەرى يەمە بۇدۇنى يەمە تۈزئەرمىش. ئانى ئۈچۈن ئېلىگ ئانچا تۇتمىش ئەرەنج، ئەرەنج، ئېلىگ تۇتۇپ تۆرۈگ ئەتمىش...»①

يەشمىسى:

بىلىملىك قاغان (خاقان) ئەردى، باتۇر (باھادىر) قاغان ئەردى، ۋەزىرلىرىمۇ دانا ۋە باتۇر بولغانىكەن. بەگلىرى ھەم خەلقى ھەم توغرا ئەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنى شۇنداق باشقۇرغان ئىكەن. دۆلەتنى تۇتۇپ رەسمىي يوسۇننى رەتكە سالغان ئىكەن.

---

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1981- يىل 1- سان، 122- بەت.

تېكستى:

«كۆل تېگىن ئاز مان ئاقىغ بىنىپ ئۇپلا يۇتەگدى. ئالتى ئەرىنگ سانجىدى. سو [ت]ە كىشىندە يىنىتج ئەرىنگە قىلىچلادى. ئىكىنتى قۇشالغۇقتا ئەدىز بىرلە سوگۇشدۇمىز. كۆل تېگىن ئاز باغىرىن بىنىپ ئۇبلايۇتەگىپ بىر ئەرىنگ سانجىدى» ①.

يەشمىسى:

كۆل تېگىن ئارغىمىقىغا مىنىپ هۇجۇمغا ئۆتتى. ئالتە ئەسكەرنى نەيزىلىدى. ئەسكەرلەر هۇجۇمىدا يەتتىنچى ئەسكەرنى قىلىچلىدى. ئىككىنچى قېتىم قوشالگوكتا ئەدىز بىلەن سوقۇشتۇق. كۆل تېگىن ئازنىڭ قولان ئېتىغا مىنىپ هۇجۇمغا ئۆتۈپ بىر ئەسكەرنى نەيزىلىدى.

× × ×

بۇ ئېپىزوتلاردىن قەدىمكى يادىكارلىقلاردا مەدەنىيە ئامىللىرىنىڭ قانچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قەدىمكى شېئىرىيەتلەردە مەدەنىيە ئامىللىرىنىڭ بولغانلىقىنى يۇسۇپ خاس هاجىپلا ئەمەس، يەنە مەهمۇت قەشقەرىمۇ تەكىتلەيدۇ. مەهمۇت قەشقەرى «قوشۇق» دېگەن سۆزنى: قوشاق، شېئىر، قەسىدە، دەپ ئىزاهلىغان. مۇشۇ ئاتالغۇنىڭ ئىزاهاتى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدىمۇ مەدەنىيە ئاملى كۆزدە تۇتۇلغان:

---

① «قەدىمكى تۈركىي تىل» تاشكەنت، 1982- يىل، 110- بەت.

تېكستى:

تۆركەن قاتۇن قاتىڭا تەكۈر مەلدىن قوشۇغ.
ئاتىل سىزىڭ تاپۇغچى ئۆتنۇر ياڭى تاپۇغ①.

يەشمىسى:

خانىڭ خوتۇنى هوزۇرىغا مەندىن قوشاق (قەسىدە) يەتكۈز، سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەتلەرنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېگىن.

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي مۇقەددىمەسىدىمۇ مۇنداق بىر بېيىت بار:

75 بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزدۈم ساڭا.
ئوقۇردا ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

يۇقىرىدىكى بۇ پاكىتلاردىن شۇ نەرسە ئاشكارا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئايرىم تەتقىقاتچىلار كۆرسەتكەندەك ئەرەب - پارس (تاجىك) ئەدەبىياتى تەسىرىدىن ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئەكسىچە، «قۇتادغۇ بىلىك» قەسىدىلىرىدە ئىپادە قىلىنغاندەك، بۇ ئەنئەنىلەر يېڭى شارائىتتا ئۆزىگە خاس بىر شەكىلدە داۋاملاشتى. بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ خاس هاجىپ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا (ئەرەب، پارس شۇنىڭدەك تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئالا-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 487- بەت.

قىدار بولغان شائىرلارنىڭ) ئەللا ئالدىنقى قاتارىدىكىلىرىدىن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچە خىل خەلق بىلەن مەدەنىي مۇناسىۋەت قىلىش جەريانى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس بىر شەكىلنى ئەمەلگە قويۇشنى ھېس قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بابىدا يېڭى ئۇسلۇب ۋە يېڭى ژانىرلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە تۆھپە قوشتى.

بىز بۈگۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئەسلىگەندە، كۆز ئالدىمىزدا ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن ئېغىر يۈك كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان ۋە بۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ نۇر بولۇپ يانغان سەنئەت ئاسمىنىدىكى پارلاق بىر يۇلتۇزنى كۆرىمىز.

شائىرنىڭ ئوبرازى ئاي بىلەن كۈندەك مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار ھەققىدە

### مۇھەممەت ئوسمان

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ كۈچەيگەن، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان كەڭ بىلىمگە ئىگە ئالىمدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ راتسىئونالىزملىق كۆز قاراشلىرى بىلەن غايىلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرىنى ھەمدە ئۆزى بىۋاسىتە كۆزەتكەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئومۇملاشتۇرغان. ئۇ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئىلىم - پەن نامايەندىلىرىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ۋە ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەرغىب قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش كۆز قاراشلىرىنى ئەينى زامان شارائىتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى، بىۋاستە ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى ئۇستىلىق بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان دىئالوگ شەكلىدىكى داستان ژانىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاسترونومىيىگىمۇ بەلگىلىك ئورۇن بېرىلىپ، ئەينى زامان ئاسترونومىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە كوسمولوگىيىلىك كۆز قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يەتتە يۇلتۇز، 12 بۇرج توغرىسىدىكى ۋە باشقا تەبىئەت كۆز قاراشلىرىدا، ئۆز دەۋرىنىڭ فېئوداللىق مۇھىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ۋە روھانىيەتچىلىكتىن خالى بولالمىغاز كوسمولوگىيىلىك كۆز قارىشى بويىچە، ئوتتۇرا ئەسىر ئاسترونومىيىسىنىڭ ئورگىنال تىپىمىسى بولغان ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى روھىي كۈچكە باغلاپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم كۆز قارىشىدىكى بۇ خىل نۇقسانلاردىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم - پەن نامايەندىلىرىدىن بولغان مۇھەممەت مۇسا خارەزمى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىلارمۇ خالى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىسلام تەسىرى كۈچەيگەن فېئودال مۇھىت ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەن ئەربابلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ھەمدە

ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۆز تامغىسىنى باسماي قالمايتتى. بۇ رېئال مۇھىت شارائىتىدا بەزى ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى زور ئېھتىياتچانلىق بىلەن بايان قىلغان. بەزىلىرى ئىدىيالىستىك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ بارلىققا ئىشىنىپ، ئۇنى پەش قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ، ئىستىخىيىلىك - ماتېرىيالىستىك خاراكتېردىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىمۇ دەل شۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا يېزىلدى، بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىغان. بىز ئۇنىڭ تەڭرى مەدھىيىسىدىكى:

4781 ئىگەمنى ئىستەيمەن، كۆزدە ئۇيقۇم يوق،
تاپسامۇ نىشانىن، ھېچ كۆرگۈنۈم يوق.

12 ئېرۇر بارلىقنىڭ كۈن ۋە ئايدەك يورۇق،
تېگىنگە يېتۈچى كۆڭۈل - ئەقىل يوق.

17 ئۇ يۈرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر - قىياس.

دېگەن مىسرالىرى ۋە يەتتە يۇلتۇز، 12 بۇرج بايانىدىكى:

125 ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى،
يورۇتتى كۈن، ئاي بىرلە دۇنيا يۈزى.

127 يارالتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
يارالتتى قارا تۈن ۋە كۈندۈزنى ئۇ.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ تارىخىي ئىدىيالىزم دائىرىسىدىن هالقىپ ئۆتەلمىگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بىر يۈرۈش تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قارىشىنىڭ مۇهىم بىر تەرىپى بولۇپ، ئۇنىڭدا گرېك ئاسترونومى كلاۋدى پېتولېمېينىڭ ئالەم سىستېمىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونومى فارابى، بىرۇنىلارنىڭ ئىلغار ئالەم كۆز قاراشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئەينى زامان ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بۇ جەهەتتىكى كۆز قاراشلىرى ئەينى زاماندىكى هەرخىل روهانىيەتچىل كۆز قاراشلاردىن خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇئەللىپنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى يەتتە يۇلتۇز بايانىدا مۇنداق يېزىلغان:

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر ① تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجتا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي ②،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

---

① سەكەنتىر — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) زۇهەل (ساتۇرن) يۇلتۇزى.
② ئوڭاي — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزى.

133 ئۈچىنچى كۆرۈددۇر① غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135 بەشىنچى سەۋىتتۇر②، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرۈرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136 ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ③ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۈقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ، ئەينى زاماندىكى ئاسترونومىيىنىڭ يۇقىرى چېكى ھېساب-
لانغان «يەر مەركەز» چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغان كلاۋدى
پېتولېمېينىڭ ئالەم سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر-
نى ئالەمنىڭ مەركىزى، قۇياشنى سەكەنتىر (ساتورىن)،
ئوڭاي (يۇپىتىر)، كۆرۈد (مارس)، سەۋىت (ۋېنېرا)،
ئارزۇ (مېركۇرى) لار بىللە ئوخشىمىغان ئوربىتا-
لار يەرنى ئەگىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان پلانېتا
دەپ چۈشەندۈرگەن؛ قۇياشنى شۇ پلانېتلار ئىچىدە ئۆ-
زىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان بىردىن بىر ئاسمان جىسمى

① كۆرۈد — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) مېرىخ (مارس) يۇلتۇزى.
② سەۋىت — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) زۆھرا، چولپان (ۋېنېرا) يۇلتۇزى.
③ ئارزۇ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاتارۇت (مېركۇرى) يۇلتۇزى.

دەپ تولۇپ، ئۇلى يەر ۋە باشقا پلانېتلار ئۇچۇن يۇرۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى قىلىپ كۆرسىتىپ، قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە يورۇقلۇقى بولمىغاندا يەردە ھاياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەت ئۈستىدە ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ يەنە پلانېتلارنىڭ يىللىق ئايلىنىش دەۋرىنىڭ بىردەك بولمايدىغانلىقىنى، يەرگە نىسبەتەن ئارلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ۋە بۇ پلانېتلارنىڭ ھەرىكەت يوللىرىنىڭ ھەرخىل تەكشىلىكلەردە ياتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن؛ پلانېتلارنى تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئىزاھلىغان. مەسلەن؛ ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس پلانېتىنى ئاپەت؛ ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا پلانېتىنى خۇشاللىق خاراكتېرىستىكىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا ۋە 16 - بابىدىكى ئايتولدىنىڭ كۈن تۇغدى ئېلىككە بەرگەن جاۋابىدا،

137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق① تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

731 ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

---

① يالچىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاي.

733 تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن —
كېمىسپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734 يورۇقى ئاز - ئازدىن بەلە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

743 بۇ ئاينىڭ ئۆيى هەم ئورنى مۇنقەلىپ①،
مۇنقەلىپ قالار ئۆيىسىز ئاخىر بېرىپ.

744 بۇ ئاي بۇرجى سەرتان، بۇ بۇرج ئۆزگىرۇر،
ئۆي ئۆزگىرۇر هەم ئۆزى چۆرگىلۇر.

745 قايۇ ئۆيگە كىرسە بۇ ئاي تېز چىقار،
چىقىشقا ئالدىراپ ئۆيىن تېز بۇزار.

دەپ كۆرسىتىش بىلەن ئاي يەرنىڭ هەمرىيى ئې-
كەنلىكى ئۈستىدە توختالغان. ئاينىڭ دۈگىلەك شەكلىدىكى
يورۇقلۇق چىقارمايدىغان، پەقەت قۇياشنىڭ يورۇقى بى-
لەن يورۇپ تۇرىدىغان، يەرگە ئەڭ يېقىن ئاسمان جىس-
مى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاينىڭ يەر ئەتراپىدا ئايلىنىش بى-
لەن بىللە داۋاملىق يۇلتۇزلار ئارىسىدا بەلگىلىك يۆنى-
لىش بويىچە سۈرۈلۈپ، ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلى-
قىنى هەمدە ئۇنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يو-
لىنىڭ زودىياك يۇلتۇز تۈركۈملىرى بويىچە ئۆتىدىغانلى-

① مۇنقەلىپ — (ئەرەبچە) يۆتكىلىپ ئايلىنىپ تۇرغۇچى، تۇراقسىز.

قىنى ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىپ بەرگەن. دېمەك، يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ ئاينى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى
ھەرىكەتكە — پۈتۈن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ سوتكىلىق ئايلى-
نىشىغا ۋە يەر ئەتراپىدىكى سوتكىلىق ئايلىنىشىغا قاتنىشى-
دۇ، دەپ تونۇغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بۇ بايانىدا ئاي فازى-
لىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرتىپى ۋە ئاي فازىلىرىنىڭ ئال-
مىشىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بىر قاتار ھالقىلىق مەسىلىلەر
ئۈستىدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىئالېكتىك
كۆز قاراش بىلەن ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاي فازى-
لىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاينىڭ ئۆز يو-
رۇقلۇقىنىڭ بولمىغانلىقىغا ۋە ئاينىڭ ئورنىنى داۋاملىق
ئۆزگەرتىپ، يەرگە نىسبەتەن ھەر خىل ئورۇنلاردا بولۇ-
شىغا باغلاپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئاي فازىسىنىڭ ئۆزگى-
رىشى ئاساسەن، ئاۋۋال تۇغۇلۇش، چوڭىيىپ تولۇش، ئار-
قىدىن كىچىكلەپ يوقىلىش تەرتىپى بويىچە دەۋرىي قى-
لىپ، تەكرارلىنىپ بارىدىغانلىقىنى روشەن بايان قىلغان.

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەلتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجىدا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر بىر بۇرجىدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم بول-
غان بەش پلانېتىنىڭ ئىچىدە ساتۇرن ۋە يۇپىتېرلارنىڭ

يىللىق ئايلىنىش دەۋرلىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھېسابلاپ ئېنىقلىنىپ چىقىلغان يىللىرىنى يەرنىڭ 12 بۇرج ئاساسىدىكى يىلغا سۇندۇرۇپ، ئۇنى بۇرج بويىچە كۆرسەتكەن. شۇ بويىچە ئالغاندا، ساتۇرىن پلانېتىسىدىكى بىر ئاي يەردىكى 12 ئايغا باراۋەر بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە ئېنىقلانغان ئاي سانلىرى بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ساتۇرىن پلانېتىسىنىڭ ئۈچ ئاي، يۇپىتېر پلانېتىسىنىڭ يېرىم ئاي پەرق قىلىدۇ، يەرگە سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان بىر بۇرج ۋاقىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئالغاندا ساتۇرىنىنىڭ 97.8 پىرسەنتكە، يۇپىتېرنىڭ 98.9 پىرسەنتكە يېتىپ بارىدۇ. بۇلاردىن، يۇلتۇز ۋە پلانېتلارنى كۆزىتىشنىڭ ھېچقانداق ۋاستىلىرى تېخى كەشىپ قىلىنمىغان ئەينى زاماندا، ئاددىي كۆزلەر بىلەن كۆزىتىپ، پلانېتلارنىڭ بۇرجلۇق ۋاقتىنى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرىنى) يۇقىرى ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىشتەك ئاسترونومىيە پېنىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىنى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرى ئىلمىي ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پلانېتلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا قالماي ئېكلىپتىكا بېسىپ ئۆتىدىغان، يىلنىڭ ھەر قايسى پەسىللىرىدە ئاسمان بوشلۇقىدا قوراللانمىغان ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى 12 بۇرجقا، يەنى زودىياك يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن:

ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك، 138
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۆي كېلۈر، 139
چەۋزا بىلەن سەرتان تۇرتۇشۇپ يۈرۈر.

ئېرۈر قوشنا بۇغداي بېشى، ئارسلان، 140
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەپ، مىزان.

كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق، 141
تۈغۈلسا بۇلار، كۆك بولغۇسى يورۇق.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا قۇياش، ئاي ۋە پلانېتلاردىن باشقا يەنە 12 بۇرجنىڭ بارلىقى تەكىتلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندا بىر - بىرى بىلەن قوشنا يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئىكەنلىكى ۋە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ھەر بىر بۇرجنىڭ بەلگىلىك پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

بۇ 12 بۇرج ئەمەلىيەتتە ئاسترونومىيىدە زودىياك دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى، يەنى ئېكلىپتىكا ئىچىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا ئوخشىتىش ئۇسۇ-

لى بىلەن ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ناملىرى قويۇلغان. مەسىلەن: قوزى (ھەمەل)، ئود (سەۋر)، ئەرەنتىر (جەۋزا)، قوچىق (سەرەتان)، ئارسلان (ئەسەد)، بۇغداي بېشى (سۇنبۇل)، ئۇلگى (مىزان)، چادال (ئەقرەپ)، (قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، كۆنەك (دەلۋە)، بېلىق (ھوت)، ئاسترونومىيەدە بۇ 12 بۇرج (زودىياك) يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ نامى شۇ بويىچە ھەر خىل تىللاردا ئاتىلىپ كەلمەكتە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قۇياشنىڭ ھەر قايسى بۇرجلاردا تەخمىنەن بىر ئايغىچە بولىدىغانلىقى ۋە بىر پەسىلدە قۇياشنىڭ ئۈچ بۇرجتىن ئۆتىدىغانلىقىغا ھەمدە ھەر قايسى بۇرجلاردىكى يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈنۈشلىرىگە ئاساسەن:

142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

دەپ 12 بۇرجنى ئۈچتىن، تۆتكە ئايرىپ چىققان.

ئالىم بۇ باياندا، ھەمەل، سەۋر، ھوت يۇلتۇز تۇركۇمىنى باھار بۇرجىغا؛ جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد يۇلتۇز تۇركۇمىنى ياز بۇرجىغا؛ سۇنبۇل، مىزان، ئەقرەپ يۇلتۇز تۇركۇمىنى كۈز بۇرجىغا؛ قەۋس، جەدى، دەلۋە يۇلتۇز تۇركۇمىنى قىش بۇرجىغا بۆلۈپ تۆت پەسىلنى ئايرىغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسمان جىسىملىرى توغرى-

سىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى ھازىرقى زامان ئاسترونو-
مىيىسىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە قارىغاندا، يېڭىلىق ھېسابلانما-
سىمۇ، لېكىن ئۆز دەۋرىگە كۆرە ئاسمان جىسىملىرىنى
بىلىش ۋە ئىزلىنىش يولىدا قازانغان زور نەتىجە، بو-
لۇپمۇ ساتورىن ۋە يۇپىتېر قاتارلىق پلانېتلارنىڭ يىللىق
ئايلىنىش دەۋرىنىڭ خېلى ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلىنىشى،
بۇرج (زودىياك) دەپ ئاتالغان 12 يۇلتۇز تۈركۈمى بو-
يىچە پەسىللەرنى ئايرىشى، قۇياشنىڭ پلانېتلار ئىچىدە
ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان بىردىن بىر ئاسمان جى-
سىمى بولۇپ، دۇنيا يورۇقلۇقىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىق ئىكەن-
لىكى، ئاي فازىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرتىپى، ئالمىشىپ
تۇرۇش سەۋەبلىرى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلى-
رى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتقىنى
يوق.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى سۇپىتىدە
ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلىرى
غايەت زور ئەھمىيەت ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆز قا-
راشلىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرگە ئۆز
دەۋرىنىڭ دىنىي ۋە فېئودallıق ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش
چەكلىمىسىگە ئۇچراشتەك تەرەپلەرنى ھېسابقا ئېلىش شەر-
تى ئاستىدا، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنى تەلەپ
قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىغا ئەمەس،
بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قوي-
غان يېڭى نەرسىلەرگە ئاساسەن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق

كۆز قاراش بىلەن توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم. بۇ نۇق-
تىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، شۇنداقلا ئۇ، جۇڭخۇا مىللەتلى-
رىنىڭ پەخرى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ شانلىق ئەسىرى
«قۇتادغۇ بىلىك» — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت
خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش روھى بويىچە، بۇ ئەسەرنىڭ جەۋ-
ھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق قارىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزلىنىش

غوپۇر ئىسمائىل، لى جيەنشىڭ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ ناماياندىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، پەلسەپە قاتارلىق ھەر خىل قاراشلىرىغا ئوخشاشلا ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەسەرگە باشتىن ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا توغرا ئىلمىي باھا بېرىش، شۇ ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈش — «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ھەقىقىي تۈردە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىشىمىزدىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ماقالىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن ئەخلاق توغرىسىدىكى ئىنتايىن مول كۆزقا-
راشلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز، پەقەتلا يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق قارىشى بىلەن ئۇنىڭ سىياسىي
قارىشىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلىش قارىشى،
كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، بەخت قارىشى ھەمدە ئەخلاق
تەربىيىسى قارىشى قاتارلىق بەش تەرەپتىن ئۇنىڭ ئەخلاق
قارىشىغا قارىتا دەسلەپكى بەزى قاراشلىرىمىزنىلا ئوتتۇرىغا
قويىمىز.

### 1. دۆلەتنى تۈزەشنى مەقسەت قىلغان ئەخلاق قارىشى

ئەخلاق ئىدىيىسى پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم بىر
تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو پەلسەپىسى، جۈملىدىن ئۇيغۇر
پەلسەپىسى ياۋروپا پەلسەپىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئوخشى-
مىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئى-
چىدە پەلسەپىنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمىگە، ئەخلاققا ئالاھىدە ئې-
تىبار بېرىش — ئۇنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.
بۇ خىل ئالاھىدىلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ
بىلىك» ئەسىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

ھەممىگە مەلۇم، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ياشىغان دەۋردە قاراخانىلارنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى
بۆرۈنقىغا قارىغاندا نىسبەتەن مۇقىملاشقان،
ئىگىلىك راۋاجلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن مۇددەت داۋام-
لاشقان ئۇرۇشلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال ھۆكۈمران
سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن
دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى،

ھەممە باي ـ ئامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر يەنىلا ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى. گۈللەپ ياشناش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر خىل بۇھران ئامىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇخىل ئىجتىمائىي مۇھىت بىر تەرەپتىن، قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملاشتۇرۇش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، خانلىق ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتەك ئوبيېكتىپ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئېھتىياجنى ئوتتۇرىغا قويغان. خۇددى كىتابنىڭ نەزمىي مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلغاندەك:

34 قارا، بۇ كىتابكى جىمىگە يارار،
بولۇپمۇ شاھلارغا، كى ئەل ـ يۇرت تۇتار.

مانا بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلىشىدىكى مەقسەتنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج ۋە مەقسەت ئۆز نۆۋىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەيلى ئۆزىنىڭ سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد ئىدىيىسىنى شەرھلەشتە بولسۇن ياكى دىنىي، ئەخلاق ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنى شەرھلەشتە بولسۇن، مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، بۇ ئىدىيىلەرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىنى بەلگىلىگەن.

ئەخلاق ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمدە شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر-

لى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنىڭ يىغىندىسى. ئۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، شەرەپ بىلەن نومۇس، راستچىللىق بىلەن ساختىلىق قاتارلىق ئەخلاق ئۇقۇملىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ھەرىكەتلىرىگە باھا بېرىدۇ ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ، ھەرخىل شەكىلدىكى تەربىيە ۋە ئامما پىكرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەردە تەدرىجىي ھالدا مۇئەييەن ئېتىقات، ئادەت، ئەنئەنە قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن رول ئوينايدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىسنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا قارىتا ئۆتكۈر سېزىمچانلىققا ئىگە بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا، ئۇ قاراخانىلارنىڭ ئىچكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى شەرھىلىگەندە ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان، ئۇنىڭ ئۇنۇمىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىگە خىزمەت قىلدۇرغان.

دەرۋەقە، ھەر قانداق بىرەر يېڭى تەلىماتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تەلىماتلارغا ۋارىسلىق

قىلغىنىغا ئوخشاشلا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق ئىدى-
يىسىنىڭمۇ قۇرۇقتىن قۇرۇقلا مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن
ئەمەس، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مۇتەزىل
ئىدىيە ۋە ھەرخىل ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك.
بۇ، يەنە دىن تەمسىلىگەن ئىدىيىۋى كۆز قاراشلارنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماركس ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيىنىڭ،
شۇنداقلا شەرقتىكى باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى
ئۈستىدە توختالغىنىدا: «بۇ دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ
ھوقۇقدارلىرىغا قارىتا ئېيتقاندا قۇرئان ھەم ئېتىقات، ھەم
قانۇننىڭ مەنبەسى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى①. ماركسنىڭ
خۇلاسىسى مىلادى 10 - ئەسىردىن باشلاپلا ئىسلام دىنى-
غا ئېتىقات قىلىشنى باشلىغان قاراخانىلارغىمۇ ئوخشاشلا مۇ-
ۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىس-
لام دىنىنىڭ ئېتىقاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى
ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاق قا-
راشلىرىنى شەرھىلەش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي سى-
ياسىي ئىدىيىسىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئېھ-
تىياجغا ئاساسەن، تەبىئىي ھالدا ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمران
ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىدېئولوگىيە بولغان دىندىن پايدىلان-
ماسلىقى، ئۇنىڭدىن ئىدىيىۋى قورال ئىزلىمەسلىكى مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل مۇشۇ
مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك» تە خان «كۈن-
تۇغدى»، ۋەزىر «ئايتولدى»، ئايتولدىنىڭ ئوغلى «ئۆگ-

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 10- توم، خەنزۇچە نەشرى، 141- بەت.

دۆلمش»، «ئودغۇرمش» تىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم هالدا ئادالەت ۋە قانۇن، بەخت هەم سائادەت، ئەقىل - پاراسەت، قانائەت ياكى ئاقىۋەتتىن ئىبارەت تۆت خىل ئەخلاقىي - پەزىلەتكە سىمۋول قىلغان هەمدە مۇشۇ تۆت پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋاب ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىسىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا باشتىن ئاخىر ئىزچىللاشقان. خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك:

358 سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدە دۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنا ئاچىلۇر.

مانا بۇ ئەخلاق قارىشىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە قانچىلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئەخلاقىي قارىشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي قارىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئالدىنقىسى كېيىنكىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دىنىي ئەخلاقنىڭ تەقدىرچىلىك، ئىتائەتمەنلىك، هېچنەرسىنى قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراشتەك تۈپ ئۆلچەملىرىدىن روشەن پەرقلەنگەن هالدا، ئېتىقاد

بىلەن ياخشىلىق قىلىش، ئەركىنلىك بىلەن تەقدىر ئوتتۇرىدا ئادەملەرنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى بولۇشى لازىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەمدە شۇ ئاساستا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىرادە ئەركىنلىكى ئارقىلىق بېھىشكە ياكى دوزاققا كىرىش يولىنى تاللىۋالالايدۇ، بەگلەر ئۆزىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىگە تايىنىپ دۆلەتنى تۈزەلەيدۇ؛ خەۋپنى خاتىرجەملىككە، ئاجىزلىقنى كۈچلۈكلۈككە ئايلاندۇرالايدۇ، دەپ ھېسابلىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە باشقا بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ شەرھلىنىشى ئادەمنىڭ ئىرادىسى نىسپىي ئەركىنلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىسلام پەلسەپىسىدىكى بۇ مەسىلىنىڭ ئاساسى ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان. تۆۋەندە بىز مۇشۇ مەسىلىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت خىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى قانداق شەرھلىگەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

## 2. ئادالەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ياخشىلىق قىلىش قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىرادە ئەركىنلىكىنى چىقىش قىلىپ، بېھىشكە كىرىش بىلەن دوزاققا كىرىشنىڭ يولى ئالدىن بېكىتىپ قويۇلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنى ھەر بىر ئادەم ئەركىن تاللىۋالالايدۇ، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ «ياخشىلىق قىلىش»، كۆپلەپ ياخشىلىق قىلغاندىلا دوزاقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ ئايتولدىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق

دەيدۇ؛

1295 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئوغلۇم ئىشتە
چەھەلنەمنى ياخشى قىلىقلە بېكىت.

226 ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلىمەك.

ئۇ كىشىلەرنى كۆپلەپ ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئەركىن، ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولى ئوچۇق، ياخشىنىڭ ئىشى بولسا ھامان ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق قىلىشنى؛

856 ئېلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق سۇپاتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلار يېتۇر.

857 قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۇتۇن ئېلىگە.
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.

858 تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپسىن دىمەس،
يەتكۈزگەن نەپىسچۈن بەدەل كۆزلىمەس.

دەپ قاراپ، ئۇنى دىنىي ئەقىدىلەردىكى ياخشىلىق قىلىش، «پەرز» دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويمىغان، شۇنداقلا يەنە مەخسۇس ئىسلزادىلار ئارىسىدىكى خەيرى - ساخاۋەت، ياخشىلىق قىلىشنىلا كۆزدىمۇ تۇتمىغان، بەلكى خەلققە پاي-

دا يەتكۈزۈش، ئۆز ئەپسىنى كۆزلىمەسلىك ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتقان. بولۇپمۇ ئۇ دۆلەتنى تۈزەش قائىدىلىرى ئۈستىدە توختالغىنىدا ئاساسلىقى دۆلەت باشلىقى، ۋەزىر قاتارلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە ياخشىلىق قىلىشىنى، «يامانغا بىر ئوت، ياۋغا ئاپەت» بولۇشنى، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇشنى، ھېچكىمنى بەگ ۋە قۇل دەپ ئايرىماسلىقنى كۆزدە تۇتقان. روشەنكى، بۇ تېخىمۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ھۆكۈمدارلار ۋە بايلارغا قارىتا ئېيتقاندا ياخشىلىق قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئاساسلىق ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى ئادالەتلىك بولۇش، يەنە بىرى خەيرى - ساخاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئادالەت ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئەخلاقىي پەزىلەت:

865 بەختلىك ياشاشقا دۇرۇسلۇق كېرەك،
كىشىلىك ئىتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك.

ئادالەت دېگەنلىك «تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى»، «تىلى، كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بولۇپمۇ ئادالەتلىك بولۇش ھوقۇقدارلار، تېخىمۇ مۇھىمى دۆلەت باشلىقى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، شۇڭا ئۇ

«كۇنتۇغدى ئېلىك» نى ئادالەتتىن ئىبارەت بۇ ئەخ-
لاقىي پەزىلەتكە سىمۋول قىلىدۇ. ئۇ ھوقۇقدارلار، بولۇپ-
مۇ دۆلەت باشلىقىنىڭ ئادىل - ئادىل ئەمەسلىكى قانۇن-
تۈزۈمدە ئىپادىلىنىدۇ، ئادالەت — ئادىل قانۇن، قانۇن-
لۇق ھەرىكەتلەر دېگەنلىك بولىدۇ، ھۆكۈمدارلارغا قارىتا
ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل
بولۇشى، ئىشلارنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىشى، ھېچكىم-
نى بەگ ۋە قۇل دەپ ئايرىماسلىقى لازىم دەپ قاراپ
مۇنداق دەيدۇ:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشنى،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشنى.

817 كىرىدىڭ ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

شۇڭا ئۇ كۇنتۇغدى ئېلىگنى يەنە قانۇنغا سىمۋول قى-
لىدۇ. بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ ئادالەتنى ھۆكۈمدارلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك
بولغان ئەخلاقىي پەزىلەت دەپ قارىشى ئەقلىغا مۇۋاپىق
ئىدىيە بولۇپ، ھازىرمۇ ئوخشاشلا ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتنى نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمدار-

لار ھازىرلاشقا تىرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەخلاقىي پەزىلەت
دەپ قارايدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ:

821 ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۈلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

ئىكەنلىكىنى، پەقەت:

822 ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئەدىل بىرلە بەگ،
تىلەك ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

ئىدىن دۆلەت مۇستەھكەملىنەلەيدىغانلىقى، ھالاكەتتىن
ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا،
ئادالەتلىك بولۇش ھەر بىر ھۆكۈمدارنىڭ ياخشىلىق قى-
لىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم ئەخلاقىي
پەزىلەت دەپ قارىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ ئادالەتنى ھۆكۈمدارلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشى-
دىكى مۇھىم مەزمۇن دەپ قارىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى قا-
راخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بايلىق بىلەن نامرات-
لىقنىڭ تەكشىسىزلىكى، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئادالەت-
سىزلىك قاتارلىق رېئاللىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆر-
گەن، شۇڭا، ئۇ دۆلەت باشلىقىنى قانۇن - تۈزۈم ئىج-
را قىلىشتا ئادىل بولۇشقا، ئادالەتنى كەم بولسا بولماي-
دىغان ئەخلاقىي پەزىلەت دەپ قاراشقا ئۈندەيدۇ، بۇ

گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى شەرت - شارائىت ئاستىدا ئەمەل گە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغان پىكىر بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر خىل ئىلغار ئىدىيە ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەيرى - ساخاۋەت قىلىشىمۇ ھۆكۈمدارلار ۋە بايلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا ئۇلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاقىي پەزىلەت دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، بايلار يوقسۇل لارغا، يار - يۆلەكسىزلەرگە خەيرى - ساخاۋەت قىلىشى، ياخشىلىق قىلىشى كېرەك:

1367 بالا - زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىنىڭ ھەم قولۇڭدىن سۆيۈنسۇن خەلق.

1368 ئىسەنلىك چېغىڭدا ياخشىلىق ئاشۇر،
تاۋار - مال بارىدا ئۆلەشتۇر، يىدۇر،

مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياخشىلىققا ياخشىلىق ئالسەن، بېھىش كە كىرىشنىڭ يولىنى تۈزلىيەلەيسەن، دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەيرى - ساخاۋەتنى ياخشىلىق قىلىش نىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارىشى مەلۇم مەنى دىن ئېيتقاندا، قاراخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بايلىق بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىمۇ قارشىلىقنى نورماللاشتۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ يەردە بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنى بۇ مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ياخشىلىق قىلىش بىلەن مال - مۈلۈك

نىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىكى. ئۇ ئېنىق
قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

3979 جىمى ياخشىلىققا يولچى ئىرۇر مال،
جىمى دەرتلەر ئۈچۈن ئەمچى ئىرۇر مال.

3983 ئىلىم، بەرمەككە يوق بولسا ئەر مىلى،
پۈتۈن ياخشىلىققا قىسقىدۇر قولى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى بىر تەرەپ-تىن ئۇنىڭ سىنىپىي مەيدانىنى چىقىش قىلىپ پەقەت مال - مۈلكى بولغان دۆلەتمەنلەر ئاندىن ياخشىلىق قى-لالايدۇ، ياخشىلىق قىلىشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئەخلاق بىلەن ئىقتىساد، مال - مۈلۈك-نىڭ باغلىنىشىنى ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈپ يەت-كەنلىكىنى، ئەخلاق بىلەن ياخشىلىق قىلىشنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ياخشىلىق قىلىشنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ئىپادىسىنى، بولۇپمۇ ئادالەتنى شەرھىلەشتىن سىرت، يەنە باشقا بەزى ئىپا-دىلىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى — پەيغەمبەر ئەۋ-لادلىرى، ئالىملار، تېۋىپلار، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەر-لەر، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، پېقىرلار بىلەن قان-

داق مۇناسىۋەت قىلىش لازىملىقىنى كونكرېت بايان قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: دېھقانلار بەك كېرەكلىك كىشىلەر، ئۇلارنىڭ قولى، دىلى كەڭ بولىدۇ، «تاپار ھەممە ئۇندىن يىمەك تەمىنى»، شۇڭا:

4418 بۇلارغا قوشۇلغىن، قېتىلغىن ئۆزۈڭ،
قىلىپ ياخشى سۆزنى، ئوچۇق تۇت يۈزۈڭ.

چارۋىچىلار بەك ئاق كۆڭۈل، چىن، راستچىل كېلىدۇ، قېمىز، سۈت، يۇڭ، ياغ، قېتىق، قۇرۇت ئىشلەپچىقىرىدۇ، كىيىم - كېچەك، ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى، قاتناش قوراللىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا:

4444 قېتىلغىن، قوشۇلغىن، يېدۈر ھەم ئىچۈر،
دۇرۇسلۇق ئىچىدە تىرىكلىك كۆچۈر.

قول ھۈنەرۋەنلەر ناھايىتى كېرەكلىك كىشىلەر، بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى، جاھاندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار شۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، شۇڭا:

4462 ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى تېز بەر،
يېدۈرگىن، ئىچۈرگىن، ئاشنى كەڭرۇ بەر.

دەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي پەزىلەتتىن سىرت يەنە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدە بولغان كەسپىي ئەخ-

لاقىي پەزىلەتلەرنىمۇ كونكرېت شەرھلەيدۇ. گەرچە ئۇ كەسپىي ئەخلاقىي پەزىلەت كاتېگورىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە دۆلەتنى تۈزەش، خاتىرجەملەندۈرۈش مەقسىتىنى دەۋر قىلغان ھالدا كەسپىي ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ كۆپلىگەن كونكرېت مەزمۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: دۆلەت باشلىقى ئاق كۆڭۈل، تىلى تۈز، خۇلقى ئۈز، ئاقىل ھەم بىلىملىك، ئەل سۆيەر، كۆزى توق، دىلى كەڭ، سېخى بولۇشى كېرەك؛ ۋەزىر ئەقلى كۆپ، ئىلمى دېڭىز، دۇرۇس، كۆزى توق، كىچىك پېئىل بولۇشى كېرەك؛ ئەسكەر باشلىقى جەسۇر، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، مۇلايىم، ئەقىللىق، تەمكىن بولۇشى كېرەك. بۇلاردىن سىرت، يۇقىرىقىلار ھۆكۈمدار بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە سەممىي - سادىق، كەڭ قوساق، ئۆزىنى تۇتقان، كەمتەر، ئېھتىياتچان، مۇلايىم بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. بۇ ئالاھىدە بولغان ئەخلاقىي پەزىلەتلەر ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي كاتېگورىيىگىمۇ مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەتنى رەتكە سېلىش، فېئودال سۇلالە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللاش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئۆلچەم ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەتنى تۈزەش لايىھىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ۋ. «ئىككى دۇنيادىكى بەخت - سائادەت» يولىدا ئىزلىنىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى

كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تۈپ قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۇنيا قارىشىنىڭ ئىپادىسى ۋە تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئەخلاقىتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشقا قانداق قاراش، بەخت - سائادەتكە ۋە بەخت - سائادەت يولىدا ئىزلىنىشكە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى مەسىلىسى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە، دىندىكى مۇھىم بىر مەسىلە؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ دۆلەتنى تۈزەش يولىنى، چارە - تەدبىرلىرىنى ئەتراپلىق شەرھلەشتە ھەل قىلماسا بولمايدىغان مۇھىم بىر مەسىلە. ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىگە «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ نام بېرىشتىكى مۇھىم بىر مەقسىتى خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك كىشىلەرنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت:

> 350 كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
> قۇتاتسۇن ئوقۇغچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

بارلىق دىنلار بەخت - سائادەتنى ھامان ئۇ دۇنيادىكى بېھىشكە مەنسۇپ نەرسە دەپ قارايدۇ. ئۇلار

تەقدىرچىلىك قارىشىنى چىقىش قىلىپ كىشىلىك تۇرمۇشىنى بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ، ئۆلۈم پەقەتلا بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانى ئۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك، بۇ دۇنيادا دىنىي ئەقىدىلەرگە سادىق بولسا، پەرزلەرنى ئادا قىلسا، جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداشلىق بېرەلىسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا مۇقەررەر ھالدا بېھىشكە كىرىدۇ، شۇنچە بەختلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل «بەخت - سائادەت قارىشى» مۇقەررەر ھالدا ئۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنىڭ كويىدىلا بولۇپ كېتىدىغان تەقدىرچىلىك ئاساسىدىكى ئۈمىدسىزلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاكىمىيەتنى رەتكە سېلىش، دۆلەتنى تۈزەش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، خانلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تەقدىرچىلىك ئاساسىدىكى بۇ خىل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تەشۋىق قىلىشى روشەنكى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ، ئادەمنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئادەم ئۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتكە ئىنتىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتكە ئىنتىلىشكىمۇ جۈرئەت قىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلاپ:

3975 يامان ئەرمەس ئەمدى بۇ دۇنيا قۇتىن —
تېپىپ، بىلسە ياشاشنى، چىقارسا ئېتىن.

دەيدۇ. ئۇ مۇتەزىل دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى پەس كۆرىدىغان، ھەممە ئىشنى ئىلاھنىڭ ئىرادىسىدىن، تەقدىردىن بولىدۇ، دەپ قارايدى-

مان تەقدىرچىلىك قارىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ،

3652 جاھان خەلقى بارچە شەھەر - كەنت قويۇپ،
چىقىپ ئالسا تاغقا بولىيۇق يۈك يۈدۈپ.

3653 بۇزۇلغاي جاھان، بارچە قالغاي قۇرۇپ،
ئادەم باللىرىدا كېسىلكەي ئۇرۇق.

ئۇ يەنە يۈرەكلىك ھالدا ئادەملەرنىڭ ماددىي راھەت يولىدا ئىزلىنىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماددىي راھەتنىڭ بولۇشى يامان ئىش ئەمەس، ئادەم ئۈچۈن تاماق ۋە كىيىم - كېچەك لازىم، بۇ ھاياتنىڭ زۆرۈرىيىتى:

3665 بەدەن ياپقىلى تون، تويماق ئۈچۈن ئاش،
تىرىككە بۇنىڭدىن كېچىش يوق، قاياش.

3666 ھالالدىن تېپىپ مال يىمەكلىك كېرەك،
يوقسۇلغا بىر قىسمىن بەرمەكلىك كېرەك.

دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەلۋەتتە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر دىنىي مۇخلىس، ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئاستىدا ئۇنىڭ ئۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇ بۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى «تۇراقسىز» بولىدۇ دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنى مەدھىيە-

لەيدۇ، كىشىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ ھالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىرىكچىلىك يولىدا ئاچچىقلانماسلىققا، بۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىپ ئىزلىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئاستىدا مۇتەزىل دىنىي ئەقىدىلەرگە خىلاپ بولغان، ئىنتايىن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغان بىر خىل ئىدىيە. ئۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كىشىلەرنى بۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەت يولىدا تىرىشىپ ئىزلىنىشكە دەۋەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ پانىي دۇنيا، باقىي دۇنيادىن ئىبارەت ئىككى دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزلىنىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى دەلىللەيدۇ، ئۇ خۇدا ئىككى دۇنيانى ياراتتى، ئادەملەردىكى ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى پۇت، ئىككى قول بولسا مۇشۇ ئىككى دۇنيانى تۇتۇش ئۈچۈن يارىتىلغان، ئىنسانلار مۇشۇ ئەزالىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىككى دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى تۇتۇشى كېرەك، «بىرىن تاپساڭ، ئىزلە ئۇ بىرىن ھامان» دەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئىككى دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزلىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك:

351 سۆزۈم سۆزلىدىم مەن، پۈتىدىم بىتىك،
سۆزنۈپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئىلىك.

352 كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جاھان،
بەختلىك بولۇر، بۇ سۆزۈم چىن ھامان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ خىل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە ئىدېئولوگىيە شارائىتى ئاستىدا دىنىي رامكىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر خىل ئاكتىپ، ئۈمىدۋار بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولۇپ، مۇنتەزىل دىندىكى پاسسىپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان تەقدىرچىلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ، ئۇ كىشىلەرنى ئۈمىدۋار بولۇشقا، رېئاللىققا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا، بۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەت يولىدا ھارماي ئىزلىنىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز سىنىپىنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرى ۋە ئىسلاھاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، 1055 - يىلدىن كېيىن، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىشقا ئەگىشىپ، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، پۈتۈن ئەرەب رايونىنىڭ سوپىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى يامرىغان دىنىي ئەسەبىيلىك مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزنىڭ دۆلەتنى تۈزەش، ئەلنى خاتىرجەم قىلىشتەك ئىدى-

يىسى، لايىھەسىنىڭ مۇقەررەر ھالدا قاراخانىلاردا خېلى
سالماقنى ئىگىلىگەن سوپىزىم مۇرىتلىرىنىڭ قارشىلىقىغا
ئۇچرىغانلىقى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئېشىش
مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەزىدە، بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىل-
لەردە ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىنىش، دۇنيادىن بىزار بولۇش،
تەركىدۇنيالىقتەك روھىي كەيپىياتلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.
بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان زىددىيەتلىك دەۋردى-
كى زىددىيەتلىك ئىدىيەلەرنىڭ ئىنكاسى. يۈسۈپ خاس
ھاجىپ ئىسلاھاتچى ۋە مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بى-
لەن بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى
ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەمەس، بىز ئۇنىڭ-
غا قارىتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تارى-
خىي تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز ۋە باھا بېرىشىمىز لازىم.

## 4. بىلىمنى يادرو قىلغان بەخت قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ مەقسى-
تى ئىككى دۇنيادىكى بەخت - سائادەت، ماددىي راھەت
يولىدا ئىزلىنىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قى-
لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەخت - سائادەت ماددىي را-
ھەتتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن،
بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى بىلىملىك ۋە ئەقىل - پاراسەت-
لىك بولۇشتىن ئىبارەت، پەقەت بىلىم ۋە ئەقىل - پارا-
سەتلا ياخشىلىق قىلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ، بىلىم ۋە ئەقىل -
پاراسەت بولغاندىلا دۆلەتنى ياخشى باشقۇرغىلى، قانۇن

ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولغىنى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداقلا، پەقەت بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت ئېلىپ كەلگەن بەخت - سائادەتلا ئۇزۇن مۇددەتلىك بولىدۇ، مەڭگۈلۈك بولىدۇ، تەننىڭ ھاۋايى - ھەۋەسىدىن كەلگەن بەخت بولسا تۇراقسىز بولىدۇ دەپ قاراپ كىشىلەرگە،

3346 ھاۋاغا بېرىلمە، ئەقىل بىرلە كەس،
ئېتىنىڭ باش كۆتەرسە، بىلىم بىرلە باس.

دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاساسلىق ئەقىلنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق بىلىم يولىدا ئىزلىنىشنى، شۇ ئارقىلىق ئەڭ زور، مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ كىتاب نامىنى «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ قويۇشى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرگە بەخت - سائادەت، خۇشال - خۇراملىققا ئېرىشىشنىڭ سىرى باشقا يەردە بولماستىن، دەل ئىدراكنىڭ كۈچى بىلەن پەننى بىلىملەرنى ئىگىلەشتە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارلاردا بىلىم بولسىلا ئاندىن دۆلەتنى باشقۇرالايدۇ، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولالايدۇ، ياخشىلىق قىلالايدۇ؛ بىلىم بولغاندىلا ئەڭ زور بەخت - سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئەمەلىيەتتە بىلىمنى يادرو قىلغان بەخت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنى

ئۆزىنىڭ دۆلەتنى تۈزەش لايىھىسىنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلغان. ئۇ ھۆكۈمدارلارنى، ئىختىساسلىقلارنى تاللاشتا ئۇلار نەسلى ئىسىلزادە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ناھايىتى كۆپ سەھىپىلەرنى ئاجرىتىپ، ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ھىكمەتلىك شېئىرىي جۈملىلەر ئارقىلىق بىلىمنىڭ كۈچى ۋە رولىنى مەدھىيىلەيدۇ:

150 بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

288 ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك ھىكمەتلىك سۆزلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي جاھالەتچىلىكى شارائىتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ خۇددى مۇئاتازىلاخىزمىچىلارنىڭ «ئادەمدىكى ئەڭ گۈزەل زىننەت — بىلىم»، «ئالىملارنىڭ سىياسى — شېھىتلەرنىڭ قېنىدەك ئىززەتلىنىشى كېرەك» دېگەندەك ھىكمەت-

لىك سۆزلىرىگە، يېقىنقى زامان ماتېرىيالىزمچىسى بېكوننىڭ «بىلىم — كۈچ» دېگەن چاقىرىقلىق شوئارىغا ئوخشاشلا بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرىنى چېچىپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق ھالدا چاقناپ، بىزنى ئىلىم - پەن يولىدا ھارماي ئىزلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنى مەدھىيىلىگەندە، ئۇنىڭ كۈچى ۋە رولىنى ئادەتتىكى مەنىدىن مەدھىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئەخلاققا تەتبىقلايدۇ، ئۇنى چوڭقۇر ئەخلاق مەنىسىگە ئىگە قىلىدۇ، بىلىم بىلەن ئادالەت، ياخشىلىق قىلىش، بەخت - سائادەت قاتارلىق ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنى ئورگانىك ئاساستا زىچ بىرلەشتۈرىدۇ، شۇ ئارقىلىق بىلىمنىڭ ئەخلاق ھەرىكەتلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تۇرغۇزىدۇ. ئەخلاق ئىدىيىسى تارىخىدا سوكرات «بىلىم — ئەخلاق» دېگەن ئىدىيىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەخلاق بىلەن بىلىمنىڭ بىرلىككە ئاساس سالغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «بىلىم — بەخت» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەخلاق تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئېچىپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى تەرەققىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى بولۇپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 5. ئائىلىنى ئاساس قىلغان ئەخلاق تەربىيىسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى تۈزەش، دۆلەت

نى باشقۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەلىم - تەربىيـ-
گە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە
توغرىسىدىكى ئىدىيىسىدە ئەخلاق تەربىيىسى بولۇپمۇ كەۋ-
دىلىك ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ تەلىم - تەربىيىنىڭ مەقسىتى
دۆلەتكە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، خۇدانى
ئىززەتلەيدىغان ھۆكۈمدارلارنى تەربىيلەش، پايدىلىق ئا-
دەملەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك دەپ
ھېسابلايدۇ، مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ياشلارغا ئۆ-
زىنىڭ ياشلىقىنى زايە قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

360 تىرىش، توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان!

پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپلا ھەر خىل بىلىملەرنى
ئۆگىتىش، بولۇپمۇ ئۇلارغا ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە
بېرىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ:

1489 قاراپ تۇر، ئۆگەت ئاتا ئەردەم، بىلىك،
بىلىم پەزىلە بولسۇن ئەلگە يېتىك.

1490 يېتىلسۇن، تۈزەتسۇن قىلىق - ھەركىتىن،
لاياقەت بىرلە ئۇ تاپسۇن خىزمىتىن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بايانلاردىن قارىغاندا، يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى

ئائىلە تەربىيىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان:

4504 ئوغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4505 ئېرىق ياخشىنى ئال ئىنىڭگە قىلىپ،
ئوغۇل - قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

ئائىلە تەربىيىسىدە ئۇ ئاتا ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيىسىنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ:

1486 ئوغۇل - قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يانا.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيلى خوپ.

1224 كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا،
ئوغۇلدا گۇنا يوق، ئاتاغا جاپا.

شۇڭا، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۇلارغا بىلىم ۋە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىشى، ئۆزى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. شۇندىلا پەرزەنتلەر بەخت تاپىدۇ، ئاتا - ئانا بولغۇچىلارمۇ

بەختلىك بولىدۇ؛ پەرزەنتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى
تەربىيىلىمەسلىك ئۆزىگىمۇ، پەرزەنتلەرگىمۇ بالايى - ئا-
پەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ؛

1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.

1223 كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى - قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ رو-
لىغا ئېتىبار بىلەن قارىشى، ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنت-
لىرىگە ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشتىكى رولىغا ئېتىبار بى-
لەن قارىشى، پەرزەنتلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنى ئوت-
تۇرىغا قويۇشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەينى ۋاقىت-
تىكى رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش بولسىمۇ، ئەمما
بۇ ئىدىيىلەرنىڭ ئۆزى ھازىرمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە
بولۇپ، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مەدەنىيەت-
لىك، ئەدەبلىك بولۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ
كۆلەمدە قانات يايدۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭغا زىچ ماس-
لىشىش، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىنى
بىرلەشتۈرۈش، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىر ئەۋلاد
مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشتا
بىز ھەر بىر ئاتا - ئانا بولغۇچىغا قارىتا ئېيتقاندا بىر
خىل قوزغىتىش، رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە،

تارىخىي چەكلىمىلىك ۋە سىنىپىي مەيدان قاتارلىق تەرەپلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىمۇ نۇرغۇنلىغان فېئوداللىق ئەخلاق قاراشلىرىدىن خالى بولالمىغان، بۇلارغا قارىتا تارىخىي ئاساستا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پرىنسىپى بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز، ئۇنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ ئاكتىپ مەزمۇنلىرىنى تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاسسىپ تەرەپلىرىنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلىنىڭ باشقا ھەرقايسى تەرەپلىرىدە، مەسىلەن: نىكاھ، ئائىلە، مەجبۇرىيەت، ۋىجدان، ئەخلاقىي باھا قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ مول ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ماقالىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم نۇقتا بۇ تەرەپلەر بولمىغاچقا، بۇ يەردە بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمايمىز.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئەقلىگە مۇۋاپىق نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھازىر مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق قارىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نامايەندىسى بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەخلاق قارىشى تارىخ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىلغار ئەخلاق قارىشى.

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ

# «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىزلىرى

غەيرەتجان ئوسمان

ئىجتىمائىي ئاڭ — ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئورىۋالغان مۇھىتقا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ۋە ئىجتىمائىي جەريانلارغا نىسبەتەن ھاسىل قىلغان بىلىشى.

ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مەزمۇنى مەيلى توغرا، مەيلى ناتوغرا بولسۇن، ھەتتا خام خىيال بولسۇن، پۈتۈنلەي ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئۇلارنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتتۇر.

ئىجتىمائىي ئاڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتكە بېقىندۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت، ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئىجتىمائىي ئاڭمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭدىمۇ قاچانلا بولمىسۇن ئۆزگىرىش بولۇشى مۇقەررەر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي ئەمەلى-

پەت جەرياندا ئۆزىگە خاس بولغان ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلەپلىرىنى توغرا ياكى بىر قەدەر توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ غايىۋى قورالىغا ئايلانغان. ئۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىشقا تەشكىللەشتەك ئىلغار رولىنى جارى قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى 11 - ئەسىردە ئۆتكەن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى، تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلۈش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى رەسمىي، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىدىيە سىستېمىسىغا ئايلانغان.

بۇ خىل ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بەزى ئىزلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنۇپ، ئۇستازلاردىن مەسلىھەت ئالماقچى:

شىنجاڭ رايونى دۇنيادىكى قەدىمكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت (جۇڭگو، ھىندى، گىرېك)، ئۈچ چوڭ دىن (بۇددا، خىرىستىيان، ئىسلام دىنلىرى)، ئۈچ چوڭ ئىقتىساد (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك)، ئىككى چوڭ كارۋان يولى (قەدىمكى بىرونزا يولى، يىپەك يولى) ئۇچراشقان، كېسىشكەن ۋە ئۇچراشقان بىر ئۆتكەل ئىدى.

بۇ يەردىكى رەڭگا - رەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى، خىلمۇ خىل دىنىي ئېتىقات ئىزلىرى، ھەر خىل تىل - يېزىقلار كۆپ تېپىلىشى شىنجاڭدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىلىمگە قىزىقىش، ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش روھىنىڭ ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئورخۇن دەۋرىدىكى «مەڭگۇ تاشلار» دا بىلىملىك كىشىلەرنىڭ دۆلەتنى تۈزەپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغانلىقى؛ بىلىمسىزلىك - نادانلىق زەئىپلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقى قاتتىق ھەسرەتلىك تۇرلار بىلەن باياز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» (شەرق تەرەپ 3 - قۇر) دا بۇمىن قاغان، ئىستەمى قاغانلارنى تىلغا ئېلىپ: «ئىككىسى ئارىسىدا بەك تەشكىللىنىز بولغان كۆك تۈرك خەلقى شۇنداق ئولتۇراتتى. بىلىملىك قاغان ئىدى، باتۇر قاغان ئىدى ... يۇرتنى ئىدارە قىلىپ، تۆرپ - ئادەت، قانۇنلىرىنى رەتكە سالدى.» دەپ بىلىملىكلەر مەدھىيلەنگەن بولسا، بىلىمسىزلىك ھەققىدە: «ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئىنىسى چوڭ ئاكىسىغا ئوخشاش قىلالمىدى. ئوغلى دادىسىغا ئوخشاش بولالمىدى. بىلىمسىز

ئادەم خاقانلىقتا ئولتۇردى. يامان ئادەم خاقان بولدى. بۇيرۇقمۇ بەك قابىلىيەتسىز ئىدى ... (ئاخىرى) تۈرك خەلقى ئۆز يۇرتىنى قولدىن بېرىپ قويىدى ...» دەپ يېزىلغان.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى بولغان ماقال - تەمسىللەردىن خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلار ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ھەققىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ:

تېكىستى: بىلىگ ئەرىگ ئەزگۈ تۇتۇپ سۆزىن ئەشىت،
ئەردەمىنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا ①.

يەشمىسى: (بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ سۆزىنى ئىشىت،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمنى قەدىرلەش، بىلىملىكنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىۋى پەزىلىتىنى ئەڭ تولۇق ۋە ياخشى چۈشەنگەن ئالىم ئىدى. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تە «بىلىم» مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئەسىرىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە «بىلىم» نى بىر قىزىل يىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ توپ ئىدىيىسىنى مۇشۇ ئارقىلىق ئىپادىلىدى. شۇڭا يۈسۈپ خاس

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 455- بەت.

ھاجىپ ئۆز ئەسىرىگە «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سا-
ئادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) دەپ نام قويدى ۋە دۆ-
يادا ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە «بىلىم» دەپ تەنتەنە بىلەن جا-
كالىدى. نادانلىق، بىلىمسىزلىكلەرنى قاتتىق نەپرەت ئاس-
تىغا ئالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىدا خاقانلاردىن
تارتىپ، تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارغىچە بىلىملىك بولۇش-
نى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن:

150 بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

دەيدۇ.

شائىر كىشىلەر بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش
ئەمەس، بەلكى خەلققە، جەمئىيەتكە ئىشلىتىش ئۈچۈن
ئۆگىنىش كېرەككى، پايدىسىز نەرسىنى ئۆگەنمەسلىكنى
تەلەپ قىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ ھەرقانچە كۆپ بىلىمى
بولسىمۇ ئۇنى خەلققە، جەمئىيەت مەنپەئەتىگە ئىشلەتمىسە
ئۇنداقتا، ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن يۈك، ھەتتا زىيانلىق دەپ
قارىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىر شارائىتىدا،
بىلىم ئەھلىنىڭ كەسپلىشىشكە قاراپ مېڭىشىنى ئوتتۇرىغا
قويغان ئىدى. كەسپلىشىش بولمىسا، جەمئىيەت تەرەققىي
قىلمايدۇ، ھەرقانداق ئادەم مەخسۇس كەسپ ئەھلى بو-
لۇشى كېرەك. ئۆز كەسپى ساھەسىدىكى بىلىمنى بېرىنچى
ئورۇنغا قويۇش لازىم.

214 گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

215 ئەقىل ۋە بىلىم ئول ئۆز ئەرسىدۇر ئەڭ،
ئەگەر بولسا ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە تەڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا فېئودالىزم روھىي كىشەنلىرىگە قارىماي «بەخت كەلتۈرگۈچى — بىلىم» دەپ تەنتەنىلىك جاكالىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن بېرى ئۇلغىيىپ، زور ئېقىنغا ئايلانغان ھەيۋەتلىك ساداسىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك مۇتەپەككۇرلار ئارقىلىق خۇددى چوڭ سورۇنلاردىكى شوئار توۋلىغۇچىلاردەك توۋلىنىشى ئىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە يولباشلىغۇچىلارنىڭ ئورنى ۋە رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ كەلدى. يەنى، ئەمگەكچى خەلق بىرەر زور پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن، يولباشلىغۇچىلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ تەلەپ ئارقىسىدا يولباشلىغۇچىلار ۋە داھىلار مەيدانغا كېلىدۇ.

ھەر قانداق بىر دەۋردە كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىرەر زور پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن، بىر ئورتاق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپەرۋەر قىلىنىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئەمگەكچى ئامما ئۇلۇغ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۇ-

زىڭە يات بولغان كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلالايدۇ. لېكىن
ئەمگەكچى خەلقنىڭ پائالىيەتلىرى تەلەپ قىلغان بىر
ئورتاق ئىدىيە ئۆز - ئۆزىدىن پەيدا بولمايدۇ. بەلكى
خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان، ئۇلارنىڭ
ئارزۇ - تەلەپلىرىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ ئارزۇ - تەلەپ-
لەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولغان يولباشلىغۇچىلار، مەش-
ھۇر شەخسلەر تەرىپىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇ-
ڭا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ پائالىيەتلىرى پىشىپ يېتىلگەن
چاغدا، ئۇ ئاۋۋال ئاز سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوزغىتى-
لىدۇ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. مەشھۇر شەخسلەر بولسا
تەشەببۇس قىلغۇچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى بولۇپ رول ئوي-
نايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ زور پائالىيەتلىرى يولباشلى-
غۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشمىسە غەلىبە قى-
لالمايدۇ. بۇ توغرىدا لېنىن: «تارىختا بىرەر سىنىپ ئە-
گەر ئۇ ھەرىكەتنى ئۇيۇشتۇرالايدىغان ۋە ھەرىكەتكە رەھ-
بەرلىك قىلالايدىغان ئۆز سىياسىي يولباشلىغۇچىلىرىنى
ئۆزىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىنى مەيدانغا چىقارمىغان بولسا
ھۆكۈمران سىنىپ بولالمايتتى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى يول-
باشلىغۇچىلار مەسىلىسىگە جىددىي ئېتىبار بىلەن قارىدى.
قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان
«توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرى توغرىلىق رى-
ۋايەتلەرنىڭ ھەر قايسىسىدا يولباشلىغۇچى بولۇشنىڭ
زۆرۈرلۈكى مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم مەسىلە قاتارىدا سۆز-
لەنگەن. مەسىلەن: ئاتاقلىق پارس تارىخچىسى رەشىد-

دىن (مىلادى 1247 — 1307- يىللار) «جامى ئۇت تە-ۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى يازغان:
«خاڭگەي تېغىنىڭ باغرىدا ئون ئېقىن بار ئىكەن. بۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئون ئوغۇز (ئون ئۇي-غۇر) قەۋمى دەپ ئاتىلىدىكەن. خاڭگەي تېغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە توققۇز ئېقىن بار ئىكەن. ئۇ يەردە ياشاي-دىغان ئۇيغۇرلار، توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر) دەپ ئا-تىلىدىكەن. بۇ ئىككى جايدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقساقىلى يوق ئىكەن. يىللار ئۆتۈپتۇ، كۈن-لەر ئۆتۈپتۇ، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى قەۋ-مىنىڭ ئىچىدىن كۈچلۈكرەك بىرى چىقىپ، باشقىلارغا ئاق-ساقال بولىدىكەن - دە، ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇر قەۋ-مىگە يولباشچىلىق قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە ئىككى يولباشچى بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئون ئۇيغۇرلار قەۋمىدىن ئىككى كىشىنى يولباشچىلىققا سايلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى «ئېلچۇر»، يەنە بىرى «كۆل ئېركىن» دەپ ئاتىلىدى-كەن. بۇ ئىككى يولباشچىنىڭ ئۆزى ۋە ھوقۇقى بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.»
گەرچە بۇ رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۇي-غۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى يولباشلىغۇچىلارنىڭ بولۇشىنى سەمىمي ئۈمىد قىلىدىغان ئورتاق ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.
بىز «مەڭگۈ تاش» لاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر جەم-

ئىيتىدە يولباشلىغۇچىلارنىڭ ئورنىنىڭ ۋە رولىنىڭ قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىمىز. «بىلىگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (8-، 9-، 10-قۇر) دا مۇنداق جۈملىلەر بار: «(تۈرك خەلقى) سىلەرنى تەربىيىلەۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ھەر تەرەپكە كەتتىڭلار، ھەممىڭلار ئۇ يەردە يوقىتىلدىڭلار، ھالسىز ھالەتكە يەتتىڭلار، ئۇ يەردە قالغىنىڭلار ھەر يەرلەردە ئاجىزلاپ، ئۆلەر ھالغا بېرىپ قالدىڭلار. تەڭرى ئىلتىپات قىلغىنى، ئۆزۈمنىڭ بەختىم بارلىقى ئۈچۈن قاغان بولدۇم، قاغان بولۇپ ئاچ - كەمبەغەل خەلقنى پۈتۈنلەي توپلىدىم، كەمبەغەل خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، بولمىسا بۇ سۆزۈمنىڭ يالغىنى بارمۇ؟»

«... ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر، ئىككى ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارالغان، ئىنسان ئوغلىنىڭ ئۈستىگە، ئەجدادىم بۇمىن قاغان، ئىستەمى قاغان قاغان بولۇپ، تۈرك خەلقى ئېلىنى، قانۇن، ئۆرپ - ئادەتنى ساقلاپ قالدى، تەرتىپكە سالدى. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىدە دۈشمىنى بار ئىدى، ھەممىسىنى ئالدى، ھەممىسىنى بويسۇندۇردى؛ بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، شەرقتە قېدىرخان ئورمانلىقىغىچە، غەربتە تۆمۈر قاپقىغىچە يېتىپ باردى ...» دېيىلگەن.

مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقنىڭ يولباشچىلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ھېسسىياتىنى ھەققىي چۈشەنگەن:

4153 ئۇلۇغقا ھۆرمەت بۇ جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۆتۈپ ئال ئۇنى.

2371 يېشى چوڭ، جەسۇرلار كۆرەشچىنىنى —
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

3144 يارامىلىق تېتىكلەر كۆپ ئولسا ئەلدە،
تاپۇر بەگ ئاسايىش ئىشلار ئەمەلدە.

بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يولباشلىغۇچىلار قانچىلىك ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يولباشلىغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ:

5202 بەگلەر — باش، قاياققا ماڭسا ئەل بېشى،
ئاڭا ئەگىشۇرلەر بۇ بارچە كىشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاۋام خەلقنى يولباشلىغۇچىلار تۈزەيدۇ، يولباشلىغۇچىلار بۇزۇلسا كىم تۈزەر (5203- بېيىت) دېيىش ئارقىلىق، يولباشلىغۇچىلارغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر پۈتۈن جەمئىيەتتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ:

219 قاچانكىم جاھانغا چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئاقىللار تۈزەپ كەلدى ياخشى نىزام.

دېيىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدا يول-
باشلىغۇچىلارنىڭ رولى قانداق ئىكەنلىكىگە مۇۋاپىق باھا
بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يولباشلىغۇچىلارنىڭ بولۇ-
شىنى سۆزلەپ قالماستىن، بەلكى ئۇلار تولۇق پەزىلەت-
لىك (2081 - بېيىت)، چىرايلىق، كېلىشكەن، بويى، سا-
قىلى مۇۋاپىق (2083 - بېيىت)، كىشىلەر كۆرگەن ھامان
پەخىرلەنگەندەك بولۇشى (2084 - بېيىت) لازىملىقىنىمۇ
ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بېرى ئۆز يولباشچى-
لىرىنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە ئۆز ئە-
دەبىياتىدا شۇنداق گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلىدى. مەسىلەن:
«بۆگۈخان رىۋايىتى» دە بۆگۈخان تۆت ئاكىسىغا نى-
سبەتەن چىرايلىق، كېلىشكەن، ئەقىللىق بولغىنى ئۈچۈن
ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە خاقان قىلىپ سايلىغانلىقى تەسۋىر-
لەنگەن.

قەھرىمانلىق پائالىيەتلەر ۋە قەھرىمان شەخسلەرنى
مەدھىيىلەش، ئۇلاردىن پەخىرلىنىش — ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى پەزىلىتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە تولا-
راق ئات ئۈستىدە يۈرگەن، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلار كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا قورق-
ماسلىق، جەسۇرلۇق، چىدام - غەيرەت ۋە باتۇرلۇق رو-
ھىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا باتۇرلۇقنى ھۆرمەتلەش

رەسمىي ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئەجدادى بولغان ھونلار ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋات-
قان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشەرگەنلەرنى جەڭچى ھېسابلىغان
بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بوراندەك ئۇچقۇر ئاتنى چاپ-
تۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئوقيانى نىشانغا تەگكۈزگەنلەرنى جەڭ-
چى ھېسابلىغان. ئۇچار قۇشلار ئىچىدە ناھايىتى تېز ئۇ-
چىدىغان قاناتلىق شۇڭقار بولۇپ، ئۇنى ئۇچۇپ كېتىۋات-
قاندا ئېتىش ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش
ھونلار ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى. تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ قىزلىرى باتۇر يىگىتلەرنى ئۆزلىرىگە جۆرە قى-
لىشنى ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ، بىرەر يىگىتكە ياتلىق بو-
لۇشنىڭ شەرتى قىلغان.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئىسكەندەر زۇلقەر-
نەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانىنىڭ تۆت
مىڭ ئۇيغۇر ئوقياچى چەۋەندازنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقى-
رىپ، قەھرىمانلىقى بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى ھەي-
ران قالدۇرغانلىقىنى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالغان.

كەشمىرلىك تارىخچى مەۋلانە ئەبۇ مۇھەممەد ھە-
سەن (19- ئەسىر) «زۇبدەتىل ئەخبار» (خەۋەرلەر-
نىڭ ئەڭ ياخشىسى) دېگەن كىتابىدىمۇ ئىسكەندەر زۇل-
قەرنەين ئەسكەرلىرىنى پەم - پاراسەت ۋە جەسۇرلۇق
بىلەن يەڭگەن خان قىزىنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدىكى
رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن.

ئۇرخۇن دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىق-

لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەھرىمانلار ئۈچۈن گورلە-تىلغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ باتۇر شەخسلەرنى ناھايىتى ھۆر-مەت ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى مەشھۇر قەھرىمانى تۇڭا ئالىپ ئەرنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىگەنلىكىدىن بۇ ئۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز:

277 بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278 ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلىلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

279 ئىدى ئۇ سەرە - خىل، زېرەك، ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەلنى ساقلاش ئۈچۈن سە-گەكلىك كېرەكلىكىنى، بىپەرۋالىق قىلىش ئەلنىڭ ھۇلىنى بۇزىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ باتۇرلۇقنىڭ شەرتلىرىنى مۇن-داق يىغىنچاقلايدۇ:

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلۇنىز بىلەكلىك كېرەك.

2311 توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۆچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.

2312 ئۇ بولسۇن ھىلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.

2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسە قىيا قوزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.

2314 قارا، بولسۇن ھىممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچەسى ھوقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ نېمە ئۈچۈن باتۇر بولۇش كېرەك دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

2047 بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانىسمان.

2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەر باتۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى سەگەك، چېچەن، ھوشيار، خىللانغان بولۇشىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولۇپ ئۆتكەن بەگلىرىنىڭ بۇ ھەق-

تىكى سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ ھەم يۈرىكىنى ئالقى-
نىدا تۇتۇپ، خەلقنى دەپ ئويالماي يۈرەلىگەن كىشى —
ياخشى كىشى، دەپ توۋلايدۇ.

ئىنسانىيەت ئومۇمەن ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە قەدەم
قويغاندىن باشلاپلا ئۆزلىرىگە مۇئەييەن بىر ئىسىم قويۇش
ئارقىلىق ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كې-
لىشتى. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئادەم ئىسمىنى
قويۇش ئادىتى ئومۇمەن ئوخشىمايدۇ.

ئىسىم — مەدەنىي دۇنيادا كەم بولسا بولمايدىغان
مۇھىم ئىپادە ۋاستىسى بولۇپ، مىللەتشۇناسلىق، ئىرقشۇ-
ناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئېتنوگراپىيە، پەلسەپە، ئىستېتى-
كا قاتارلىق پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىرەر ئىسىم ئارقىلىق خېلىلا مۇھىم مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش مۇمكىن. ھەتتا بىر مىللەتنىڭ تارىختىكى
ئورنىنى، ئىرقىنى، يەنى تارىخىي جەريانىنى ئېنىقلىۋې-
لىش ياكى بەلگىلەش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردىن
بېرى ئۆز ئىسىملىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ،
جىددىي مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى. ئۆزلىرىگە مۇئەييەن
مەنىگە ئىگە، سەۋەب - مەقسەتلىك، گۈزەل، يېقىملىق،
ئورۇنلۇق، ئۇقۇشلۇق، ئىخچام، ھەيۋەتلىك ئىسىملارنى
نام قىلىپ قويۇشتى. بىز ئۇلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنى خې-
لىلا چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز.

مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»

ئە تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتقان بولۇپ، ئۇلارغا قويۇلغان ئىسىم چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. يەنى، ئۇ مۇئەللىپنىڭ ئوبرازلارنىڭ ئىسمى بىلەن جىسمىنى بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلاش ماھىرلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تاللاش ۋە قويۇشتا مۇئەييەن بىر ئىدىيىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئىش كۆرگەن. بىز تۆۋەندە بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

كۈنتوغدى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ياراتقان باش قەھرىمان ھۆكۈمدار ئىلىك بولۇپ، مۇئەللىپ ئۆز غايىسىدىكى دۆلەتنىڭ خاقانى قىياپىتىدە تەسۋىرلىگەن ۋە كۈنتوغدى دەپ ئاتىغان.

كۈن — ئىنسانلارغا يورۇقلۇق (ئىسسىقلىق)، ھاياتلىق بەخش ئاتا قىلغۇچى. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتىسى، شۇنداقلا ئىنسانلارغا نىسبەتەن ھەم ئەڭ مەنپەئەتلىكى.

ئىنسانلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە مۇقىم بىر جايدا تۇرمۇش كەچۈرمىگەنلىكتىن، زېمىندىكى تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئەمما ئاسماندىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بولسا ھەمىشە ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى دائىم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ

ئالاقىدا بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەرىكىتى ئومۇمەن ئاسمان بوشلۇقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. قەدىمكى كىشىلەر ئاسمان بوشلۇقىغا نەزەر سالغاندا ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغىنى كۈن، ئاي، يۇلتۇز، بۇلۇت قاتارلىق ئاسماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەر چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ۋە تۇزلەڭلىكلەردە قۇياش قاتارلىقلارمۇ كىشىلەرنىڭ تەرەپلەرنى پەرق ئېتىشىنىڭ ئاساسى، بىراق، قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر دۇنيانى، قۇياشنى تېخى ئىلمىي ئاساستا بىلىپ كېتىشى مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپلىگەن ھېسسىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇشى تەبىئىي ئىش ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋردە كۈن ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا ئالاھىدە قاراش ياكى چوقۇنۇش چۈشەنچىسىدە بولغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى» دە «ھون تەڭرىقۇتى ئەتىگەندە قارارگاھىدىن چىقىپ، كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا چوقۇنىدۇ. كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ» دېيىلگەن. شۇنداقلا ھون تەڭرىقۇتلىرى چەتئەل خاقانلىرىغا يازغان خەتلىرىدە ئۆزىنىڭ «كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى» تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتەتتى. «جۇ سۇلالىسى تارىخى، تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈرك خاقانى ئۆتكەن تېغىدا تۇرىدۇ. شەرقتىن چىققان قۇياشقا چوقۇنۇش ئۈچۈن بارگاھىنىڭ ئىشىكىنى شەرققە قارىتىپ ئاچىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قەدىمكى تارىملىقلارمۇ قۇياشقا چوقۇناتتى. كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ قەبرىسىنىڭ كۇنگە سىمۋول قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى.

«هون» دېگەن سۆزلى بەزى ئالىملار قەدىمكى تۈركچە «كۈن» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قاراشماقتا. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان هونلارنىڭ ئۆزلىرىنى ناهايىتى ئالىي هېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە «كۈن» نامى بىلەن ئاتاشقانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە كۆك (ئاسمان) بىر گەۋدىلىك ئۇقۇم هېسابلىناتتى. چۈنكى، ئاسمان جىسىملىرى ئاسمان بوشلۇقىغا جايلاشقان ياكى بوشلۇقتا هەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارچە كۈن، ئاي، كۆك (ئاسمان) ئوخشاشلا «تەڭرى» دۇر.

بىز بۇ مەسىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داڭلىق ئېپوسى «ئوغۇز نامە» دىن يەنىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز.

«ئوغۇز نامە» ئېپوسىنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخاننىڭ ئەل - جامائەتنى يىغىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە 40 قۇلاچلىق ئىككى خادا يېكتىپ، شەرق تەرەپتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ بېكىتشى بىر تەرەپتىن شامانىزمنىڭ تەسىرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسمان جىسىملى

رىغا — «كۈن»، «ئاي» غا چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ
بىر ئىپادىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى كۈن قىزىل بو-
لۇپ، شەرقتىن چىقىدۇ. ئالتۇن توخۇ بۇنىڭ سىمۋولىدۇر.
ئاي كۆكۈش كۈمۈش رەڭلىك بولىدۇ، ئۇنىڭغا كۈمۈش
توخۇ سىمۋول قىلىنغان. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (7537)
3- قۇردىكى «ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى، ئارقامدا ئاي
چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا (ئۆزلىرىنىڭ) كۈچلىرىنى بې-
رۇر» دېگەن جۈملىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەز-
رىدە كۈن ۋە ئايغا قايسى تەرەپتىن قاراش چۈشەن-
چىسىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

ئاسمان پاكى قۇياشنى مەركەز قىلغان تەبىئەتكە
چوقۇنۇش قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى سەزگۈر-
لۈك بىلەن تونۇش ئىدىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن
ئىدى. شۇڭا كىشىلىك دۇنياسىدا ھەر خىل ئۇرۇق ۋە قە-
بىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، سىياسىي ۋە ھەربىي جە-
ھەتتىن، شۇنداقلا دىنىي جەھەتتىن يۇقىرى نوپۇزغا
ئىگە قەبىلىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ باشلىقى، ئاقساقىلى ۋە
ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن خا-
قانلارغا مۇناسىپ ئاسمان تەڭرىسى دېپ چۈشىنىلىشى
تەبىئىي ئىدى.

قەدىمكى ئىنسانلار مانا شۇنداق چۈشەنچىنىڭ يار-
دىمى بىلەن زېمىندىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئورۇندى-
كى كىشى ياكى خاقان بىلەن ئاسماندىكى ئەڭ كاتتا جى-
سىم «كۈن»نى تەڭ ئورۇنغا قويغان، بۇ ئارقىلىق خاقانلار
ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان.

مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ياراتقان ئوبرازلىرىنىڭ بىرى ھۆكۈمدار ئېلىگكە — كۈن (تۇغدى)، ۋەزىرگە ئاي (تولدى) دەپ ئىسىم قويۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېلىگكە نېمە ئۈچۈن «كۈن» (تۇغدى) دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتىدىن ئېنىق چۈشىنىمىز:

824 ئېلىگ دىدى: ئالىم بۇ قىلىقىم كۆرۈپ،
قويدى بۇ ئىسمىنى كۈنگە ئوخشىتىپ.

82 قارا، كۈن ئۆزۈۋالماس — ھەمىشە پۈتۈن،
يورۇقى بىردەكلا ۋە پارلاق تولۇن.

826 مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى، كەم بولمىدى.

827 ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئۇمۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.

828 مېنىڭمۇ ھۆكمۈم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىقىم سۆزۈم.

829 ئۈچىنچى، ئىسسىدۇ يەر، تۇغقاندا كۈن،
چېچەك ئاچىلۇر ئاندا تۈمەنمىڭ تۈسۈن.

830 قايۇ ئەلگە كىرسە، مېنىڭ قانۇنۇم،
ئۇ ئەل تۈزىلەر بولسا تاش يا قۇرۇم①.

831 تۇغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئۇمۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.

832 مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىگە تېگەر تەڭ ئۇلۇش.

●

دېمەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۈن تۇغدى ئېلىگ
نى خاقان ئورنىدا تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئادىل، مېھرىبان-
لىقنىڭ سىمۋولى قىلغان؛ خاقانلارنىڭ توغرا، مۇقىم ۋە
نۇرلۇق يول تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى كۈنگە ئوخ-
شاتقان ۋە «كۈنتۇغدى» دەپ ئاتىغان. قۇياش بول-
مىسا ھاياتلىق بولمايدىغانلىقىنى ۋە يورۇق ئالەمنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ھالبۇكى
يۇرت - جامائەتنىڭ بىر يولباشلىغۇچىسى بولۇشى كې-
رەك. ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ بىر بېشى بولمىسا بول-
مىغىنىدەك، شۇ چاغدىكى قاراخانىلار جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ-
زۇلۇشىدىن تۈزۈلۈشىگىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىغا كۈن-
تۇغدىغا ئوخشاش بىر باشلىق ھۆكۈمدار بولۇشىنى توغرا
تاپقان. كىشىلەرنى ئەنئەنىۋى قاراش ئارقىلىق قايىل قى-
لىش يولى بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ مەيلىنى تارت-
ماقچى بولغان. بۇ جەھەتتىكى مۇنازىرە ۋە ئوبرازلارنى

---

① قۇرۇم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قورام تاش.

ئەسەر سەھىپىسىدە كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىرنى، «ئاي» (تولدى) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىشىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان ھونلار ئۇرۇش قىلغاندا «دائىم ئاي تولۇنلىغاندا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاي كىچىكلىگەندە ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن»①.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە «ئاي» ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدە كۈندىن قالسىلا 2- چوڭ جىسىم دەپ قارىلاتتى.

كۈن كۈندۈزنى يورۇتسا، ئاي تۈننى يورۇتىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئىنسانلارغا يورۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى شەيئى، قەدىمكى ئىنسانلار ئاينىڭ كۈندىن يورۇقلۇق ئالىدىغانلىقىنى ۋە كۈننى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن، ئاي كۈنگە نىسبەتەن كىچىك، ئىككىنچىدىن، ئاي دائىم بىر خىل تۇرماي، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، چوڭلۇقتىن كىچىكلەپ يوقىلىپ، بەزىدە شەرقتە، بەزىدە غەربتە كۆرۈنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قەدىمكى ئىنسانلار ئۇنىڭغا چوقۇنغاندا پەقەت يورۇقلۇق بەرگەنلىكى، شۇنداقلا چىرايلىق ئىكەنلىكىگە قىزىقىش ھېسسىياتىدا بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى كۈندىن كېيىنكى ئىككىنچى تەڭرى دەپ قارىدى. ۋەزىر خاقانلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، ھىمايە قىلىدۇ. ھۆكۈمدار-

---

① بەتكە: «خەنىنامە» ھونلار تەزكىرىسى.

نىڭ ھۆكۈم يارلىقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەزىر ئايتولدىنى بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى قىلغان. بەخت — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدە ئايغا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز نەرسە ھېسابلىناتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى قىلىپ ئۆگدۈلمىش ناملىق پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى يۇقىرىدىكى ئىككى پېرسوناژنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ئىسمىنىڭ جىسمىغا ماسلاشتۇرۇلۇشىدۇر. شۇنداقلا، ئەنئەنىۋى قاراش ئاساسىدا قويۇلغان ئىسمىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆگ» ئەقىل - پاراسەت مەنىلىرىدە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى (ھەم باشقا كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن ئۆز ئىسملىرى ئالدىدا، ياكى ئۆزىنىڭ خاس ئىسمىنى بىلىملىك، دانا، ئەقىللىق دەپ ئاتىشى ئۆزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە. مەسىلەن: ھون تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر) ئۆزىنى دەسلەپ «تۇغ» دەپ ئاتىغان، «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى ئىزاھلاردىن قارىغاندا، «تۇغ» سۆزى شۇ دەۋرلەردە «بىلگە، دانا» مەنىسىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇچە تارىخىي كىتابلارغا ھونلار ئەمەلدارلىرىنى «ئوڭ تۇغ خان» (右贤王)نى «ئوڭ بىلگە خان»؛ «سول تۇغ خان» (左贤王)نى «سول بىلگە خان» دەپ تەرجىمە قىلىپ قوللانغان.

ئورخۇن دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا تۈرك ۋە ئۇي-

غۇر خاقانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ «بىلگە» — بىلىملىك، دانا دېگەن سۆز ئىكەنلىكى ياكى خاقان، قاتۇنلارنىڭ ۋە ۋەزىرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا «بىلگە» دېگەن سۈپەت سۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: بىلگە قاغان، بىلگە قاتۇن، بىلگە تونيۇقۇق، كۆلە بىلگە قاغان دېگەندەك.

سوۋېت تىلشۇناسى باسكاكوپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قاغان ۋە خانلىرى «دانا، ئەڭ دانا، كۈچلۈك» دەپ ئاتاش ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، «ئوغۇز قاغان» دېگەن ئاتالغۇنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى ۋە بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق «ئوغۇز» دېگەن سۆزنىڭ «دانا»، «بىلىملىك» دېگەن مەنىدىكى تۈپ سۆز «ئۆگ» كە مەلۇم مەنىگە ئىگە «ئۆز» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى①. ئۇنىڭ قارىشىچە «ئۆگۈز» كېيىنكى «ئوغۇز» غا ئۆزگەرگەن بولۇپ، مەنىسى «بىلىملىك، دانا» ئىكەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق خاقانلارنىڭ بىرى بولغان «بۆگۈخان» نىڭ ئىسمىدىكى «بۆگۈ» دېگەن سۆزمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بىلىملىك، دانا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلاتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە يارىتىلغان «ئۆگدۈلمىش» ئوبرازى ھەقىقەتەن بىلىم، دانالىقتا كامالەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ ئوبرازىدۇر، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھا-

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983-يىل، ئىچكى 3-سان).

چىپىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى، ئارزۇ - ھايەسى ئۆگدۇلمىش ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولغان. بۇ خىل ئەكس ئېتىشنىڭ مەزمۇنى ئەلۋەتتە ھەر خىل ئىدى. بەزىلىرىدە تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلەر ئەكس ئەتسە، بەزىلىرىدە تەبىئەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىزلىنىشلەر، يەنە بەزىلىرىدە تەبىئەتكە سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئەكس ئەتكەن. ھەتتا يەنە بەزىلىرىدە تەبىئەتتىن ۋەھىمە يەپ، قورقۇش ھېسسىياتى ئەكس ئەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە، تەبىئەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببەت، سېغىنىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدا تەبىئەتنى تەسۋىرلەش ئالاھىدە ئورۇن ئالىدۇ. بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈش مۇمكىن:

تېكىستى: ئەتىل سۇۋى ئاقا تۇرۇر،
قايا تۈپى قاقا تۇرۇر،
بالىق تەلىم باقا تۇرۇر،
كۆلۈك تاقى كۈشەرۈر①.

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 155- بەت.

يەشمىسى: ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇلۇپ تۇرىدۇ،
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرىدۇ،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرىدۇ.

تېكىستى: تۇرلۇك چەچەك يازىلدى،
بارچىن بازىم كەرىلدى
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يەنە كەلگۈسىز ①.

يەشمىسى: تۈرلۈك چېچەك يېزىلدى،
گويا كىمخاپ سېلىنچا سېلىندى،
جەننەت يېرى كۆرۈلدى،
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى «ھون قوشىقى» دىمۇ تەبىئەت تەسۋىرى بىرلەشتۈرۈلگەن:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى تاغدىن،
ئۈۋماس بوپقالدى چارۋا مالىمىز،
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغدىن،
مۆگلىنىپ سارغايدى قىز - ئايالىمىز.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 161 - بەت.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى داڭلىق ئەدەبىي يادىكارلىقى بولغان «تىلى قوشىقى» دا تەبىئەت ھەققىي ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەتنى تەسۋىرلىگەن شېئىرلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ يارقىن ئىپادىسى:

چۇغاينىڭ تاغلىرى ئاستىدا ئاقار،
تىلىلەر دەرياسى ئويناپ - دولقۇنلاپ.
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارىگاھسمان،
تۇرىدۇ جىمكى دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆك، غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
داللار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۇپ قالىدۇ سانسىز چارۋا - مال،
شامالار يەلپۈسە، ئوتلار ئەگسە باش.

بۇ قوشاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان گۈزەل ۋە باياشات يايلاق (تەبىئەت) مەنزىرىسى رېئالىستىك ئاساستا جانلىق ۋە كونكرېت سۈرەتلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شېئىرىي تىل ئارقىلىق تەبىئەتنى تەسۋىرلەشتە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدا تەبىئەت تەسۋىرىگە مەخسۇس باب ئاجراتقاندىن باشقا، ئەسىرىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدا يەنە تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن:

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئېپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

69 دالا، تاغ، قىر، ئويمان تۈشەندى يېپىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەبىئەتنى تەسۋىرلىگەندە نوقۇل تەسۋىرلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت رېئاللىقى بىلەن جەمئىيەتنى چەمبەرچەس باغلىغان ھالدا تەسۋىرلەيدۇ. تەبىئەتنى شۇنداق ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكى «تەبىئەت (پېزاژ)نى ئىنسان پسىخولوگىيىسىگە ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەدەبىياتتىكى مۇنداق تەسۋىرلەش ئۇسۇلى جاھان ئەدەبىيات تارىخىدا 16 — 17- ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا 11- ئەسىردىلا مەيدانغا كەلگەن»①.

3948 يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،
جاھاننىڭ تۈسى، بولدى زەڭگى يۈزى.

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزلىنىشلەر»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» ١٩٨٤- يىل ٣- سان (مۇشۇ كىتاب ٢٥٩- بەت — تەھرىر).

ھاۋا ئالدى پۈتكۈل قارا قۇش ئۆڭى، 3949
جاھانغا تولدى ھەم قارا قۇش يۈڭى.

ئۆشەك راسلاپ ئۇ ياتتى ئويلاپ ئۇزۇن، 3950
كۆرۈشكەچ قاياشقا نېمىلەر دېسۈن...

يۇمۇپ كۆز بىر ئازلا، ئويغاندى يانا، 3951
كۆيۈپ ئۆچكەن كۆمۈردەك قارا تۈن مانا.

قېچىپ ئۇيقۇ، قوپتى ئۇ ئۆرە بولۇپ، 3952
قارا تۈن كۆتەرگەن ئېتەگىن تۇرۇپ.

قۇياش قوپتى يەردىن كۆتەرىپ بېشىن، 3953
ئوچۇق يۈز كۆلەردەك كۆرسەتتى چىشىن.

قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سېرىغ، 4959
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭىدەك ئېرىغ.

قۇياش سۇرتتى يۈزگە سېرىق زەپىران، 4960
ھاۋا رەڭ شېشىگە پۈركەندى جاھان.

مەشۇقلار قېشىدەك بولۇپ ئاسمان، 4961
ھەبەش - زەڭگى تۇسىگە كىردى جاھان.

پەلەك يىرتتى كېيگەن قارا كۆڭلەكىن، 4966
كۆتەرىپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن.

4967 كۆلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى.
يورىدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى يۈزى.

4968 قۇياش چىقتى ئۆرلەپ، كۆرسەتتى ئۆزىن.
يورۇتتى ۋادى ھەم دەريالار يۈزىن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئالغا سۈرگەن خېلى كۆپ ئىجتىمائىي كۆز قاراشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئاڭ پىكىرلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىزنىڭ بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى بىر - بىرىگە ئوتاشتۇرۇش، ساقلاپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك جاسارىتى بىزنى زور ئىلھامغا ئىگە قىلدى.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلىرىم پەقەت دەسلەپكى ئىزلىنىش بولغانلىقتىن، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئازدۇر - كۆپتۇر كۆپتۈرۈۋېتىش، چەتنەپ كېتىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سۆزۈمنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم:

205 سۆز ئېيتقان كىشىلەر ئازار، ئالدىرار،
ئەقىللىق ئىشتىسە تۈزەتىپ بارار.

# يۇسۇپ خاس ھاجىپ ـ ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا

تۇرغۇن ئالماس

9- ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخىي مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا شانلىق بىر دەۋر بولدى.

ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (870 — 1212) مىلادىنىڭ 1000- يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرلەشكەن، كۈچلۈك، باي ۋە مەدەنىي بولغان سامانىلار دۆلىتى (870 — 1000) نى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇندىن باشلاپ قاراخانىلار دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ (يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق) تەرەققىي قىلىشى، تاشقى سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭ مىقياستا غۇلاچ يېيىشى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن (بولۇپمۇ مۇسۇلمان شەرقى بىلەن) مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەب[1] بولدى.

مىلادىنىڭ 920- يىلى سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇل-

ىمان بولغاندىن باشلاپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىدە ھۆكۈمران دىن سۈپىتىدە ئورۇن ئالدى. شۇن-دىن باشلاپ قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەر ۋە بالا-ساغۇنغا مۇسۇلمان شەرقىدىن مەشھۇر ئالىملار جەلپ قى-لىندى. قەشقەر، بالاساغۇن قاتارلىق شەھەرلەردە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىندى. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا قەدىم يۇناننىڭ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان پەلسە-پىسى (پلاتون، سوكرات، ئارستوتىل ئەسەرلىرى)، تې-بابەت ئىلمى (ھىففوكرات، لوقمان)، ئىستېتىكا، ماتې-ماتىكا، ئەدەبىيات پەنلىرى ئوقۇلدى ۋە تەتقىق قىلىن-دى. قاراخانىلار پادىشاھلىرىدىن سۇتۇق بۇغرا خان (مى-لادىنىڭ 920- يىلىدىن 956- يىلىغىچە پادىشاھ بول-غان)، ھەسەن بۇغرا خان (مىلادىنىڭ 1072- يىلىدىن 1102- يىلىغىچە پادىشاھ بولغان)، مۇھەممەت ئارسلان خان (مىلادىنىڭ 1102- يىلىدىن 1132- يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) لار ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە 11- ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گۈللەپ - ياشناپ، ئوتتۇرا ئاسىيا شارائىتىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «قۇ-تادغۇ بىلىك» داستانى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتار-لىق شانلىق، ئۆلمەس ئەسەرلىرى مانا شۇ دەۋردە مەي-دانغا كەلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان مەزگىل بىرلەشكەن،

كۈچلۈك قاراخانىلار دۆلىتى ئىككىگە— شەرقىي ۋە غەر-
بىي قاراخانىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغ ئىدى. مىلادى-
نىڭ 1040- يىللىرىغا كەلگەندە، سەمەرقەندە تۇرۇپ
قاراخانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى (ئاساسەن
ماۋەرائۇننەھرنى) ئىدارە قىلىدىغان ئىلىك خانى نا-
سىرنىڭ ئوغۇللىرى مۇستەقىل بولۇشقا بەل باغلاپ، قا-
راخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بويسۇنۇشتىن باش
تارتقان ئىدى. بولۇپمۇ ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغرا خان
غەربىي ئىلىك خانى بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ
1050- يىللىرى) ئەھۋال تېخىمۇ جىددىيلەشكەن ئىدى.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىككى-
گە بۆلۈنۈپ، ئاخىرى ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچرى-
رىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، دۆلەتنى ھالاكەتتىن قۇتۇل-
دۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كېلىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستا-
نىنى يازغان ۋە ئۇنى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئورۇنبا-
سار خانى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغرا خانغا 1069-
يىلى تەقدىم قىلغان.
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا،
يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىلىم - پەننىڭ كۆپ ساھەسى
بويىچە (پەلسەپە، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن قاتارلىق-
لارنىڭ ھەممە تۈرلىرى بويىچە)، ئۆز زامانىسىغا يارىشا
خېلى مۇكەممەل، ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە دا-
نىشمەن، ئەگدىشى ئاز تېپىلىدىغان ئالىم سۈپىتىدە ناما-
يەن بولىدۇ.
بۇ ماقالامدا «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان،

سۈيى مەڭگۈ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈپ - سۈزۈك دەريانىڭ تېگىدە، ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ چاقناپ تۇرغان ھەددى - ھېسابسىز ئېسىل گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىتلارنىڭ بىردانىسى توغرىسىدا توختالماقچىمەن. ئۇ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا» دىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، دۆلەتنى ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك ئادەملەر بىلەن قانۇن (ئادالەتنى ئاساس قىلغان) ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندىن تاشقىرى، قىلىچ (ھەربىي كۈچ) ئارقىلىق باشقۇرۇشنىمۇ ئالغا سۈرىدۇ. مەسىلەن:

286 قىلىچ بىرلە كەسۈن يېغى بوينىنى،
قانۇن بىرلە تۈزسۈن ئېلى — خەلقىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېلى سىستېمىلىق ھەربىي تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنداق ھەربىي تەدبىرلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە ناھايەتى ئۈزە ھالدا بايان قىلماقچىمەن.

### 1. قوشۇننىڭ تەركىبى توغرىسىدا

قەدىمقى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دۆلەتلەر بىلەن ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بې-

رىش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى توپىلاڭنى باستۇرۇش، تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۆلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى، ئالاھىدە قوشۇن، خان جەمەتىگە مەنسۇپ قوشۇنلار بىلەن بەگلەر ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، دۆلەتكە تەۋە قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئوردىنى كۈندۈزى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلارنى «ياتقاق» (كۆزەتچى) دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بېيىتتە مۇنداق دېيىلگەن:

608 قوۋۇقچى، كۆزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن،
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

بۇندىن تاشقىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا قاراخانىلار بۇغراسىنىڭ قارارگاھىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدىغان، قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قوشۇنلارنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى، بۇيرۇقسىز چېكىنىپ كەتمەسلىكىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان «يورتۇغ» (قورۇۋداش قىسمى) دەپ ئاتىلىدىغان قىسىم تەشكىل قىلىناتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ

خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتتە مۇنداق دەيدۇ:

2586 قوماندان قورۇقداش توپى قورغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى ـ كەينىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587 كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرۈپچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588 نىچۈك بولسا سارايدا قوپۇش ـ ئولتۇرۇش،
كىرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

بۇنداق قوشۇننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قاراخانىلار بۈغ-رالىرىنى قوغداش ئىدى. بۇ ئالاھىدە قوشۇننىڭ سانى 12 مىڭ چەكچىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى مەلۇم. غەر-بىي قاراخانىلار (1040 — 1212) نىڭ بۈغراسى — مۇ-ھەممەت ئارسلانخاننىڭ ئالاھىدە قوشۇنى 12 مىڭ چەكچىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن①.

2. قوشۇننىڭ سان ـ سۈپىتى ۋە قوراللىرى توغرىسىدا

1. قوشۇننىڭ سان ـ سۈپىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، ئۇ-رۇش ئارىخىنىڭ ناھايىتى مول تەجرىبىلىرىگە ئاسا-لىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم

① رىفات كىمنچە، «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، تۈركچە [illegible] بەت

ئامىللار ئىچىدە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى، قوشۇننىڭ سۈپىتى، قوراللارنىڭ خىللىقى، قوماندانىنىڭ تالانتى قاتارلىق ئامىللار ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

2333 قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.

2336 كۆپ ئەسكەر يىغىلسا ئىچى بۇلغۇشار،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولار.

ئېھتىمال ئۇ يەنە كۆپ سانلىق قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىمۇ كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر قوشۇننىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بەرمەي، يالغۇزلا سانغا كۆڭۈل بۆلۈپ نۇرغۇن سانلىق قوشۇن ساقلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا توختالغاندا، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، باتۇرلۇقىنى، چاسارىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جەڭچى، ناھايىتى خۇشال-خۇرام، كۆتۈرەڭ-

گۈ روھ بىلەن ئۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆل-
دۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق باتۇر جەڭچى-
نىڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىدىغانلىقىنى ناھايىتى
ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2380 كىرلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ-توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى قوشۇن-
نىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى سانى ئاز بولسىمۇ خىل
(جەڭگىۋار، باتۇر، قورال-لىرى ساز) قوشۇننىڭ ھەل
قىلىدىغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

2340 كۆپىدىن ئىزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يىگىلگەن سانى كۆپ چېرىك كۆپ قىتىم.

دۇنيادا ئۆتكەن مەشھۇر ستراتېگىك ۋە تاكتى-
كىچىلار قوشۇننىڭ كۈچىنى سانى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ
مەنىۋى كۈچى (جەڭگىۋار روھى) ۋە مۇنتىزىملىقى بى-
لەن ئۆلچەرلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. دۇنيانىڭ
قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇرۇش تا-
رىخى روھى ئۈستۈن، مۇنتىزىم، باتۇر ئاز سانلىق خىل
قوشۇننىڭ روھى تۆۋەن، ئىنتىزامى بوش، كۆپ سان-
لىق قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆپ
پاكىتلارغا ئىگە.

ئۇلۇغ سالچۇقىلار ئىمپېرىيىسىگە چاغرى بەگنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان ( سالچۇقى بەگنىڭ نەۋرىسى ) ئىمپېراتور بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ( 1063 — 1072 ) سالچۇقىلار بىلەن رۇم ئىمپېرىيىسى (1394 — 1451) ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالغان «مالازگىرد» ئۇرۇشى يۈز بەرگەن. مىلادىنىڭ 1071-يىلى ئۆزىنى تەڭدىشى يوق ھەربىي سەركەردە دەپ ئاتىغان رۇم ئىمپېراتورى رومان دىئوگىنىس سالچۇقىلار ئىمپېرىيىسى ( مىلادىنىڭ 1037- يىلىدىن 1157- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى يوقىتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىپ ئېلىشقا بەل باغلىغان بولۇپ، ناھايىتى كۆرەڭ، مەغرۇر ھالدا 1071 - يىلى 13- مارتتا 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي رۇم ( تارىختا ۋىزانتىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) قوشۇنلىرىنى باشلاپ كونىستانتىنپولدىن ( ھازىرقى ئىستانبۇلدىن ) شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، 6-ئاۋغۇستتا ھازىرقى ئەرمىنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد قورغانىنىڭ يېنىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن. رۇم قوشۇنلىرىنىڭ يۈكلىرى 3 مىڭ ھارۋا، بىر نەچچە تۈمەن تۆگە ئاتلارغا يۈكلەنگەن. رۇم قوشۇنلىرىدا 1 مىڭ 200 كىشى باشقۇرىدىغان ئاجايىپ قورال — شەھەر سېپىللىرىگە چىقىشقا ئىشلىتىلىدىغان مەنجانىقمۇ بار ئىدى.

سالچۇقى ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلان رومان دىئوگىنىسنىڭ شۇنداق چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ 50 مىڭ ئاتلىق، پىيادە

قوشۇنىنى ئېلىپ مالازگىرد دالىسىغا يېتىپ كېلىپ، رۇم قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا سەپ تارتقان.

ئۇرۇش بولىدىغان كۈنى (بۇ جۈمە كۈنى ئىكەن) نەچچە يۈزلىگەن خرىستىيان پوپلىرى كرىستىنى كۆتۈ-رۈشۈپ، ئاۋازلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆكۈرۈشۈپ، رۇم قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ بولۇشىنى ئە-سادىن تىلەپ، ئىنجىلدىن مۇقەددەس ئايەتلەرنى ئوقۇش-قان.

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئالىپ ئارسلان ئات ئۈستىدە ناھايىتى خاتىرجەم، سۇرلۇك قىياپەتتە تۇرۇپ، بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆز-دىن كەچۈرگەندىن كېيىن سالچۇقى قوشۇنلىرىنى رۇم قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇرغان. ئىككى تەرەپ-تىن بىر-بىرىگە قارشى كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ قوشۇن خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ بىر-بىرسىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغان. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالىپ ئارسلان باشچىلىقىدىكى سالچۇقى قوشۇنلىرى رۇملىقلار ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قازانغان، ئالىپ ئارسلان ياردار بولغان رومان دىككىنىسنى تى-رىك تۇتۇۋالغان. ئامان قالغان رۇم قوشۇنلىرى قورال تاشلاپ سالچۇقىلارغا تەسلىم بولغان.

تارىختا «مالازگىرد» قورغانىنىڭ نامى بىلەن «مالازگىرد ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان شۇ ئۇرۇشتا ئالىپ ئارسلانىنىڭ شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى ئۈستىدىن قازانغان ئالەمشۇمۇل شانلىق غەلىبىسىنىڭ خەۋەرلىرى

شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان، بولۇپمۇ خرىستىئان دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قىلىپ كەچ كۆزدە سارغىيىپ تۆكۆلگەن دەرەخ يوپۇرمىقىدەك تىترىگەن.

## 2. قوشۇننىڭ قورالى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، قوشۇننى ناھايىتى خىل قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۇنى تۆۋەندىكى بېيىتىدە بايان قىلىدۇ:

كېرەكمەس كۆپ چېرىك، خىل چېرىك كېرەك، 2332
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىشلىتىدىغان قوراللار: ئوقيا، پالتا، خەنجەر، قىلىچ، ئومۇت، ساۋۇت، قالقان، دوبۇلغا (باش كىيىم) دىن ئىبارەت بولغان. بۇ قوراللارنىڭ ئىچىدىن ئوقيا، قىلىچ، پالتا، نەيزە، خەنجەر، ئومۇت (چوماق) ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىدىن ئىبارەت ئىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە، قوشۇننىڭ قوراللىرىنى ناھايىتى سۈپەتلىك قىلىپ ياسايتتى. قىلىچ، پالتا، خەنجەر قاتارلىق قوراللار سۈپەتلىك يۇقىرى پولاتتىن ياسىلاتتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئومۇت قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قورالى ئىكەن.

ئۇمۇت (چوماق) ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قاراخانىلار بۇغرالىرىنىڭ شان - شەۋكىتىنى، سەلتەنىتىنى دوست - دۈشمەن ئالدىدا نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئال-تۇن - كۈمۈشتىن ياسىلاتتى. يەنە بىر خىلى بولسا، ئۇرۇش-تا قوللىنىدىغان ئەمچەكلىك چۈيۈن ئۇمۇت (چوماق) تىن ئىبارەت بولغان.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى خىزىرخان (1080 — 1081) قوشۇنلىرى ئالدىدا ئالتۇن ۋە كۈ-مۈشتىن قۇيۇلغان يەتتە يۈز ئۇمۇتلۇق (چوماقلىق) ئات-لىق قىسمىنى ماڭدۇرار ئىكەن①.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى ناسىر تاۋغاچ بۇغراخان (شەمسۇل مەلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇلۇغ سال-چۇقىلارنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھقا (مىلادىنىڭ 1072 - يىلىدىن 1092 - يىلغىچە ئىمپېراتور بولغان) ئەلچى ئارقىلىق يازغان مەكتۇبى بىلەن قوشۇپ 50 پات-مان ئېغىرلىقتىكى بىر ئۇمۇت، 10 پاتمان ئېغىرلىق-تىكى بىر قىلىچنى ئەۋەتىپ مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، ئوينايمىز، بۇ ئۇمۇت تەگكەن ھەرقانداق ساۋۇت پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. بىز مانا شۇ ئۇمۇت بىلەن سوقۇشىمىز». مەلىك شاھ (سالچۇقى بەگنىڭ چەۋرىسى) ناسىر تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ تەھدىت سېلىپ يازغان مەكتۇبىدىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇ-غاندىن كېيىن، دەرھال ئاتقا مىنىپ، ئۇمۇتنى باش ئۈستىدە يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى يىگىرمە قەدەم

① رىشات گېنىچ، «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، تۈركچە، 33-بەت.

يىراقلىقتا تاشلىنىۋەتكەن. قىلىچىنى بىر ئۇرۇپلا تۆگىنىڭ بوينىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن. ئۇ، يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناسىر تاۋغاچ بۇغراخان (مىلادىنىڭ 1068- يىلىدىن 1080- يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) نىڭ ئەلچىلىرى ئالدىغا ئوقيانى تاشلاپ: «بىزگە ئۇرۇشتا قامچا بىلەن يا كۆپايە قىلمىدۇ» دېگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ئومۇمەن قاراخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش قورالى ئىكەنلىكى مەلۇم.

## 3. ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، بىر قاتار تەشكىلىي ئىشلا ۋە ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي تەدبىرلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

1. ھەربىي كېڭەش چاقىرىش

2272 ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىن، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئەتراپلىق چوڭقۇر ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىش، ئەگەر ھەربىي

كېڭەشتە ئۇرۇش قىلىش قوبۇل قىلىنسا، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قوشۇنلارنىڭ سانى، ئۇرۇشنى باشلاشنىڭ ۋاقتى، كىمنىڭ باش قوماندان بولۇشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم ئىدى.

ھەربىي كېڭەشكە قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى، شاھزادىلار، مەشھۇر بەگلەر، چوڭ قەبىلە (قارلۇق، چىگىل، ئوغراق، توخسى قاتارلىق قەبىلە) لەرنىڭ خانلىرى قاتنىشاتتى.

كۆپ چاغلاردا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

2. ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىش

ئۇرۇشتا قاراخانىلارنىڭ بۇغراسىنى قوغداش ۋە قوشۇنلارنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىناتتى. بۇنداق قوشۇن «يورتۇغ» (قورۇغداش) دەپ ئاتىلاتتى. قاراخانىلارنىڭ بۇغرالىرى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا ماڭغاندا، قوشۇننىڭ ئالدىدا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن بۇغراخاننى ئېلىپ ماڭاتتى.

ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن قاراخانىلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى — ئوتتۇرىسىغا بىر تەرىپىدە ئالتە، بىر تەرىپىدە ئۈچ شېخى بار ئالتۇن رەڭلىك ئارچا چۈشۈرۈلگەن توق قىزىل شايى بايراقنى، بۇندىن باشقا بايراقلار، تۇغلار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن قۇيۇلغان تومۇتلار (چوماقلار) نى كۆتۈرۈشۈپ، تولۇق قوراللانغان پېتى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھالدا مېڭىشاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قو-
شۇننىڭ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىم ۋە ئىبغىر-
لىقىنى ئۆكتىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2344 قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇئتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۈرمىسۇن ھېچكىم.

2374 ئىشەنچلىك كىشىنى قوي ئالدىن، كېيىن،
بېكىت ئوڭ - سولۇڭغا يەنە باشقىدىن.

2586 قوماندان قورۇغداش توپى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى - كەينىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587 كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرۈچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588 ئىچۇك بولسا سارايدا قوپۇش - ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

3. دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىر-
نى چىڭ ساقلاش

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەرقانداق ئۇرۇشتا دۈش-
مەننىڭ ئەھۋالىنى پۇختا، راست ئىگىلىگەندىن تاشقى-
رى، ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم
ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش

بۇياقتا تۇرسۇن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كېتىشـ
تىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. قا-
راخانىلار ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن تۇرلۇك يوللار (دۇشـ
مەن ئىچىگە ئەۋەتكەن چارلىغۇچى ۋە دۇشمەن ئىچىدىن
تۇتۇلغانلار) ئارقىلىق دۇشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار
بولغاندىن تاشقىرى، ئۇرۇشقا كىرىشىدىغان ئالدىنقى كۇنـ
لەردە دۇشـمەن ئەھۋالـىنى ئېنىق ئىگىلەش ئۇچۇن
«تۇتـغاق» ۋە «يەزەك» دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلىق
چارلىغۇچى، خەۋەرچى قىسىملار تەشكىل قىلاتتى.

بۇنداق قىسىم ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن دۇشمەنـ
نىڭ ئالدىنقى چارلىغۇچى قىسىملىرىنى ئىزلەپ تېپىپ،
ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ قاچىسا شىددەت بىلەن قوغلاپ
«تىل» ① تۇتۇپ كېلەتتى. «تىل» ئارقىلىق دۇشـمەن
ئەھۋالى ئىگىلىنەتتى. «تىل» تۇتۇپ كېلىدىغانلار «تۇتـ
غاق» دەپ ئاتالسا، دۇشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۇـ
زۇپ تۇرىدىغانلار «يەزەك» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتـ
لەردە مەلۇمات بېرىدۇ:

2342 كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق - كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

---

① تىل — ئەسىر، خەۋەر مەنبەسى.

2343 چارلاۋچى ئۇچراشسا ئۇتغاققا يېتىپ،
ھۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ.

2351 ئەگەر ئاۋۋال ئېرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ سىر ساقلاش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

2350 قوشۇننى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

4. ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش

ئەزەلدىن تارتىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەزىپىسى ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇرۇشىدىغان جاي مۇداپىئەلىنىشكە، چېكىنىشكە ئەپلىك، ئوت-چۆپ، سۇيى مول بولۇشى شەرت.

ئۇرۇشىدىغان جاي تاللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇۋاپىق بىر يېرىگە قارارگاھ (قوماندانلىق شتابى) جايلاشتۇرۇلۇشى، قارارگاھقا يېقىنراق بولغان ئېگىز بىر جايغا مۇنار ياسىلىشى لازىم ئىدى. ئەگەر كېچىسى دۈشمەن تەرىپىدىن بىرەر خەۋپ سېزىلىپ قالسا دەرھال

مۇنار ئۈستىگە مەشئەل يېقىلىپ پۈتۈن قوشۇن ئاياغ ئۆرە تۇرغۇزۇلاتتى.

بۇندىن باشقا كېچىسى پارول قوللىنىلاتتى. ئەگەر كېچىسى قوشۇن چۈشۈرۈلگەن ۋە قارارگاھ ئورۇنلاشقان جايلارنىڭ ئەتراپىدا ئىككى كىشى ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلاردىن بىرى پارولنى بىلمىسە، شۇ ئۆلتۈرۈلەتتى.

5. كېچىدە قىلىنىدىغان ھۇجۇم

ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە، دۈشمەنگە كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. كېچىسى قىلىنىدىغان ھۇجۇم ئىشەنچلىك، باتۇرلۇق بىلەن قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنى، دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرى سۈپىتىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2361 تىرىش، غەپلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم.
كېچىدە كۆپ - ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

6. كۈندۈزى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلار

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەن قوماندان ئەڭ ئاۋۋال قوشۇندىكى جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ھۇجۇمغا ماڭىدىغان قىسىملارنىڭ ئالدىغا ياشانغان، تەجرىبىلىك جەڭچىلەرنى قويۇش، بىر قىسىم قوشۇننى مۆكتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن

كېيىن، ئۇرۇشقا ئۆزى باش بولۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ جەڭچىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2365 ئىشىڭنى ئۆزارتماي قوشۇن تۈز، سوقۇش،
ئاتاپ ماختا ئەرنى، تارات مال، كۈمۈش.

2371 يېشى چوڭ، جەسۇرلەر كۆرەشچىنىنى،
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

2372 ساقال - چاچ ئاقارغان كۆرەشچى بولۇر،
كۆرەشچى بولۇر ھەم كۆپ ئىشنى بىلۇر.

2373 كىچىك، ياش يىگىتلەر بولۇر بەكمۇ تېز،
ئەگەر ئۆرسە يۈز، ئۆچەر ئوتى تېز.

2370 چېرىكتىن بىر قىسمىنى قوي مۆكتۈرۈپ،
ياياق ئوقچىنى سال سەن ئالدىن يۈرۈپ.

2376 ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377 كېرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقادىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتلاپ.

چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ، 2378
يوقات ياۋ ياكى يات ئۇرۇشتا ئۆلۈپ.

### 7. ئىشەنچسىز سوقۇشتىن ساقلىنىش

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشەنچسىز ئۇرۇشتىن ساقلـ
ىنىپ، دۈشمەن بىلەن ئىچىمىزدا بولسىمۇ ۋاقىتلىق يارىشىپ، پەيتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭدەك ھەر قانـ
داق ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىسى، تاكتىكىسىدىكى مۇھىم بىر ئىش — ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان قوماندان ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى بولمىسا، ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنـ
قەرز بولۇشى ئۇرۇشتا غالىب بولۇش ياكى مەغلۇپ بوـ
لۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۇرۇشنى قىلىش - قىلماسلىققا قەتئىي دىققەت قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە كۆرىمىز:

قوشۇنى كۆپ بولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز، 2359
سوقۇش قىلما، تېزدىن كۆر تەدبىرنى ساز.

يېڭىشقا ئەگەرچە يەتمىسە كۈچۈڭ، 2362
ئەۋەت سەن ئەلچىلەر، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

تىلىڭ بىرلە ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۈزەت، 2363
سوقۇشقا ئالدىرىما، سۆزنى بەس ئەت.

3. دۈشمەننى قوغلاش

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، دۈشمەننى بەكمۇ ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىپ ئارقا سەپتىن يىراقلىشىپ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. بولۇپمۇ يالغاندىن چېكىنىپ ئۇزاققا چۈشۈرىدىغان دۈشمەننىڭ ھىلىسىگە ئالدىنىپ قوغلىغاندا، ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇش مۇمكىن.

بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

2390 يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۈشمەن، قاچالمايسەن، بىل.

2395 يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچا يەر تويغىچە.

4. قوماندان توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بەرگەن.

1. قوماندانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىش بەكمۇ ئۇلۇغ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىنىڭ لا-

يىقلىقىنى كۆرسەتكەن. قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇ-
سۇسىيەتلەرنى قىسقىچە تەرىپلىگەندە مۇنداق دەيدۇ:

قوماندان راستچىل، تەجرىبىلىك، شەخسىيەتتىن خا-
لى، ئاددىي - ساددا، يۈرەكلىك، باتۇر، ھىلىگەر، تەدبىر-
لىك، كەمتەر، مۇلايىم، ئەقىللىق، ھۇشيارلىققا ئوخشاش
خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى شەرت.

2. قوماندانىنىڭ ۋەزىپىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىش-
لىك ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىدۇ. ئۇنىڭچە قوما-
دانىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇشتا قوشۇنغا يېتەك-
چىلىك قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىشتىن تاشقىرى، يارىدار
بولغانلارنى داۋالىتىش، ئەسىر چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قۇ-
تۇلدۇرۇپ ئېلىش، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى-
نى رازى قىلىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ①.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا
ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەرنى قەدىمكى زاماندىكى
ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىگە، قاراخانىلارنىڭ مەۋ-
جۇت ھەربىي تۈزۈمىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ يىراقنى
كۆرىدىغان تەپەككۇرى ئارقىلىق ستراتېگىيە ۋە تاكتى-
كىنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىنى تېخىمۇ جانلىق بايان
قىلغان.

① «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984- يىل 5- ئاي ئۇيغۇرچە
نەشرى. 2398-، 2399-، 2402-، 2043- بېيتلەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەر ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە يېتىشكەن ھەربىي ئالىم ئىكەنلىكىنىمۇ شۇبھىسىز ئىسپاتلايدۇ.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلغاندا، ئەدەبىي مىراسلارنى قانداق تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدىكى ماركسىزم پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم.

ھازىرقى پەيتتە «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئاتاقلىق، دانىشمەن پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن پەخىرلەنگەندىن تاشقىرى، ھازىرقى پەيتتە ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىمكانىيەت، تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىلغان دەۋر بىلەنمۇ پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

本书介绍十一世纪著名维吾尔族思想家，学者和诗人尤素甫．哈斯．阿吉甫的生平及其文学名著《福乐智慧》一书的科学意义。本书中选编了新疆大学组织宣读的部分论文和其他有关文章。

**تارىخي مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك»**

**ھەققىدە بايان (1)**

(ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: زارىپ دۆلەت

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبا شاكىر

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32. باسما تاۋىقى: 12، قىستۇرما ۋارىقى: 3

1986- يىل 1- ئاي 1- نەشرى

1986- يىل 6- ئاي 1- بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 3450

---

كىتاب نومۇرى: 11264—6 باھاسى: 1.15 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت ئابدۇخالىق

نومۇرى: M 11264—6

باھاسى: 1.15 يۈەن